# شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋە دىنغا دائىر بىلىملەردىن سوئال - جاۋابلار

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم
تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزدى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋە دىنغا دائىر بىلىملەردىن سوئال - جاۋابلار

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ISBN 7-5631-1561-7

ISBN 7 - 5631 - 1561 - 7
G · 934 (维文) 定价: 12.00 元

# شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋە دىنغا دائىر بىلىملەردىن سوئال - جاۋابلار

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم
تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزدى

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: توختى روزى

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن ئابدۇللا
ئادىلجان ئابدۇللا

مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: شىڭ شياۋمېي

# شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋە دىنغا دائىر بىلىملەردىن سوئال - جاۋابلار

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم
تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزدى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىسى ئارقىلىق تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 9.875
2002 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىل 7 - ئاي 3 - بېسىلىشى
تىراژى: 000 65 — 001 45

ISBN 7 — 5631 — 1561 — 7/G • 934
باھاسى: 12.00 يۈەن

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.



# پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

**ۋۇدۇنفۇ**

بۇ يىل شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلغانلىقىغا 20 يىل بولدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ماركسىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشى ئارقىلىق ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى، شىنجاڭ بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتەك ياخشى كەيپىيات شەكىللەندى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى

ئۇزلۇكسىز تۇردە يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى ۋە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى مىسلىسىز كۈچەيتىلدى.

شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىپ راۋاجلىنىشى، بىر تەرەپتىن، پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەمەلىيىتىنىڭ ئەڭ نەتىجىلىك بولغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرىنى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئاڭلىق ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا تىرىشىپ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، ئىدىيىۋى تونۇشنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئاساسىدا خىزمەتلەردە يېڭى ۋەزىيەت يارىتالىغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە كەلگۈسى تارىخىي ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى، شىنجاڭدىن ئىبارەت كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كۆپ خىل دىن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ رايوندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشمىسا، دىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشمىسا پائال يېتەكلەنمىسە، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ، بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان تارىخىي پاكىت. شىنجاڭنىڭ تارىخىنى ھەرقايسى مىللەتلەر بىرلىكتە ياراتقان. ئۇزۇنغا سوزۇلغان تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىناق بولۇپ ئورتاق گۈللىنىش، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇشتەك مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى ناھايىتى روشەن، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئارقىغا ياندۇرغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىم؛ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات — ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياقىلايدىغان





ئاساسىي مېلودىيە. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى تارىخىي ئەقىل ـ پاراسەتلەرنىڭ مۇجەسسەملىنىشى ۋە جەۋھىرى سۈپىتىدە، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىندى ھەمدە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىشتىكى تونۇشنىڭ ئاساسى قىلىندى. مەيلى ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللەردىكى زور ۋەقەلەر ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەريانىدا بولسۇن، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىشىنىش، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلىش، بىر ـ بىرىدىن ئۆگىنىش، بىر ـ بىرىنى قوللاش، بىر ـ بىرىنى ئەپۇ قىلىش خىسلىتى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئورتاق رىئايە قىلىدىغان ھەرىكەت مىزانىغا ئايلاندى ھەمدە ۋاڭ ۋېي، دىڭ دېفۇ، گېمىڭقان مۇراتقان، سىرجان، ۋۇ دېڭيۇن قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى مەيدانغا كېلىپ، ئۇلۇغ دەۋرىمىزنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، پارتىيىمىز ئىزچىل تۈردە مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ئورتاق گۈللىنىشتىن ئىبارەت سىياسەت ۋە تەشەببۇسلارنى پائال تەكىتلەپ ۋە سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ كەلدى. زور بىر تۈركۈم ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى پارتىيىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى بىلەن ئۆز تالانتىنى ئىشقا سالدى؛ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئومۇميۈزلۈك ھۆرمەت قىلىندى؛ دىن سىياسەتلىرى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دىن تەدرىجىي ھالدا سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش يولىغا ماڭدى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرى، بولۇپمۇ پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى ساغلام راۋاجلاندى؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تېز تەرەققىي قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ياخشىلاندى؛ 2001 ـ يىلى پۈتۈن شىنجاڭدىكى شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 6550 يۈەن، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1718 يۈەنگە يېتىپ، 1978 ـ يىلىدىكىگە قارىغاندا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 20.5 ھەسسە ۋە 14.4 ھەسسە ئاشتى. شىنجاڭ دەسلەپكى قەدەمدە گۈللەنگەن، مەدەنىي بولغان سوتسىيالىزمنىڭ داغدام

يولىغا قەدەم تاشلىدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشى شىنجاڭنىڭ پارلاق ۋە گۈزەل كېلەچىكىنى ئېچىپ بەردى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە كۆڭۈل مايىللىقى بارغانسېرى كۈچىيىپ، دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان غايەت زور ماددىي كۈچكە ئايلاندى.

ئومۇمەن، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى — تەرەققىياتى ۋەزىيىتى ياخشى، ئەمما مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان خەلقئارا ۋەزىيەت ئالدىدا بىپەرۋالىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، بەلكى تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئاساسىي تېمىنىڭ كەينىدە يەنىلا خەلقئارا زومىگەرلىكتىن ئىبارەت يوشۇرۇن ئېقىمنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز؛ غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ قۇدرەت تېپىشىنى ئۈمىد قىلماي، باشتىن - ئاخىرغىچە تۇرلۇك ئامىللار بىلەن جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇلۇق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىنى تولۇق تونۇشىمىز لازىم. جۇڭگو WTO غا كىرگەندىن كېيىن ئۇلار جۇڭگونى «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» قا ئۇرۇنۇشلىرىنى يىغىشتۇرمايلا قالماستىن، بەلكى جەزمەن غەربنىڭ قىممەت قارىشىنى كۆپلەپ بازارغا سېلىپ ئىدىيىمىزنى قالايمىقان قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ؛ خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا جۇڭگونى مالىمان قىلىدىغان بۇسۇش ئېغىزى تېپىش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم. «ئەلەم» ۋاستىسىنى ئىشلىتىش كۆپ قېتىم مەغلۇپ بولغان، بولۇپمۇ «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، تېررورچىلىق ھەممىنىڭ لەنىتىگە قالغان ئەھۋالدا، شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتلىرىدە سىڭىپ كىرىش، پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى تېخىمۇ كەۋدىلەندۇردى ۋە كۈچەيتتى، ئۇلار ئەسەبىي دىنىي ئىدىيىلەرنى تارقىتىش، مىللىي كەيپىيات ئارقىلىق ئازدۇرۇش، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ۋە خەنزۇلارنى يەكلەشكە قۇترىتىش؛ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلىش قاتارلىقلار ئارقىلىق، جۇڭگونى پارچىلاش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇشتى. بۇنىڭغا جەزمەن يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى





تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى، كۆپ خىللىقى، يوشۇرۇن بولىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق مۆلچەرلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم قىلىشىمىز، پائال ھازىرلىق كۆرۈش ئاساسىدا ئىجابىي تەرەپتىن تەربىيىلەشتىن قول سېلىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار ئىدىيە، مەدەنىيەت ئارقىلىق ئىدېئولوگىيە بازىسىنى ئىگىلىشىمىز لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى جەڭ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىنى كەنتلەرگە كىرگۈزۈش»، «يۇزتۇرانە لېكسىيە سۆزلەش»، «ئۈچ ئەۋلاد داھىيلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرىتىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش»، «مىللىي تىلدا ئىنقىلابىي ناخشىلارنى خور قىلىپ ئېيتىش»، يېڭى ئەسىردە «يۇز مىڭلىغان نىمە ئۈچۈن» (يېڭى ئەسىر نەشرى) نى مىللىي يېزىقتا نەشر قىلىش خىزمەتلىرىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنى تەربىيىلەش، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش جەھەتلەردە كۆڭۈلدىكىدەك ئۇنۇم ھاسىل قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە بۇندىن كېيىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىدىيە - تەشۋىقات خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇشنىڭ پىكىر يوللىرىنى ئايدىڭلاشتۇردۇق، تەجرىبە توپلىدۇق.

يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مۇقىملىق — شىنجاڭدىكى ئەڭ زور سىياسىي. بۇ ئاساسەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان سۆز. مۇقىملىقنى قوغداش تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈندۇر، مۇقىملىق بولمىسا تەرەققىياتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، تەرەققىيات بولمىسا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ. بۇ دىئالېكتىكىلىق بىرلىك. روشەنكى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئوخشاشلا، شىنجاڭدىكى تەرەققىياتمۇ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەتتە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ھەر

مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھالقىلىق مەسىلە بولۇپ، ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ـ تۇرالماسلىقتا بىۋاسىتە تاقىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق چوڭ ھەق ـ چوڭ ناھەق مەسىلىلەردە مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن، پوزىتسىيىسى ئېنىق، ھەرىكىتى قەتئىي بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئالدى بىلەن توغرا ئىدىيە بىلەن ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، تارىخ قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى قاتارلىقلاردا باشتىن ـ ئاخىرغىچە ئېغىشماي چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ھەقىقىي تۇردە كىشىلەر قەلبىگە سىڭدۈرۈش لازىم.

ھەر مىللەت كادىرلىرىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭدىكى مىللەت، دىنغا دائىر بىلىملەرگە بولغان چۈشەنچە ۋە ئۇنى ئىگىلەشنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى، شۇنداقلا نۆۋەتتىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش بويىچە قايتا تەربىيە بېرىش كۈرىشىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ بۇ تەربىيىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقىنى تۈزۈپ چىقتۇق. ئۇنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە بېرىش داۋامىدا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ، كەڭ كادىرلار ئاممىسىنىڭ مىللەت، دىنغا دائىر بىلىملەر بويىچە تەربىيىلىنىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كەڭ كادىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەت، دىنغا دائىر بىلىملەرگە بولغان ئىدىيىۋى تونۇشىنى مەركەزنىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ پارتىيىنىڭ مىللەت ۋە دىن سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى تەشەببۇسكارلىقىنى، ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

بىز چوقۇم مەركەزنىڭ تەلىپى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى مۇقەددەس ۋەزىپە قىلىشىمىز، ئۆگىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، تىرىشىپ ماركسىزم بىلەن ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرۇشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ،





ۋەتەننى پارچىلايدىغان بارلىق ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشىمىز، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىش، ئورتاق ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن پارتىيىنىڭ 16 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك چاقىرىلىشىنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم.

2002 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى .................................... ۋۇدۇنفۇ


## مىللەتكە دائىر بىلىملەر


1. شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈشى ۋە نوپۇس ئەھۋالى قانداق؟ ........................ 3

2. مىللەت دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق شەكىللەنگەن؟ ............ 5

3. مىللەت بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ ...... 8

4. قەدىمكى مىللەتلەر دېگەن نېمە؟ ھازىرقى زامان مىللەتلىرى دېگەن نېمە؟ جۇڭخۇا مىللەتلىرى دېگەن نېمە؟ ......... 10

5. مىللەتلەر مەسىلىسى دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن مىللەتلەر مەسىلىسى ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟ ........... 13

6. پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى قانداق راۋاجلانغان؟ ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى قايسىلار؟ ...................... 15

7. ھازىر شىنجاڭدا قانچە مىللەت بار؟ ئاساسلىق مىللەتلەر قايسىلار؟ ........................................................ 19

8. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى قانداق ياخشى ئىشلەندى؟ ................................................ 21

9. شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش پائالىيەتلىرى قانداق قانات يايدۇرۇلدى؟ ................................................ 24

10. نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈللىنىشى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىن ئايرىلالمايدۇ دەيمىز؟ ................................................ 27

11. نېمە ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى دۆلەت ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ دەيمىز؟ ...... 29
12. پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى شىنجاڭدا قانداق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى؟ ...... 33
13. شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ـ ھۆكۈمەت كادىرلار قوشۇنى قانداق ئۆسۈپ يېتىلىپ زورايغان؟ ...... 35
14. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى قانداق غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى؟ ...... 38
15. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى قانداق قوغداپ قېلىندى ۋە جارى قىلدۇرۇلدى؟ ...... 41
16. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل سىستېمىسى تەۋەلىكى ئەھۋالى قانداق؟ ...... 44
17. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى قانداق ھۆرمەتلەندى ۋە قوغدالدى؟ ...... 46
18. نېمە ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك؟ ...... 48
19. دۆلىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ھۆرمەتلەشكە دائىر قانداق سىياسەت ـ تەدبىرلىرى بار؟ ...... 50
20. نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ئۆتۈشۈشكەن دەيمىز؟ ...... 52
21. شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە قانداق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى؟ ...... 55
22. پانتۈركىزم دېگەن نېمە؟ ...... 58
23. پانئىسلامىزم دېگەن نېمە؟ ...... 60





24. نېمە ئۈچۈن مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى مىللەتلەر مەسىلىسى ئەمەس دەيمىز؟ ...... 62
25. نېمە ئۈچۈن «ئۈچ خىل كۈچ» ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى دەيمىز؟ ...... 66
26. نېمە ئۈچۈن «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرى جىنايىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ دەيمىز؟ ...... 69
27. نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئۇزاق مۇددەت بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئېلىپ بېرىش كېرەك دەيمىز؟ ...... 73
28. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى ۋەقەلەرنى قانداق توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ ...... 76
29. نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قانداق توغرا چۈشىنىش كېرەك؟ ...... 79
30. نېمە ئۈچۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر «ئۈچ ئايرىلالمايدۇ» دەيمىز؟ ...... 81
31. نېمە ئۈچۈن غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى دۆلەتنىڭ ئەڭ زور ئېتىبار بېرىش سىياسىتى دەيمىز؟ ...... 84
32. نېمە ئۈچۈن بايلىقى مول بولغان شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئارقىدا قېلىشىنى ۋاقىتلىق ئەھۋال دەيمىز؟ ...... 87
33. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قانداق يۈزلەندۈرۈش كېرەك؟ ...... 91
34. نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش كېرەك دەيمىز؟ ...... 94
35. نېمە ئۈچۈن شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەتلىك رايون دەيمىز؟ ...... 97
36. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ

ئەھۋالى قانداق ئىدى؟ ...... 101
37. ۋېي، جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟ ...... 104
38. سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟ ...... 107
39. سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟ ...... 110
40. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟ ...... 113
41. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىلىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا قانداق تۆھپىلەرنى قوشتى؟ ...... 115
42. نېمە ئۈچۈن يېقىنقى زاماندىكى ھەر مىللەت شىنجاڭ خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك؟ ...... 119
43. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟ ...... 122
44. خەنزۇلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟ ...... 126
45. قازاقلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟ ...... 130
46. خۇيزۇلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟ ...... 133
47. قىرغىزلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟ ...... 136
48. موڭغۇللارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟ ...... 139
49. تاجىكلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟ ...... 142
50. شىبەلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟ ...... 145
51. مانجۇلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟ ...... 147
52. ئۆزبېكلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟ ...... 149
53. رۇسلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟ ...... 151
54. داغۇرلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟ ...... 153





55. تاتارلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟ ...... 155

## دىنغا دائىر بىلىملەر

56. دىن دېگەن نېمە؟ دىن قانداق پەيدا بولغان؟ ...... 161
57. دىن قانداق تەرەققىي قىلغان؟ ...... 163
58. ھازىر دۇنيادا قايسى ئاساسلىق دىنلار بار؟ ...... 165
59. نېمە ئۈچۈن ماركسىزملىق دىن قارىشىنى ئەڭ ئىلمىي دىن قارىشى دەيمىز؟ ...... 167
60. دىن بىلەن مىللەتنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ...... 169
61. دىنىنىڭ مىللىي قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەتكە قانداق تەسىرى بار؟ ...... 172
62. نېمە ئۈچۈن «مۇسۇلمان مىللىتى» دەپ ئاتاشنى خاتا دەيمىز؟ ...... 174
63. نېمە ئۈچۈن دىن بىلەن پەننى ماھىيەت جەھەتتە بىر ـ بىرىگە زىت دەيمىز؟ ...... 176
64. دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ قانداق ئوخشىماسلىقى بار؟ ...... 178
65. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم مەزگىلىدىكى دىنىنىڭ «بەش ئالاھىدىلىكى» قايسى؟ ...... 181
66. دىنىنىڭ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە نېمە رولى بار؟ ...... 183
67. نېمە ئۈچۈن سوتسىيالىزم مەزگىلىدە دىن ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟ ...... 185
68. شىنجاڭ نېمە ئۈچۈن ئەزەلدىنلا كۆپ دىن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايون دېيىلىدۇ؟ ...... 187
69. بۇددا دىنى شىنجاڭدا قانداق گۈللەنگەن ۋە خارابلاشقان؟ ...... 190
70. ئۇيغۇرلار تارىختا قايسى دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان؟ ...... 193
71. ئىسلام دىنى قانداق پەيدا بولغان ۋە تارقالغان؟ ...... 195

72. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسى ۋە دەستۇرى نېمە؟ ...... 197
73. مۇسۇلمانلارنىڭ قانداق دىنىي مەجبۇرىيەتلىرى بار؟ ...... 200
74. ئىسلام دىنىدا ئاساسلىقى قايسى مەزھەپلەر بار؟ ...... 203
75. ئىسلام دىنى شىنجاڭغا قانداق كىرگەن؟ ...... 205
76. قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇن خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئۇرۇش قانداق ئىش؟ ...... 207
77. قاراخانىيلار سۇلالىسى نېمە ئۈچۈن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا «غازات» قوزغىغان؟ ...... 209
78. چاغاتاي خانلىقى ئىسلام دىنىنى قانداق كېڭەيتكەن؟ ...... 211
79. خوجىلارنىڭ تەسىر كۈچى قانداق پەيدا بولغان ۋە زورايغان؟ ...... 213
80. ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلار دېگەن قانداق ئىش؟ ...... 216
81. چوڭ - كىچىك خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى شىنجاڭغا قانداق بالا - قازالارنى كەلتۈرگەن؟ ...... 219
82. ياقۇپ بەگ قانداق قىلىپ ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قۇل قىلغان؟ ...... 222
83. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش سىياسىتىنى قانداق يولغا قويغان؟ ...... 225
84. ياڭ زېڭشىن دىنىي ئىشلارنى قانداق باشقۇرغان؟ ...... 228
85. يېقىنقى دەۋردىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلەر پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمدىن پايدىلىنىپ قانداق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى؟ ...... 230
86. مەسچىت دېگەن نېمە؟ شىنجاڭدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى قايسىلار؟ ...... 233





87. مازار دېگەن نېمە؟ شىنجاڭدىكى داڭلىق مازارلار قايسىلار؟ ...... 235
88. شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى نېمە ئۈچۈن مازارنى تاۋاپ قىلىدۇ؟ ...... 237
89. ئاپئاق خوجا مازىرى نېمە ئۈچۈن ئىپارخان قەبرىسى دەپ ئاتىلىدۇ؟ ...... 241
90. نېمە ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ دىنىي ئېتىقاد تارىخىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ۋە توغرا تەشۋىق قىلىش لازىم؟ ...... 243
91. شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى قانداق؟ ...... 246
92. شىنجاڭدا ھازىرقى دىن خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى قانداق؟ ...... 249
93. مىللىي بۆلگۈنچىلەر بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشتا نېمە ئۈچۈن ھامان مىللەت، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالىدۇ؟ ...... 253
94. نېمە ئۈچۈن دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ئەكسىيەتچىل سىياسىي كۈچ دېيىلىدۇ؟ ...... 255
95. نېمە ئۈچۈن «غازات» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى دىن ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئەمەس دېيىلىدۇ؟ ...... 258
96. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ ...... 261
97. نېمە ئۈچۈن پارتىيىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى پۈتۈنلەي توغرا سىياسەت دەيمىز؟ ...... 263
98. قانداق قىلغاندا پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرغىلى بولىدۇ؟ ...... 265
99. نېمە ئۈچۈن كومپارتىيە ئەزالىرى دىنغا ئېتىقاد قىلسا بولمايدۇ؟ ...... 268

100. نېمە ئۈچۈن دىن ئىشلىرىغا بولغان قانۇنىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك؟ ........................ 271
101. نېمە ئۈچۈن چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك؟ ........................ 274
102. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىنىش شەكىللىرى قايسىلار؟ ........................ 276
103. نېمە ئۈچۈن ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە دىنىي ئىدىيىنى سىڭدۈرۈشكە بولمايدۇ؟ ........................ 280
104. نېمە ئۈچۈن دىنىنىڭ دۆلەت مەمۇرىيىتىگە، ئەدلىيىگە ۋە مائارىپقا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ؟ ........................ 283
105. نېمە ئۈچۈن ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش ئەنئەنىسى تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك؟ ........................ 286
106. نېمە ئۈچۈن دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش كېرەك؟ ........................ 288
ئاخىرقى سۆز ........................ 293



# مىللەتكە دائىر بىلىملەر

**1. شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈشى ۋە نوپۇس ئەھۋالى قانداق؟**

شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا، ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. يەر مەيدانى 1 مىليون 660 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، مەملىكەت ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ $\frac{1}{6}$ قىسمىنى ئىگىلىگەنلىكتىن، دۆلىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ رايون ھېسابلىنىدۇ. شەرقىي شىمال تەرىپىدىن غەربىي جەنۇب تەرىپىگىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا موڭغۇلىيە، رۇسىيە فېدېراتسىيىسى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ھىندىستانلار بىلەن چېگرالىنىدۇ، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5400 كىلومېتىرغا يېتىپ، مەملىكىتىمىز بويىچە قۇرۇقلۇق چېگرا لىنىيىسى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ $\frac{1}{4}$ قىسمىنى ئىگىلىگەچكە، مەملىكىتىمىز بويىچە چېگرا لىنىيىسى ئەڭ ئۇزۇن رايون ھېسابلىنىدۇ. ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئەزەلدىن ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالدىكى توسىقى بولۇپ كەلگەن.

شىنجاڭنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. شىمالدا ئالتاي تېغى، جەنۇبتا كوئىنلۇن ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرى بار. تەڭرى تېغى ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، شىنجاڭنى تەبىئىي مەنزىرىسى ئۆزگىچە، كۆرۈنۈشى ئوخشىمايدىغان جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىپ تۇرىدۇ. جەنۇبتا تارىم ئويمانلىقى، شىمالدا جۇڭغار ئويمانلىقى بار. ھازىر ئادەتتە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالى شىمالىي شىنجاڭ، تۇرپان، قۇمۇل ئەتراپلىرى شەرقىي شىنجاڭ دېيىلىدۇ.

شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە مىللەت تەركىبى ئەڭ كۆپ رايونلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇنجى بولۇپ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى يولغا قويۇلغان ئۆلكە دەرىجىلىك جاي. ئاپتونوم رايوندا ئاپتونوم ئوبلاست، ۋىلايەت ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەرلەر تەسىس قىلىنغان. ھازىر شىنجاڭدا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز

ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئىبارەت بەش ئاپتونوم ئوبلاست؛ تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، تۇرپان ۋىلايىتى، قۇمۇل ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى (بۇلارنىڭ ئىچىدىكى تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدۇ) قاتارلىق يەتتە ۋىلايەت؛ ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن قاراماي شەھىرىدىن ئىبارەت ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىككى شەھەر؛ ئۈرۈمچى شەھىرى، قاراماي شەھىرى ۋە شىخەنزە شەھىرىدىن ئىبارەت بىۋاستە قاراشلىق ئۈچ شەھەر بار. بۇ ئاپتونوم ئوبلاست، ۋىلايەتلەرگە ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورۇنلاردىن نەچچە ئونى قارايدۇ. شىنجاڭدا 68 ناھىيە (ئۇلارنىڭ ئىچىدە بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق ئالتە ئاپتونوم ناھىيە بار)، ناھىيە دەرىجىلىك 16 شەھەر، شەھەرگە بىۋاستە قاراشلىق 11 رايون بار. ناھىيە، شەھەر ۋە ۋىلايەتلەرگە يەنە 857 يېزا ـ بازار، جۈملىدىن 42 مىللىي يېزا قارايدۇ. بۇ مەمۇرىي رايونلار تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا جايلاشقان. ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۈرمۇشنى تەرتىپكە سالىدۇ.

شىنجاڭدا ئاھالىلەر نىسپىي مەركەزلىشىپ تارقالغان. 2000 ـ يىلدىكى مەملىكەت بويىچە 5 ـ قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىي ئاھالە 18 مىليون 462 مىڭ 600 نەپەر بولۇپ، شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرى 33.75% نى ئىگىلەيدۇ. نوپۇس سانى 2 مىليوندىن ئاشىدىغان ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەر تۆت بولۇپ، ئۇلار: ئىلى ئوبلاستى (3 مىليون 826 مىڭ نەپەر)، قەشقەر ۋىلايىتى (3 مىليون 406 مىڭ نەپەر)، ئاقسۇ ۋىلايىتى (2 مىليون 141 مىڭ نەپەر) ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى (2 مىليون 82 مىڭ نەپەر) قاتارلىقلار.

ھازىر شىنجاڭدىكى ئاھالىلەر 47 مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 59.4% نى ئىگىلەيدۇ. 2000 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاھالىسى 1 مىليوندىن ئاشىدىغان مىللەتلەر ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: ئۇيغۇر (8 مىليون 256 مىڭ





700 نەپەر)، خەنزۇ (7 مىليون 23 مىڭ 900 نەپەر)، قازاق (1 مىليون 275 مىڭ 500 نەپەر)؛ ئاھالىسى 100 مىڭدىن 1 مىليونغىچە بولغانلىرى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: خۇيزۇ (813 مىڭ نەپەر)، قىرغىز (159 مىڭ 600 نەپەر)، موڭغۇل (156 مىڭ 900 نەپەر)؛ ئاھالىسى 10 مىڭدىن 100 مىڭغىچە بولغانلىرىدىن تاجىك (39 مىڭ 600 نەپەر)، شىبە (39 مىڭ 200 نەپەر)، مانجۇ (22 مىڭ 300 نەپەر)، ئۆزبېك (13 مىڭ 200 نەپەر)، رۇس (10 مىڭ 600 نەپەر)، دوڭشياڭ قاتارلىقلار؛ ئاھالىسى 1000 دىن 10 مىڭغىچە بولغانلىرىدىن داغۇر (6400 نەپەر)، تاتار (4700 نەپەر)، جۇاڭزۇ، سالا، تۇجىيازۇ، مياۋزۇ، زاڭزۇ، چاۋشيەنزۇ قاتارلىقلار بار. باشقا مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى مىڭغا يەتمەيدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار، شىمالىي شىنجاڭدا خەنزۇلار بىلەن قازاقلار ئاساس قىلىنىدۇ.

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە كارخانىلار بىر گەۋدىلەشكەن ئالاھىدە ئىجتىمائىي تەشكىلات. ھازىر ئۇنىڭ خەنزۇلارنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەتتىن ئازغىنە كەم 1 مىليون ئىشچى ـ خىزمەتچىسى، 2 مىليون 480 مىڭ ئاھالىسى بار بولۇپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى 70 نەچچە ناھىيە ۋە شەھەرگە تارقالغان. ئۇ شىنجاڭدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، مۇقىملىقنى ساقلاش ۋە شىنجاڭنى قوغداشتىكى مۇھىم بىر كۈچ ھېسابلىنىدۇ.

## 2. مىللەت دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق شەكىللەنگەن؟

مىللەت ئادەملەرنىڭ تىل، تېررىتورىيە، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئومۇملۇقى ۋە مەدەنىيەت بىرلىكىدە ئىپادىلىنىدىغان روھىي ھالەت تۈزۈلۈشى ئومۇملۇقى ئاساسىدا تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن مۇستەھكەم بىرلىكىدۇر.

تىل ئومۇملۇقى بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئارا باردى ـ كەلدى قىلىشى داۋامىدا ئورتاق ئىشلىتىدىغان تىلنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز تىلى بولىدۇ، لېكىن بىر خىل تىلنى قوللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ بىر مىللەت بولۇشى ناتايىن، جەمئىيەت تارىخى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقتىن، ئوخشاش بىر مىللەتنىڭ

ئوخشاش بولمىغان تىللارنى ۋە ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بىر تىلنى قوللىنىشىدەك ھادىسىلەرمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، گەنسۇدىكى يۇيگۇلارنىڭ شەرقىي يۇيگۇ تىلى بىلەن غەربىي يۇيگۇ تىلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تىلى بار. خەنزۇ، خۇيزۇ ۋە مانجۇلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ تىلىنى قوللىنىدۇ. تارىخىي تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن قارىغاندا، ئوخشىمايدىغان مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بىر خىل تىلنى ئورتاق قوللىنىش ھادىسىسى كۆپىيىدۇ.

تېررىتورىيە ئومۇملۇقى بىر مىللەتنىڭ بىرلىكتە ئولتۇراقلاشقان ۋە ھايات كۆچۈرگەن رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى مىللەتلەرنىڭ نىسپىي مۇقىم ھالەتتىكى توپلاشقان رايونلىرى بولسىمۇ، لېكىن بىر رايوندا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى جەزمەن بىر مىللەت دېگىلى بولمايدۇ. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، كىشىلەر كۆچۈپ، ئېقىپ تۇرىدۇ ــ دە، شۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ياكى كەڭ دائىرىدە تارقاق ئولتۇراقلىشىش، تار دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشتەك ھادىسە شەكىللىنىدۇ.

ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئومۇملۇقى بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا بېقىنىش ۋە بىر ـ بىرىگە باغلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئومۇملۇقى كىشىلەرنى بىر توپقا يىغىدىغان تۈگۈن بولۇپ، ئۇ تىل، تېررىتورىيە، روھىي ھالەت تۈزۈلۈشى ئومۇملۇقىدىن شەكىللەنگەن ماددىي ئاساس ھېسابلىنىدۇ.

مەدەنىيەت بىرلىكى ئاساسىدىكى روھىي ھالەت تۈزۈلۈشى ئومۇملۇقى بىر مىللەتنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ شۇ مىللەتنىڭ روھىي قىياپىتىدىكى ئىپادىسى ۋە ئەكس ئېتىشى بولۇپ، ئۇ مىللەتلەرنىڭ قىزىقىشى، مىجەزى، كەيپىياتى، تەپەككۇرى، ئېڭى ۋە تارىخىي ئەنئەنىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىللەتلەرنىڭ روھىي ھالەت تۈزۈلۈشى ئومۇملۇقى شەكىللەنگەن ھامان مۇقىملىق ۋە ئىزچىللىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ماددىي شەرت ـ شارائىت ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىدۇ.

مىللەتنىڭ تۆت تۈپكى ئالاھىدىلىكى ئۆزئارا باغلىنىپ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تېررىتورىيە ئومۇملۇقى باشقا ئۈچ ئالاھىدىلىك





شەكىللىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى؛ ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئومۇملۇقى قالغان ئۈچ ئالاھىدىلىك شەكىللىنىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى؛ تىل ئومۇملۇقى تۆت ئالاھىدىلىك ئىچىدىكى ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىك؛ تۆت ئالاھىدىلىك ئىچىدىكى ئەڭ مۇقىم، داۋاملىشىش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولىدىغىنى مەدەنىيەت جەھەتتىكى روھىي ھالەت تۈزۈلۈشى ئومۇملۇقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ئاساسلىقى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئۇزاق ۋە مۇرەككەپ تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن. مىللەتلەر شەكىللىنىشتىن ئىلگىرى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار ئايرىم ـ ئايرىم كۆچمەنلەردىن قانداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنى تۈگۈن قىلغان ئۇرۇقلارغا راۋاجلانغان ھەم شۇ ئاساستا قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۈرگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئەسلىدىكى ئۇرۇق، قەبىلىلەر ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان يەر ـ زېمىن، چارۋا ـ ماللار شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي مال ـ مۈلكىگە ئايلىنىشقا باشلىدى. كۆپلىگەن كىشىلەر بۇرۇنقىدەك تار بولغان ئۇرۇق، قەبىلە دائىرىسى بىلەن چەكلىنىپ قالماي، خالىغان يېرىگە بارالايدىغان بولدى؛ ئۇرۇق ئىچىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ توسالغۇسى بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بىر جايدا بىرلىكتە ئولتۇراقلىشىدىغان زېمىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئالدى. ھەمدە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى چۈشىنەلەيدىغان بىر خىل يېڭى تىل شەكىللىنىشكە باشلىدى، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە پسىخىكىلىق ھالەتلىرىمۇ بارغانسېرى بىرخىللاشتى، ئەسلىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئاساسىدا كىشىلەر تەدرىجىي يوسۇندا بىر توپ، يەنى مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىدى.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىدىن ھازىرغىچە بولغان تۈرلۈك ئوخشىمايدىغان جەمئىيەتلەردە، مىللەتتىن ئىبارەت بۇنداق بىرلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھەر بىر مىللەتنىڭ بارلىققا كېلىش، شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش تارىخى بولىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بەزى مىللەتلەر ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ قوشۇلۇپ كەتسە، بەزى مىللەتلەر تەرەققىي قىلىپ زورىيىدۇ، بەزى

مىللەتلەر تەدرىجىي يوقىلىپ كەتسە، بەزى مىللەتلەر بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ يېڭى بىر مىللەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

## 3. مىللەت بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

مىللەت بىلەن دۆلەت تامامەن ئوخشاش بولمىغان ھەم بىر ـ بىرىگە باغلانغان تارىخىي ئىككى كاتېگورىيە. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، مىللەت بىلەن دۆلەت تەڭ دېگۈدەك پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئەمما مىللەت بىر خىل كىشىلەر توپى سۈپىتىدە ئورتاق تىل، تېررىتورىيە، ئىقتىسادىي تۇرمۇش، پسىخىكىلىق ساپا قاتارلىق ئامىللاردىن تەركىب تاپقان، بىرلىككە كەلگەن مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە ئىجتىمائىي گۇرۇھ بولۇپ، ئۇ ئادەتتە بىر خىل ئىجتىمائىي ــ مەدەنىيەت ئۇقۇمى ھېسابلىنىدۇ؛ دۆلەت سىياسىي بىرلىكلەر بويىچە ئايرىلغان، تېررىتورىيە، پۇقرالار، ھۆكۈمەت ۋە ئىگىلىك ھوقۇقى قاتارلىق ئامىللاردىن تەركىب تاپقان، تۈپكى خەلقئارالىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالايدىغان قانۇنىي ۋە سىياسىي سۇبىستانسىيە بولۇپ، ئۇ ئاساسەن بىر خىل سىياسىي ـ قانۇن ئۇقۇمىدىن ئىبارەت.

دۆلەت مىللەتلەردىن تەركىب تاپىدۇ. بەزى دۆلەتلەردە ئاساسلىق مىللەتنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدە 95% تىن كۆپرەك سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقى، باشقا مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ناھايىتى ئاز بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇ بىر مىللەت ئاساسىدىكى دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. بەزىلىرىدە كۆپلىگەن مىللەتلەر بىرلىكتە ياشايدىغانلىقتىن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ھېسابلىنىدۇ؛ شۇنداقلا ئوخشاش بىر مىللەت بىرقانچە دۆلەتكە تارقىلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. مەسىلەن، دۆلىتىمىزدە دۆلەت ھالقىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەردىن موڭغۇل، قازاق، تاجىك، چاۋشيەنزۇ، دەيزۇ قاتارلىقلار بار. بۈگۈنكى دۇنيادا كۆپلىگەن دۆلەتلەر كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە، يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئاھالىسى كۆچۈپ يۈرۈش ھالىتىدە تۇرغاچقا، بىر دۆلەتنىڭ ئىچىدىكى ئوخشىمايدىغان مىللەتلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ھازىر ھېچقانداق باشقا مىللەتلەردىن خالىي بولغان ساپ «بىر مىللەتلىك دۆلەت» ئاسانلىقچە تېپىلمايدۇ.

تارىخقا نەزەر سالغىنىمىزدا، دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي





قىلىشى بىلەن مىللەت بىر ـ بىرىگە باغلانغان. يېقىنقى زاماندىن بۇيان، غەربىي ياۋروپادا يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيە قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ توپلاپ، فېئودال بۆلۈنمە ھالەتتىكى قورغانلارنى بۇزۇپ تاشلىغان، ئۇلار بىرلىككە كەلگەن بۇرژۇئا دۆلەتلىرىنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، يەنە ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىمۇ شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، ئىنگلىز، فرانسۇز قاتارلىق مىللەتلەر شۇ ئارقىلىق بىر مىللەت ئاساسىدىكى دۆلەتلەرگە ئايلانغان. ئەمما شەرقىي ياۋروپا، ئاسىيا ۋە پۈتۈن دۇنيادا دۆلەت بىلەن مىللەت تەڭلا شەكىللىنىمگەنلىكتىن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەر مۇتلەق كۆپ سانلىق ئىگىلىگەن ئىدى. بىراق غەربىي ياۋروپادىكى «مىللىي دۆلەت» لەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، «ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆز مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇش ھوقۇقى بار» دېگەندەك بۇرژۇئا مىللەت نەزەرىيىسى ۋە دۆلەت قارىشى پەيدا بولدى. بۇرژۇئا چوڭ مىللەتچىلىكى بۇنىڭغا ئاساسەن دۆلەت كۈچىگە تايىنىپ كىچىك مىللەتلەرنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلدى؛ ئىرقىي تازىلاش ئېلىپ باردى، ھەتتا نەسلىنى قۇرۇتىۋەتتى. بەزى كىچىك مىللەتلەر بولسا بۇنداق قىرىقتۇرۇشنىڭ تەسىرى بىلەن بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ئىچىدە «مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» غەۋغاسى چىقىرىپ، «بىر مىللەت بىر دۆلەت بولۇش» بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلدى. ھوشيار بولۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، «مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» ھەققىدە جار سېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا قۇترىتىش ئەزەلدىن غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ باشقا كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەرنى پارچىلاشتا ئۆگىنىپ قالغان ھۈنىرى. ئەمەلىيەتتە، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ئاساسىدىكى بىر مىللەتلىك دۆلەت قۇرۇشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس. ھازىر دۇنيادا نەچچە مىڭ مىللەت بار، كۆپىنچە دۆلەتلەردە كۆپ مىللەت بولىدۇ، كۆپلىگەن مىللەتلەرمۇ دۆلەت ھالقىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا، ئەجىبا نەچچە مىڭلىغان ساپلا بىر مىللەتلىك دۆلەت قۇرۇشقا توغرا كېلەمدۇ؟ دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ قالايمىقان ئىش بولامدۇ! دۆلەتنىڭ ماھىيىتى ـــ ھاكىمىيەت. مىللەت بىلەن دۆلەتنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش سىياسىي مەسىلىنى مىللىيلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى سىياسىيلاشتۇرۇش بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا غايەت زور زەربە

ۋە خەۋپ پەيدا قىلىدۇ.

جۇڭگو بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، ئۇ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن، شۇنداقلا ئۇنى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە بەرپا قىلغان. ھازىر دۆلەت ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ياخشى تاشقى مۇھىت بىلەن تەمىنلىمەكتە ھەمدە تۈرلۈك سىياسەت ۋە تەدبىرلەر ئارقىلىق، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىچكى مېخانىزمنى تەكشۈرمەكتە؛ ھەرقايسى مىللەتلەر دۆلەتنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە تېز ئۆستى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلىشىشى بىلەن دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلاردىكى تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك كۈچ - قۇدرىتى كۈچەيدى. مىللەتلەر دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىلىق گۈللەپ ياشنىدى؛ دۆلەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئارقىلىق روناق تاپتى. مىللەتنىڭ مەنپەئەتى بىلەن دۆلەت مەنپەئەتى بىردەك بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن مىللەتپەرۋەرلىك توقۇنۇشۇپ قالمايدۇ. شەخسلەرنىڭ تەقدىرى بىلەن سوتسىيالىستىك ۋەتەننىڭ تەقدىرىنى بىرلەشتۈرۈش دەل ۋەتەننى، مىللەتنى قىزغىن سۆيۈشنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش نۇتقىدا كۆرسەتكەندەك: «جۇڭگو خەلقى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق ۋە قەدىر - قىممەت تۇيغۇسىغا ئىگە، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، بارلىق كۈچىنى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا بېغىشلاش ئەڭ زور شەرەپ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىنىڭ مەنپەئەتى، غۇرۇرى ۋە ئابرۇيىغا زىيان يەتكۈزۈش ئەڭ زور نومۇس».

### 4. قەدىمكى مىللەتلەر دېگەن نېمە؟ ھازىرقى زامان مىللەتلىرى دېگەن نېمە؟ جۇڭخۇا مىللەتلىرى دېگەن نېمە؟

مىللەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئوخشاش بولمىغا دەۋرلەردە شەكىللەنگەن. ئادەتتە تارىخىي دەۋرلەر بويىچە ئايرىغىنىمىزدا، قەدىمكى تارىخىي باسقۇچلاردا شەكىللەنگەن مىللەتلەر قەدىمكى مىللەت دەپ ئاتالسا، يېقىنقى ۋە ھازىرقى دەۋرلەردە شەكىللەنگەن مىللەتلەر ھازىرقى زامان مىللىتى دېيىلىدۇ. ھازىرقى ۋە قەدىمكى زامان مىللەتلىرىنىڭ پەرقى ھازىرغىچە بولغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا ئىپادىلەنگەندىن





باشقا، يەنە كۆپىنچە ئورتاق تېررىتورىيە، بىرلىككە كەلگەن بازار، تېخىمۇ مەھكەم بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي باغلىنىش ھەمدە كۈچلۈك مىللىي ئاڭغا ئىگە بولغانلىقى بىلەن قەدىمكى مىللەتلەرگە نىسبەتەن خېلىلا ئوخشىمايدۇ. ھازىرقى زامان مىللەتلىرى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن، بۇنداق ئۆزگىرىش جەريانىنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە بىرىكىش، تەرەققىي قىلىش جەريانى؛ يەنە بەزىلىرىنىڭ بولسا باشقا مىللەتلەر بىلەن قايتىدىن بىرىكىپ تەرەققىي قىلىشى بولۇپ، ھەرگىزمۇ بارلىق قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان مىللەتلىرىگە تەرەققىي قىلالىغانلىقى ئەمەس، قەدىمكى زامانلاردا مەۋجۇت بولغان، بىر مەزگىل شۆھرەت قازانغان بەزى مىللەتلەر تارىخىي خاتىرىلەردىلا قېپقالغان بولۇپ، ھازىرقى زامان مىللەتلىرىگە ئايلىنالمىغان. شىنجاڭدىكى ساكلار، توخرىلار، جورجانلار قاتارلىق كۆپلىگەن مىللەتلەر مۇشۇنداق قەدىمكى مىللەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ. يەنە بەزى قەدىمكى مىللەتلەر، مەسىلەن، ھونلار، تۈركلەر ۋە ئۇيسۇنلار تارىختا يوقالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بىر قىسىم قېنى يەنە باشقا مىللەتلەردە ساقلانغان ھەمدە داۋاملىشىپ بەزى ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغان. بىراق بۇنداق ھازىرقى زامان مىللەتلىرى ئۆز مەنبەلىرىنىڭ بىر قىسمى بولغان قەدىمكى زامان مىللەتلىرى ھەمدە ئوخشاش بىر مەنبەدىن تەرەققىي قىلغان ئوخشاش بولمىغان ھازىرقى زامان مىللەتلىرىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، ئۇلار ئەمدى مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە تۇرغان ئورنى جەھەتلەردە بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەر قايسىسىنىڭ رېئال مەنپەئەتلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، قايتىدىن بىر گەۋدە بولۇپ بىرلىشىشلىرىمۇ مۇمكىن ئەمەس. يەنە كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات قەدىمى توختاپ قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما خەنزۇچە يازما ھۆججەتلەردە نامى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ نامى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە شىمالىي ۋېي دەۋرلىرىدىن مىڭ سۇلالىسىغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 袁纥، 回纥، 回鹘، 畏兀儿 قاتارلىقلار بىلەن تەلەپپۇز قىلىنغان؛ قىرغىزلار خەن، جىن دەۋرلىرىدە 结骨، 契骨، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە 黠戛斯، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە 吉利吉思، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە 布鲁特 دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. بۇ مىللەتلەر توختاۋسىز راۋاجلىنىش ئارقىلىق ئاخىرى

قەدىمكى مىللەتلەردىن هازىرقى زامان مىللەتلىرى قاتارىغا كىرگەن.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمدىن تارتىپ ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى پامىر ئېگىزلىكىدىن، شەرقتە تىنچ ئوكيانىنىڭ غەربىي قىرغاقلىرىدىكى ئارال‌لىرىغىچە بولغان بىپايان زېمىندا تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 221 ـ يىلى، جۇڭگودا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت — چىن سۇلالىسى قۇرۇلۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سېلىنغان. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان كۆچۈش، ئارىلىشىش، ئايرىلىش، قوشۇلۇشلىرى ئارقىلىق، شۇنداقلا جۇڭگو خەلقىنىڭ يۈز يىلغا يېقىن جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش قىلىشى جەريانىدا، جۇڭخۇا مىللەتلىرى بىر ئاڭلىق مىللىي سۇبستانسىيە سۈپىتىدە دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇردى. جۇڭخۇا مىللەتلىرى دۆلىتىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، ئۇ خەنزۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، مياۋزۇ، يىزۇ، جۇاڭزۇ، بۇيىزۇ، چاۋشيەنزۇ، مانجۇ، دۇڭزۇ، ياۋزۇ، بەيزۇ، تۇجيازۇ، خانىزۇ، قازاق، دەيزۇ، لىزۇ، لىسۇزۇ، ۋازۇ، شېزۇ، گاۋشەنزۇ، لاگۇزۇ، شۇيزۇ، دوڭشياڭزۇ، ناشىزۇ، جىڭپوزۇ، قىرغىز، تۇزۇ، داغۇر، مولاۋزۇ، چياڭزۇ، بولاڭزۇ، سالا، ماۋنەنزۇ، گېلاۋزۇ، شىبە، ئاچاڭزۇ، پۇمىزۇ، تاجىك، نۇزۇ، ئۆزبېك، رۇس، ئېۋېنكى، دېئاڭزۇ، باۋئەنزۇ، يۈگۇ، جىڭزۇ، تاتار، دولوڭزۇ، ئېلۇنچۇن، خېجې، مېنبازۇ، لوبازۇ، جىنودىن ئىبارەت 56 مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 91% نى تەشكىل قىلىدۇ. قالغان 55 مىللەتنىڭ نوپۇسى نىسپىي ئاز بولغانلىقتىن، ئادەتتە «ئاز سانلىق مىللەتلەر» دېيىلىدۇ.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى «كۆپ ئەزا، بىر گەۋدە» بولۇشىدا كۆرۈلىدۇ. يەنى 56 مىللەت جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ «كۆپ ئەزاسى» بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر ئەزا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە ئايرىم بىر مىللەت، ئۇلار تەڭ باراۋەرلىكتە بىرلىككە كەلگەن گەۋدە، يەنى جۇڭگودا ياشايدۇ. جۇڭگو تارىخىدىكى ناھايىتى ئۇزاق زور بىرلىككە كېلىش جەريانىدا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى بېرىش ـ كېلىشلەر 56 مىللەتنى چىڭ باغلاپ، ئۆزئارا تايىنىش، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئورتاق راۋاجلىنىشتەك





مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلىش ئارقىلىق، ئورتاق تەقدىر ۋە ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە قىلغانلىقتىن، قۇدرەتلىك، ئىناقلىق ۋە ئۇيۇشۇش كۈچى بارلىققا كېلىپ بىر پۈتۈنلۈك شەكىللەنگەن.

**5. مىللەتلەر مەسىلىسى دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن مىللەتلەر مەسىلىسى ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟**

مىللەتلا بولىدىكەن، مىللىي پەرق بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، بېرىش ـ كېلىش قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بولغانلىقتىن، ئوقۇشماسلىق ۋە ئىناقسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ـ دە، ئۇ مىللەتلەر مەسىلىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، مىللەتلەر مەسىلىسى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە مىللەتلەر بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىمۇ مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئوخشىمايدىغان مىللەتلەر ئۇچرىشىش ۋە بىر ـ بىرىنى سېلىشتۇرۇش جەريانىدا، ئارقىدا قالغانلىرى ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلىپ، يېڭىچە راۋاجلىنىش ماكانى ۋە پۇرسىتىنى ئىزدەشكە ئۈندىشىدۇ. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر — ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەبىئىي شەرت ـ شارائىت ۋە ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي شارائىتتا مۇستەقىل تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. مىللىي ئالاھىدىلىكلەر تۈپەيلىدىن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئۇزاققىچە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىكى تەكشىسىزلىكلەرمۇ ئۇزاققىچە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، مىللەتلەر مەسىلىسىمۇ ئۇزاققىچە ساقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ. سوتسىيالىزم دەۋرىدە، سىنىپىي ئېكسپلاتاتسىيە ۋە سىنىپىي زۇلۇم يوقىتىلىپ، مىللىي زۇلۇم پەيدا بولۇشنىڭ سىنىپىي مەنبەسى مەۋجۇت بولۇشتىن قالدى. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىش مۇناسىۋەتلىرى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىشىش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشتەك يېڭىچە مىللەتلەر

مۇناسىۋىتىگە ئورۇن بەردى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاقلىقى كۆپەيدى، مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى، شۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا پۇختا ئاساس سېلىندى. ئەمما، مىللىي پەرق ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشى ھەمدە تارىختىن قالغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىياتنىڭ تەكشىسىزلىك ھادىسىلىرى تۈپەيلىدىن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىقنىڭ تەسىرىنى قىسقا ۋاقىتتا تۈگەتكىلى بولمايدۇ، نەتىجىدە مىللەتلەر مەسىلىسى داۋاملىق ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيادا مىللەتلەر مەسىلىسى خېلى ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىپ تۇرماقتا. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە مىللەتچىلىك دولقۇنى پۈتۈن يەر شارىدا كۆتۈرۈلۈپ، مىللىي توقۇنۇش خەلقئارا سىياسىيسىدىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى. 1991 ـ يىلى، 1992 ـ يىلى ۋە 1993 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى، يۇگوسلاۋىيە ۋە چېخوسلوۋاكىيىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن پارچىلىنىپ، 20 دىن كۆپرەك يېڭى دۆلەت پەيدا بولدى، يېڭى دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەت ۋە زېمىن ماجىراسى توختىماي پەيدا بولۇپ تۇردى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىللىي تالاش ـ تارتىش، ئىرقىي زىددىيەت ۋە دىنىي ماجىرالار ھەمدە بۆلگۈنچىلىك، باشقىلارنى چەتكە قېقىشتەك مىللەتلەر مەسىلىلىرىنىڭ كەينى ـ كەينىدىن باش كۆتۈرۈشى ئارقىسىدا، ھەتتا تەرەققىي قىلغان غەرب دۆلەتلىرىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرالمىدى. مىللىي توقۇنۇشلار كۆپىنچە جەمئىيەت مالىمانچىلىقتا قېلىش، يۇقرالار خانىۋەيران بولۇش، توقۇنۇشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ خەلقى ئېغىر زىيانغا ئۇچراشتەك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئېلىمىز ھازىر دەل سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرماقتا. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ھازىرقى باسقۇچتا ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر مەسىلىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىش مەسىلىسىدە بىرقەدەر مەركەزلىك ئىپادىلەنمەكتە». مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى تەكشىسىزلىك ھالەتلىرىنى قەدەممۇ قەدەم تۈگىتىش — دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەر مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىمىزدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي رايونلىرىنى كەڭ





كۆلەمدە ئېچىشمۇ دەل ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرى كۆپرەك مەركەزلەشكەن غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى بولغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چەت ئەللەردىكى مىللەتچىلىك دولقۇنى ۋە غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللىي ۋە دىنىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇش سۈيىقەستىمۇ دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە. دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارمۇ دوست تارتىشىپ بەردى. شۇڭا، بۇلارنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، تۈرلۈك مىللىي مەسىلىلەرنى لايىقىدا ھەل قىلىپ، مۇقىملىق ئارقىلىق تەرەققىياتقا يار ـ يۆلەكتە بولۇپ، تەرەققىيات ئارقىلىق ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

## 6. پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى قانداق راۋاجلانغان؟ ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى قايسىلار؟

مىللەتلەر سىياسىتى دۆلەت ئورگانلىرى ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مىللەتلەر مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈزگەن ھەمدە ئالاقىدار تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ رىئايە قىلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان تۈزۈم ۋە قائىدىلىرىدۇر. پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ماركسىزم نەزەرىيىسى بىلەن جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈش، دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا رىئايە قىلىش ئاساسىدا، ئۇزۇن يىللىق ئىنقىلاب ئەمەلىيىتى داۋامىدا تۈزۈلگەن، راۋاجلانغان ۋە مۇكەممەللەشكەن. پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىش — دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ئورتاق گۈللەپ ياشنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

1921 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن باشلاپلا، جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش يولى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى، يەر ئىنقىلابى ئۇرۇشى ۋە ياپونغا قارشى ئۇرۇش قاتارلىق جىددىي ئۇرۇش مەزگىللىرىدە، پارتىيە ۋە تاپانچ بازىلار ھۆكۈمىتى ئۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مىللەتلەر سىياسىتى ۋە قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈزگەنىدى. مەسىلەن، 1931 ـ يىلى، جۇڭخۇا سوۋېتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك

ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى: «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارار لايىھىسى» نى ماقۇللىغان. كېيىنچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇزۇل - كېسىل بولغان مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى يولغا قويۇش سىياسىتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش سىياسىتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش سىياسىتى قاتارلىق بەزى ئاساسىي مىللەتلەر سىياسىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە مەيدانغا چىقاردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مىللەتلەر خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. 50 - يىللاردا بىر يۈرۈش مىللەتلەر سىياسىتى ۋە قانۇن - قائىدىلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئاساسىي رامكىسى تۇرغۇزۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مىللەتلەر خىزمىتىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ يېڭى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۇرۇپ، بىر قاتار مىللەتلەر سىياسىتىنى تۈزدى. مەملىكەت بويىچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا سىلجىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىز قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق مىللەتلەر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى، مىللەتلەر سىياسىتى مىللىي قانۇن - قائىدىلەرگە قاراپ يۈزلەنمەكتە.

ھازىر دۆلىتىمىزدە مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقلىرىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ۋە دىنىي يۇقىرى قاتلىمدىكىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشتىن ئىبارەت توققۇز خىل ئاساسىي مىللەتلەر سىياسىتى بارلىققا كەلدى. بۇ سىياسەتلەرنى تۈزۈش ۋە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى.

مىللەتلەر باراۋەرلىكى دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى بىر





تەرەپ قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگانلىرىغا باراۋەر قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «سايلام قانۇنى» دا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانى ۋە تارقىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىگە سان تەقسىم قىلىندىغانلىقى، نوپۇسى ئىنتايىن ئاز بولغان مىللەتلەرنىڭمۇ ئاز دېگەندە بىر ۋەكىلىنىڭ بولۇشىنىڭ لازىملىقى، ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپرەك بولغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى ۋەكىللەرنىڭ سانىنى يەنە 5% كۆپەيتىشكە بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىمۇ دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك پرىنسىپى. مەسىلەن، 1951 - يىلى دۆلەت مەمۇرىي كېڭىشى: «ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىش ياكى ھاقارەتلەش خاراكتېرىدىكى ئاتالغۇ، يەر ناملىرى، مۇنار - ئابىدە، ۋىۋىسكىلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇق» نى ئېلان قىلدى. 1954 - يىلى ئېلان قىلىنغان تۇنجى ئاساسىي قانۇندا، جۇڭگودا باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىشىشتەك سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى جاكارلاندى. كېيىنچە كۆپلىگەن قانۇن - قائىدە، سىياسەتلەردە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قوغداپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي كەمسىتىش، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلمىشلىرىنى قاتتىق چەكلەش بەلگىلەندى. مەسىلەن، «يېزا ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» بىلەن «شەھەر ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» دا، يېزا ئاھالە كومىتېتلىرى ياكى شەھەر ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ يېزا ياكى شەھەر ئاھالىلىرىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشىنىڭ لازىملىقى بەلگىلەندى. «ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش نىزامى» دا، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ لازىملىقى بەلگىلەندى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈمى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپكى سىياسىتى. پارتىيىمىز دۆلىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى بەرپا

قىلغان، 1949 - يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى»، 1952 - يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» ۋە 1954 - يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» قاتارلىقلاردا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى قانۇن شەكلى تەرىقىسىدە بېكىتىلدى. 1984 - يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا، بۇ سىياسەت دۆلىتىمىزنىڭ نېگىزلىك قانۇنلىرى قاتلىمى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. 2001 - يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ماقۇللاپ، دۆلەتنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان جايلارغا يار - يۆلەكتە بولۇش سالمىقىنى ئاشۇردى. ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارمۇ كۆپلىگەن ئاپتونومىيە نىزاملىرى بىلەن ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى.

پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە باشتىن - ئاخىر يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. 1950 - يىلى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەت مەمۇرىي كېڭىشى «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ سىناق لايىھىسى» بىلەن «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى قۇرۇش لايىھىسى» نى ئېلان قىلىپ، «ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش» فاڭجېنىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى، مەملىكەت بويىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىن 10 ى تەسىس قىلىندى. ھەرقايسى ئالاقىدار ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا ھەر دەرىجىلىك مىللىي كادىرلار مەكتىپى بىلەن مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرى تەسىس قىلىنىپ، زور تۈركۈمدىكى مەمۇرىي ۋە كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرى يېتىشتۈرۈلدى.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش — ئىناق مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. پارتىيە ۋە دۆلەت كۆپ خىل چارە -





تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ياخشىلىدى. مەسىلەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات فوندى تەسىس قىلىش، مىللىي سودا ۋە مىللىي لازىمەتلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ۋە باشقىلار.

## 7. ھازىر شىنجاڭدا قانچە مىللەت بار؟ ئاساسلىق مىللەتلەر قايسىلار؟

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، ھازىر جەمئىي 47 مىللەت بار. 2000 - يىلدىكى 5 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا جەمئىي 18 مىليون 462 مىڭ 600 نەپەر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 10 مىليون 964 مىڭ 900 غا يېتىپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 59.4% نى ئىگىلىگەن.

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندا ئاساسلىقى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، تاجىك، شىبە، مانجۇ، ئۆزبېك، رۇس، داغۇر، تاتاردىن ئىبارەت 13 مىللەت بار بولۇپ، سانى 4 مىليون 333 مىڭ 400 نەپەر ئىدى. بۇ 13 مىللەتنىڭ شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان ۋاقتى ئۇزۇنراق بولغانلىقتىن، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەتلەر ياكى يەرلىك مىللەتلەر دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ 2000 - يىلدىكى سانى شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 99.5% نى ئىگىلىگەن. قالغان باشقا مىللەتلەر ۋەتىنىمىزنىڭ تەرەپ - تەرەپلىرىدىن كەلگەن، ئۇلار يۇرتى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، يەرلىك خەلقلەر بىلەن بىللە شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلىمەكتە.

ھەرقايسى مىللەتلەر رايونلارغا تارقىلىش جەھەتتە «چوڭ دائىرىدە ئارىلىشىپ، كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئۆز ئارا گىرەلىشىپ ئولتۇراقلاشقان». شىنجاڭ بويىچە ناھىيىدىن يۇقىرى مەمۇرىي رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى بىر قانچە مىللەت ئاھالىلىرىدىن

تەركىب تاپقان. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار، شىمالىي شىنجاڭدا خەنزۇلار بىلەن قازاقلار ئاساس قىلىنىدۇ، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە، تاجىك ۋە داغۇر قاتارلىق مىللەتلەر بىرقەدەر مەركەزلىشىپ تارقالغان بولسا، قالغانلىرى نىسپىي تارقاق ھالەتتە تارقالغان. رۇس، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر ئاساسەن شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان. بۇلاردىن باشقا چېگرا رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، موڭغۇل ۋە رۇس قاتارلىق مىللەتلەرمۇ دۆلەت ھالقىپ ئولتۇراقلىشىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. مىللەت جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، خوتەن ۋە ئاقسۇدىن ئىبارەت ئۈچ رايونغا تارقالغان بولۇپ، سانى شىنجاڭ بويىچە ئۇيغۇرلار ئاھالىسىنىڭ 75% نى ئىگىلەيدۇ؛ خەنزۇلار ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭغا تارقالغان؛ قازاقلار شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا مەركەزلەشكەن؛ خۇيزۇلار ئاساسەن سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىگە تارقالغان. قىرغىزلار ئاساسەن قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا تارقالغان؛ موڭغۇللار ئاساسەن بايىنغولىن ۋە بورتالادىن ئىبارەت ئىككى موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاست بىلەن قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىگە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان؛ تاجىكلار ئاساسەن پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان؛ شىبەلەر ئاساسەن چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان؛ داغۇرلار ئاساسەن چۆچەك شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆزبېك، مانجۇ، تاتار، رۇس، دوڭشياڭ، جۇاڭزۇ، زاڭزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئادەتتە باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونى ئاساسەن يوق. ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا باشقا جايلارغا بېرىپ ئوقۇش، ئىشلەش ۋە تىجارەت قىلىشلىرىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەرقايسى رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ يۆتكىلىش سۈرئىتى تېزلەشتى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشىمۇ «ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش» قا قاراپ يۈزلەنمەكتە.

هازىرغىچە شىنجاڭدىكى 13 ئاساسلىق مىللەتنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيىتى، ئەنئەنىۋى تىل - يېزىقى، دىنىي ئېتىقادى ۋە





ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەھەتتە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، شىبە، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئاساسەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدۇ؛ قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر ئاساسەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۆزبېك، تاتارلاردىن سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى كۆپرەك، ئۇيغۇر، خۇيزۇلارمۇ تىجارەت قىلىش ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ، بەزىلىرى قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ۋە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شەھەردىكى خۇيزۇلارنىڭ كۆپرەكى يېمەكلىكلەر تىجارىتى قىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى مىللەتلەردىن سانائەت، پەن - تېخنىكا، مۇلازىمەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەدەنىيەتلىك، تېخنىكا ئىگىلىگەن، ئىدىيىسى ئوچۇق كىشىلەرنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

مەيلى ئاساسلىق مىللەتلەر بولسۇن ياكى كېيىن كەلگەن مىللەتلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوستانە ئۆتۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ، بىر - بىرىگە ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداش ئۈچۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشماقتا.

## 8. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى قانداق ياخشى ئىشلەندى؟

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئۆزئارا بېرىش - كېلىشلەر جەريانىدا ھاسىل قىلغان ئورتاق مەنپەئەت ئاساسىدىكى باراۋەرلىكتە ئۆزئارا ياردەم بېرىش، دوستانە ھەمكارلىشىش مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مىللەتلەرنى باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىتتىپاقلاشتۇرۇش — پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى. شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ھەر مىللەت خەلقى باراۋەر ئاساستا بىر - بىرىنى ئىززەتلىشىپ، دوستانە بىللە ئۆتكەندىلا، ئاندىن جەمئىيەتنىڭ ئەمىنلىكى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلىغىلى، شۇنداقلا زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ھۆكۈمەت مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش ۋە ماجىرالارنى ھەل قىلىش بىلەن ھالسىراپ كېتىدۇ. پۇقرالارمۇ كۆڭۈل قويۇپ

ئىشلىيەلمەيدۇ، ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانمايدۇ، كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشى ياخشى ئۆتمەيدۇ. ئائىلە ئىناق بولسا ھەممە ئىش يۇرۇشۇپ كېتىدۇ. بىر كىچىك ئائىلە شۇنداق بولىدۇ. بىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلىمىز تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەمىنلىكىدىن ئىبارەت تۈپكى كاپالەت بولغانلىقتىن، شىنجاڭنىڭ 50 يىلدىن كۆپرەك تەرەققىياتى مۇشۇنداق تېز ۋە ياخشى بولغان. ھالبۇكى، بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەرقايسى جەھەتلەردە ئەكس ئەتتۇرۇلدى. ئىلگىرىكىدەك ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىش ئەھۋاللىرى تېزلا ئۆزگەرتىلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، دۆلىتىمىز تارىختىن قېپقالغان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زورمۇ زور تېڭىلغان مىللەت نامى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىش ياكى خورلاش خاراكتېرىدىكى يەر ناملىرىنى قوللىنىشنى چەكلىدى ياكى ئۆزگەرتتى. مەسىلەن، «دىخۋا» «ئۈرۈمچى» گە، «جېنشى» «باركۆل» گە، «گوڭخا» «نىلقا» غا ئۆزگەرتىلىپ، كۆپىنچىسىدە ئەسلىدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىلىدىكى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1984 ـ يىلى چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى 2000 غا يېقىن قازاق ئەسلى يۇرتىغا قايتىشنى تەلەپ قىلغاندا، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەخسۇس 1 مىليون يۈەن ئاجراتتى. چىڭخەي ھەممە كۆچۈش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالدى. شىنجاڭ ھەممىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. قازاق چارۋىچىلار مەخسۇس پويىز بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندە، شىنجاڭدىكى رەھبەرلەرنىڭ، ھەر ساھە ۋەكىللىرىنىڭ ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. 1988 ـ يىلى ئەسلىدە شىزاڭنىڭ ناچۇ رايونىدىن شىنجاڭنىڭ خېجىڭ ناھىيىسىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان 900 دىن كۆپرەك زاڭزۇ قېرىنداشلارمۇ ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ شىزاڭغا قايتۇرۇلدى.

شىنجاڭدا ھەر يىلدىكى «روزا ھېيت» ۋە «قۇربان ھېيت» لاردا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ھەر مىللەت خەلقى بايرام كۈنلىرىدىكى





ئارام ئېلىشتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ھۆكۈمەت ھەرقايسى رايونلاردىن مۇھىم قاتناش يوللىرى ياساشنى ۋە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى بار ئورۇنلاردا «مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى» قۇرۇپ، «مۇسۇلمانچە قازان ـ قومۇچ» ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى؛ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا يول قويۇلۇپ، كۆيدۈرۈش تەشەببۇس قىلىنمىدى ۋە باشقىلار. 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، شەھەر ئاھالىلىرىگە گۆش قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىلدى. ئەينى چاغلاردا قوي گۆشىنىڭ باھاسى چوشقا گۆشىنىڭ باھاسىدىن ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى بولغانلىقتىن، چوشقا گۆشى يېمەيدىغان مۇسۇلمانلارغا باشقا شەھەر ئاھالىلىرىگە قارىغاندا قوشۇمچە ياردەم پۇل كۆپرەك تارقىتىلدى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يەنە ئۈزلۈكسىز تۈردە تەشۋىقات، تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كىشىلەر قەلبىگە سىڭدۈرۈپ ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات يېتىلدۈردى. 1982 ـ يىلى، شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى. 1983 ـ يىلدىن باشلاپ ھازىرغىچە ھەر يىلى 5 ـ ئايدا شىنجاڭ بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتى ئىزچىل قانات يايدۇرۇلۇۋاتقانلىقىغا 20 يىل بولدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبىرىي تارماقلىرىنىڭ ھەممىسى مىللەتلەر سىياسىتىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكەن ـ كۈچەيتمىگەنلىكىنى كادىرلارنى سىناپ ۋە تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ نەتىجىسىگە باھا بېرىشنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ كەلدى.

بوشاشماي تىرىشىش مول مېۋە بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان «ھەممە ئادەمدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسى بولۇش، ھەممە ئادەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەكىتلەش، ھەممە ئادەم مىللەتلەر سىياسىتىنى بىلىش، ھەممە ئادەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ياخشى ئىش قىلىش» چاقىرىقى قەدەممۇ قەدەم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەرىكەت مىزانىغا ئايلىنىپ، شىنجاڭ بويىچە زور بىر تۈركۈم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان سابىق خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن

ۋالىيسى، باش ئىنژېنېر ۋاڭ ۋېي؛ مىللىي ماجىرالارنى ئەستايىدىل مۇرەسسە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان قەشقەر ۋىلايىتى مەكىت ناھىيە بازىرى يېڭى بازار ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش مۇدىرى ئوسمان قادىر؛ ئۆلۈغچات ناھىيىسىدە نەچچە ئون يىل سەھىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت بىمارلىرىغا 30 نەچچە قېتىم ھەقسىز قان بەرگەن ياخشى دوختۇر ۋۇدېڭيۇن؛ قار - شىۋىرغاندا قاپسىلىپ قالغان نەچچە يۈز كان ئىشچىلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتۇلدۇرۇۋالغان قازاق چارۋىچى ئابدان قاتارلىقلار بۇنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدۇر.

بىرقانچە يىلدىن بۇيان، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مىللىي ماجىرالار توختىماي، مىللىي قىرغىنچىلىق پات - پات يۈز بەرمەكتە. ئەمما، دۆلىتىمىزدە، بىزنىڭ شىنجاڭدا يەنىلا تىنچ - ئىتتىپاق بولۇشتەك ۋەزىيەت ساقلاندى، ئىقتىسادمۇ سىجىل، مۇقىم راۋاجلاندى. بۇنى ئېلىمىزدە يولغا قويۇلغان مىللەتلەر سىياسىتىدىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىدىن، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

## 9. شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش پائالىيەتلىرى قانداق قانات يايدۇرۇلدى؟

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش پائالىيىتى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان ئىلغار، نەمۇنىچى كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش ئارقىلىق پۈتۈن جەمئىيەت ئۈلگە قىلىپ ئۆگىنىشكە بولىدىغان تىپلارنى تىكلەش پائالىيىتىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا تۆۋەندىن يۇقىرىغا قەدەر سىلىشتۇرۇپ باھالاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، پۈتۈن جەمئىيەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كەيپىياتى يارىتىلىدۇ. بۇ شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى زور بىر كەشپىيات ھېسابلىنىدۇ. 1982 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭدا مەملىكەت بويىچە تەڭ دەرىجىلىك ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ، 1 - قېتىملىق ئاپتونوم رايون





بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلىپ، 183 ئىلغار كوللېكتىپ، 322 نەپەر ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ كەلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش پائالىيىتىمۇ تەدرىجىي ھالدا پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيتىلدى.

1988 - يىلى، گوۋۇيۈەن بېيجىڭدا 1 - قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىپ، 565 ئىلغار كوللېكتىپ بىلەن 601 نەپەر ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى. كېيىن يەنە 1994 - يىلى، 1999 - يىلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2 - قېتىملىق ۋە 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلدى. 1990 - يىلى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەملىكەت خاراكتېرلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 2000 دىن كۆپرەك ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرىنى باھالاپ چىقتى. 1998 - يىلى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر بىلەن بىرلىكتە 1 - قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش پائالىيەتلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئېلىپ بېرىلدى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارمۇ تەقدىرلەش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. مەسىلەن، 1998 - يىلى شىزاڭدا 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلدى. گەنسۇ ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار 2 - قېتىملىق ھەرمىللەت ياشلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىردى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن جياڭسۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىردى

ۋە باشقىلار.

1982 ـ يىلدىن كېيىن، شىنجاڭدا 1987 ـ يىلى، 1995 ـ يىلى ۋە 2000 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلدى. ئۇنىڭغا 1990 ـ يىلدىكى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى چاقىرغان بىر قېتىملىق يىغىن بىلەن مەملىكەت بويىچە چاقىرىلغان ئۈچ قېتىملىق يىغىن قوشۇلغاندىكى سەككىز قېتىملىق يىغىندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە بىر تۈركۈم ئىلغار تىپلار تۇرغۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە ئادەتتە مەيدانغا كەلگەن ئىلغار شەخسلەرمۇ ۋاقتىدا بايقىلىپ، ۋاقتىدا نام بېرىلىپ تەقدىرلەندى. ھازىرغا قەدەر، 60 دىن كۆپرەك ناھىيە (شەھەر) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە (شەھەر) بولۇپ تاللاندى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى بولغان 774 ئورۇن بىلەن 1273 نەپەر شەخس ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە، 111 نەمۇنىچى ئورۇن بىلەن 114 نەپەر نەمۇنىچى شەخس دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە، 140 نەمۇنىچى ئورۇن بىلەن 206 نەپەر نەمۇنىچى شەخس گوۋۇيۈەننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش پائالىيەتلىرى تەدرىجىي ھالدا كۆلەملىشىش، تۈزۈملىشىش يولىغا ماڭدى. 1997 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى بىرلىشىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن بەرپا قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى شەخس بولۇش پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى تارقىتىپ، تەقدىرلەش پائالىيەتلىرىنى تۈزۈملەشتۈرۈشنى قېلىپلاشتۇردى. ئۇنىڭدا، بۇندىن كېيىن ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم شىنجاڭ بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىش، پرىنسىپ جەھەتتە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم، ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر، رايون) ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىش، ھەرقايسى تارماق ۋە ئورۇنلار ھەر يىلى تەقدىرلەش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش لازىملىقى، ئاپتونوم رايون، ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىسىدىن يۇقىرى بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ئوخشاش





دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك نەمۇنىچىلارغا ئايرىم ـ ئايرىم مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

## 10. نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈللىنىشى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىن ئايرىلالمايدۇ دەيمىز؟

ئىقتىسادىي تەرەققىيات مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئىقتىساد تەرەققىي قىلمىسا، يېتەرلىك ماددىي ئاساستىن ئىبارەت كاپالەت بىلەن ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچتىن ئىبارەت يۆلەنچۈك بولمىسا، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك مەسىلىلىرىنىمۇ ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، تىرىكچىلىك قىلىش تەسكە چۈشىدۇ. مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش دېگەنلەردىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەملىشىشتەك سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەشنىڭ تۈپ يولى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا ئىدى. 1949 ـ يىلى، شىنجاڭدىكى ئاشلىق، پاختا، مايلىق دانىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 65 كىلوگرام، 10 كىلوگرام، 29 كىلوگرام، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 195 كىلوگرام بولۇپ، ماددىي مەھسۇلاتلار تېپىلمايتتى. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي بولغان كىچىك زاۋۇتتىن پەقەت ئون نەچچىسى بولۇپ، ھەتتا مىخ، سەرەڭگە قاتارلىق كۈندىلىك لازىمەتلىكلەردىمۇ ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەي سىرتتىن ئەكىلەتتى. بىر سۆكمۇ تۆمۈريول يوق، بىر قانچىلا ئېگىز ـ پەس ئاددىي تاشيول بولۇپ، قاتناش ـ ترانسپورتتا ئاساسەن تۆگە، ئېشەكلەرگە تايىناتتى. شىنجاڭ بويىچە شەھەر ھېسابىدىكى شەھەردىن پەقەت دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى) لا بار بولۇپ، ئۇنىڭ نوپۇسى ئاران 108 مىڭ ئىدى، شەھەر بويىچە ئاران ئالتە بىنا، 1.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاسفالت يول بار ئىدى. شەھەر قىياپىتى بۇزۇلۇپ، كونىلار ئېيتقاندەك «شامال چىقسا ئەخلەتلەر ئۇچۇپ، قۇياش چىقسا سېسىقچىلىق بولاتتى». ئاھالىسى 20 مىڭدىن ئاشىدىغان

شەھەر ـ بازارلاردىن غۇلجا، قەشقەر، يەكەنلا بار ئىدى. قالاق ئىقتىسادىي سەۋىيە، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەتنىڭ مۇقىمسىزلىقى، جېدەل ـ ماجىرالارنىڭ توختىماسلىقى، پومېشچىك، چارۋىدارلارنىڭ زۇلۇمى دەستىدىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى ساقلىشىمۇ ناھايىتى قىيىن ئىدى. ئەينى چاغدا كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 30 ياشقىمۇ يەتمەيتتى، $\frac{1}{3}$ قىسىم بوۋاقلار تىلى ۋە ئايىغى چىقماي تۇرۇپلا ئۆلۈپ كېتەتتى. ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىقلار تېخىمۇ قالاق ئىدى. شىنجاڭ بويىچە بىرمۇ كەسپىي مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەشكىلاتى يوق ئىدى. پەقەت بىرلا ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ، 185 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدىن سۆز ئېچىش بىر قۇرۇق خىيال ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى 50 نەچچە يىل مابەينىدە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك شانلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 2000 ـ يىلى، شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 136 مىليارد 500 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىشتۇرما باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 1952 ـ يىلدىكىدىن 49 ھەسسە كۆپىيىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.3% ئېشىپ ماڭدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ماشىنىلىشىش، تۈجۈپىلىشىشكە قاراپ ماڭدى. خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى، سۇلياۋ يوپۇق ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 2000 ـ يىلى ئاشلىق، پاختا، مايلىق دانىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 373 كىلوگرام، 99 كىلوگرام ۋە 129 كىلوگرامغا كۆتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ چوڭ يېزا ئىگىلىك ئۆلكىسىگە ئايلاندى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى تېز راۋاجلاندى. 2000 ـ يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 122 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1952 ـ يىلىغا قارىغاندا 172 ھەسسە ئاشتى. تاشيول، تۆمۈريول، خەلق ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرى ئۈزلۈكسىز ئۇزىراپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يېيىلغان ستېرېئولۇق قاتناش ـ ترانسپورت تورى شەكىللەندى. شىنجاڭدىكى شەھەر ـ بازارلار 150 گە كۆپەيدى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاھالىسى 2 مىليونغا يېتىپ، سانائەت،





كان ـ كارخانىلىرى ھەممە يەرنى قاپلىغان، ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرگەن، مەدەنىيەت، مائارىپ تەرەققىي قىلغان، بازارلىرى ئاۋات بولغان غەربىي قىسىمدىكى كاتتا مەركىزىي شەھەر بولۇپ قالدى. قاراماي، شىخەنزە، قۇمۇل، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەرلەرمۇ غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى 200 مىڭدىن ئاشىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەرلەرگە ئايلاندى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 1949 ـ يىلى 30 ياشقىمۇ يەتمىگەن بولسا، 1982 ـ يىلى 60 ياشقا، 1990 ـ يىلى 65 ياشقا، 1995 ـ يىلى 68.5 ياشقا يەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن تۇغۇلغان 3 ـ ئەۋلادنىڭ بويى ئاتا ـ ئانىسىغا قارىغاندا 5 سانتىمېتىر ئېگىزلىدى.

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ داۋاملىشىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە تارقىلىشىنى پۇختا ماددىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. 2000 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەر 20 گە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 32 مىڭغا يېتىپ، كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ماگىستىر ۋە دوكتور يېتىشىپ چىقتى. ئوتتۇرا ياش، ياشلاردىكى ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 2% دىن تۆۋەنلىدى. مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇتۇلدى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»، موڭغۇللارنىڭ «جاڭغىر»، قىرغىزلارنىڭ «ماناس» قاتارلىق مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى يىغىپ رەتلەنگەندىن كېيىن نەشر قىلىنىپ، كەڭ تۈردە تارقىتىلدى؛ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تاجىك، شىبە، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ كەسپىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇن قويۇش ئۆمەكلىرى بارلىققا كەلدى. شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ئويۇن قويۇش ئۆمىكى پۈتۈن مەملىكەت، شۇنداقلا دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلاردا ئويۇن كۆرسىتىپ، يەرلىك خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. شىنجاڭنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى دۇنياغا يۈزلەندى.

## 11. نېمە ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى دۆلەت ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ دەيمىز؟

شىنجاڭنىڭ گەرچە زېمىنى چوڭ، بايلىقى مول بولسىمۇ، ئەمما ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەن، ئاساسى ناچارراق بولغانلىقتىن، ھەر مىللەت خەلقى بۇنداق قالاق قىياپەتنى تېز ئۆزگەرتىشتە ئۆزىنىڭلا تىرىشچانلىقىغا تايىنىش كۇپايە قىلمايدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، بىر قاتار ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ۋە چارە ـ تەدبىرلەرنى ناھايىتى تېزلا تۈزۈپ چىقتى. دۆلەت مالىيىسى 1955 ـ يىلى «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم خىراجىتى»، 1964 ـ يىلى «مىللىي رايونلارنىڭ مالىيە خام چوت خىراجىتى» ۋە «مىللىي رايونلارنىڭ زاپاس فوندى» نى تەسىس قىلدى. 1979 ـ يىلغا كەلگەندە، مەركەزنىڭ مۇشۇ ئۈچ تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىلا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىغا بەرگەن قوشۇمچە ياردىمى 3 مىليارد يۈەنگە يەتتى. شىنجاڭ بىر مىللىي ئاپتونوم رايون سۈپىتىدە تېخىمۇ كۆپ ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ۋە مالىيە ياردىمىگە ئېرىشتى. 1950 ـ يىلى، دۆلەتنىڭ شىنجاڭغا بەرگەن تولۇقلىما ياردەم مەبلىغى 500 مىڭ سەر ئالتۇنغا باراۋەر كېلىدۇ. 1955 ـ يىلدىن 1994 ـ يىلغىچە مەركەز مالىيىسىنىڭ شىنجاڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن بەرگەن نورمىدىكى قوشۇمچە ياردىمى بىلەن مەخسۇس تۈرلەردىكى قوشۇمچە ياردىمى 40 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ مالىيە چىقىمىنىڭ 56.7% نى ئىگىلىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، 40 يىل ئىچىدىكى شىنجاڭنىڭ مالىيە چىقىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى مەركەز مالىيىسى بەردى. 1988 ـ يىلدىن باشلاپ مەركەزنىڭ ھەر يىلى شىنجاڭغا بەرگەن نورمىدىكى قوشۇمچە ياردىمى 1 مىليارد 529 مىليون يۈەنگە يەتتى. «9-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مەركەز شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئاشۇردى. 1997 ـ يىلىلا، مەركەزنىڭ شىنجاڭغا سالغان مەبلىغى 35 مىليارد يۈەنگە يەتتى. 1989 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئېغىر يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئۇلۇغچات ناھىيىسىنى قايتا قۇرۇشقا سېلىنغان مەبلەغ جەمئىي 57 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۇمۇ مەركەزنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. دۆلەت يەنە باج، خام ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش، سودا، مىللىي لازىمەتلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش، تاشقى سودا قاتارلىقلاردا شىنجاڭغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا دۆلەت شىنجاڭنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەش سالمىقىنى تېخىمۇ





ئاشۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ياردەم بىلەن تەمىنلىدى.

دۆلەت شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى قالاق، ئىختىساسلىق خادىملار كەمچىل بولۇشتەك ۋەزىيىتىنى تېزدىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خۇنەن، خۇبېي، شەندۇڭ، جياڭسۇ، گۇاڭدۇڭ، تيەنجىن، شاڭخەي قاتارلىق قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەردىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر، چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار، تۈرلۈك مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا تەقسىم قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ھەمدە ئۆزلىرىنى چېگرا رايونلارنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا خالىسانە بېغىشلىغان خادىملار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىليوندىن ئارتۇق شىنجاڭغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان زور تۈركۈمدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىختىساسلىق خادىملىرىنى سەپەرۋەر قىلدى. كۆپلىگەن ئورۇنلار شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شارائىتى خېلى ئەۋزەل بولغان چوڭ شەھەرلەر بىلەن خوشلىشىپ، زاۋۇتلىرىنى غەربكە كۆچۈرۈپ، شىنجاڭغا كېلىپ ماكانلاشتى. مەسىلەن، ھازىرقى شىنجاڭدىكى بەزى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تايانچ كارخانىلاردىن «1 ـ ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتى، تۆۋەن بېسىملىق ئېلېكتر بۇيۇملىرى زاۋۇتى قاتارلىقلار شاڭخەيدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن؛ 1 ـ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش قۇراشتۇرۇش شىركىتى قاتارلىقلار چاڭچۈندىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن؛ 2 ـ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى تيەنجىندىن، مېتاللورگىيە قۇرۇلۇش شىركىتى لەنجۇدىن، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قۇراشتۇرۇش شىركىتى شىئەندىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. بۇ خادىملار ۋە كارخانىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى بىلەن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشۇلۇپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرى تېز سۈرئەتتە قانات يايدۇرۇلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىچكىرىدىكى ئىقتىسادى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان ئۆلكە ۋە رايونلارنى مىللىي رايونلارغا قاراتمىلىق ياردەم بېرىشكە ئۇيۇشتۇردى. جياڭسۇ، شاڭخەي ۋە شەندۇڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەر شىنجاڭغا قاراتمىلىق ياردەم بېرىدىغان بولدى. قاراتمىلىق ياردەم بېرىش دائىرىسى سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، سودا ـ

تىجارەت، پەن - تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىملار، مەدەنىيەت - مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەقلىي كۈچ جەھەتتىن ياردەم بېرىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تەرەققىي قىلغان رايونلار تاللاپ ئەۋەتكەن تېخنىكلار، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، كارخانا باشقۇرغۇچى قاتارلىق ھەر خىل كەسپىي خادىملار شىنجاڭغا ياردەم بەرگۈچى كادىرلار سۈپىتىدە شىنجاڭغا كېلىپ، ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيىلەردە ۋەزىپە ئۆتەپ، ئىلغار تېخنىكا ۋە ئىدىيىلەرنى يەتكۈزۈش ھەمدە ئۆلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بىۋاسىتە ئىلگىرى سۈردى. شىنجاڭدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئىگىلىك باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن كارخانىلاردىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىمۇ ئىچكىرىدىكى قارىتىلىق ياردەم بېرىدىغان ئۆلكە، شەھەرلەرگە بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەپ ئۆگەندى.

مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى جەھەتتە دۆلەت مىللىي مائارىپ قاتارلىق تۈرلەرگە مەخسۇس قوشۇمچە ياردەم بېرىش خىراجىتى تەسىس قىلىپ، مەكتەپكە كىرىش، ئىشچى قوبۇل قىلىش، تەربىيىلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بەردى. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملار بىلەن مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ شىنجاڭ سىنىپى ئېچىشنى ۋە ۋاكالىتەن ئاسپىرانت تەربىيىلەپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەر ئاچقان مىللىي سىنىپلار 10 مىڭغا يېقىن تۈرلۈك ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. 2000 - يىلدىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى 12 چوڭ شەھەردە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىلدى. قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ 90% نى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى، جۈملىدىن خېلى بىر قىسمىنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن كەلگەن تۇرمۇشى نامرات ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىگىلىدى. مەركەز بۇنىڭغا مەخسۇس مائارىپ ئوقۇتۇش راسخوتى ئاجراتتى. مەكتەپ تۇرۇشلۇق شەھەرلەرمۇ ئىمكانقەدەر قولاي شارائىتلار بىلەن تەمىنلىدى. نەنجىڭ شەھىرى ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ بىر يىللىقى 8000 يۈەنلىك كۈندىلىك تۇرمۇش خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ ھەممىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئوقۇش خىراجىتىمۇ ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئاساسەن كېمەيتىپ ئېلىندى ياكى كەچۈرۈم





قىلىندى. ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش — چەت - چېگرا رايونلاردىكى نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ گۈزەل ئارزۇسىغا ئايلاندى. سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇماسلىق لازىم. شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىشى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى دۆلەتنىڭ ۋە ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ۋە ياردەم بېرىشىدىن ئايرىلمايدۇ. بۇندىن كېيىن، شىنجاڭ يەنىلا بۇنداق ياردەمگە موھتاج. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بولغان باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ھەمكارلىشىشمۇ بارغانسېرى كۆپىيىدۇ.

## 12. پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى شىنجاڭدا قانداق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى؟

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا، ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇپ، ئاپتونومىيىلىك ئورگانلارنى تەسىس قىلىش ئارقىلىق ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزنىڭ مەركەزلىشىش بىرلىككە كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەم دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت ئامmىسىنىڭ ئۆزلىرى باشقۇرۇش ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىكى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز رايونى، ئۆز مىللىتىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، شارائىتقا يېقىنىپ راۋاجلىنالايدۇ. مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىش بىلەن بىرلىكتە، ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى مىللەتلەرنى بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشكە ئۈندەيدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈمى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزدە مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل

قىلىشنىڭ تۈپ سىياسىتى. يېرىم ئەسىرگە يېقىن تەرەققىيات مۇساپىسى جەريانىدا، پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى شىنجاڭدا غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

(1) 1955 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. ئۇ ئاز سانلىق مىللەت (ئۇيغۇرلار) توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر چوڭ رايون ئاساس قىلىنىپ، ئاھالىسى ئازراق بولغان بىرقانچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاپتونومىيىلىك جاي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى 13 ئاساسلىق مىللەت ئىچىدە ئۆزبېك، تاتار، رۇس، مانجۇ قاتارلىق سانى بەك ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە تارقاق بولغانلىقتىن، ئاپتونومىيىلىك بىرلىكلەرنى قۇرۇشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان مىللەتلەردىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلار ياكى مىللىي يېزىلارنى قۇردى. ھازىر شىنجاڭدا قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق تۆت مىللەتنىڭ بەش ئاپتونوم ئوبلاستى ھەمدە قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، تاجىك، شىبە قاتارلىق بەش مىللەتنىڭ ئالتە ئاپتونوم ناھىيىسى، ۋە يەنە 42 مىللىي يېزا بار. شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى بەش ئاپتونوم رايون ئىچىدە بىردىنبىر رايون، ئوبلاست، ناھىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورۇنلىرى تولۇق بولغان ئاپتونومىيىلىك جاي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(2) يەرلىك قانۇن تۈزۈش خىزمىتى يولغا قويۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە زۆرۈر بولغان نۇرغۇن قانۇن ـ قائىدە، قارارلارنى تۈزۈش ئارقىلىق، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈلدى. شىنجاڭدا ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان ۋە تەستىقلانغان يەرلىك قانۇن ـ قائىدە ۋە قانۇن كۈچىگە ئىگە قارار ـ بەلگىلىمىلەر ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، ئىگىلىك باشقۇرۇش، بايلىقلارنى قوغداش، مۇھىت ئاسراش، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، جەمئىيەت ئامانلىقى، دىن قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. مەسىلەن، «نىكاھ قانۇنىنىڭ قوشۇمچە بەلگىلىمىسى»، «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»، «تىل ـ يېزىق خىزمىتى نىزامى» قاتارلىقلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك ئورنى بىلەن





باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

(3) كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى، ھۆكۈمەت ھەم تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى قاتارلىقلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنىڭ مىللىي تەركىبى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىدىن ئېشىپ كەتتى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا، ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ سالمىقى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ شىنجاڭ نوپۇسىدىكى سالمىقىغا قارىغاندا تۆت پونكىت يۇقىرى بولدى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرىدىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقلىرىنى ئاساسلىق قورال سۈپىتىدە قوللاندى، شىنجاڭنىڭ نەشرىيات، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، كىنو قاتارلىق ساھەلىرىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى كەڭ مىقداردا قوللىنىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز تىل ـ يېزىقىدىن ئەركىن پايدىلىنىپ خىزمەت قىلىش، تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك ھوقۇقىمۇ ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈلدى.

ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى راۋاجلاندى، ھەر تۈرلۈك ئىشلىرى ئومۇميۈزلۈك يۈكسەلدى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسى ھەممە كىشىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈلدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇش ھەم ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش — شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلالىشىنىڭ مۇھىم ھالقىلىرىنىڭ بىرسى.

## 13. شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ـ ھۆكۈمەت كادىرلار قوشۇنى قانداق ئۆسۈپ يېتىلىپ زورايغان؟

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئاز سانلىق

مىللەت پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىر مۇھىم تەدبىرى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ ئاچقۇچى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى پىششىق بىلىدۇ، ئۆز مىللىتى خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدۇ، ئۇلار پارتىيىنىڭ تۇرلۇك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشتۇرۇپ، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلايدۇ.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. 1950 ـ يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا 3000 لا ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بار ئىدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى تېز كېڭەيتىش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتە مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ۋە تۈرلۈك كادىرلار مەكتەپلىرىنى قۇردى، ئەمەلىي خىزمەتتە ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ۋە مۇئەييەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنى تاللاپ ئۆگىنىشكە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ نەزەرىيە، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ زور تۈركۈمدىكى مۇنەۋۋەر كادىرلىرى تېز ئۆسۈپ يېتىلدى. 1955 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 46 مىڭغا يەتتى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بېرى، شىنجاڭ «ساپانى ئۆستۈرۈش، قۇرۇلمىنى ياخشىلاش، يۈرەكلىك ئۆستۈرۈش، دادىل ئىشلىتىش» فاڭجېنىنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئىشلىرى، ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق تارماقلاردا بىرقەدەر مۇكەممەل ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلدى. ھازىر پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 348





مىڭغا يېتىپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 51.8% نى ئىگىلىدى. بۇ 1955 ـ يىلدىكىنىڭ 7.6 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

زور كۆلەمدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا چىقىپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى تايانچ كۈچكە ئايلاندى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ئۆلكە دەرىجىلىك ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىر 31 كىشى، ۋىلايەت ـ نازارەت دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىر 449 كىشى، ناھىيە ـ باشقارما دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىر 3600 كىشى بولۇپ، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوخشاش دەرىجىلىك كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 55.3%، 42.5% ۋە 34.4% نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكى، ھەر قايسى ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ ئوبلاست باشلىقلىقى، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىقى ۋە ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنىڭ ھەممىسىنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرى ئۈستىگە ئېلىۋاتىدۇ. قاراماي شەھىرى ۋە شىخەنزە شەھىرىدىن ئىبارەت بىڭتۇەن گۇللىنىۋاتقان ئىككى شەھەردىن باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ۋالىيلىقى، ئوبلاست باشلىقلىقى ۋە شەھەر باشلىقلىقىنى ئومۇمەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۈستىگە ئېلىۋاتىدۇ؛ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 85% ھاكىمى ۋە رايون باشلىقلىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن بولۇپ، يېزا ـ بۆلۈم دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 21 مىڭغا يەتتى، ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرى كادىرلىرىمۇ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، زور كۆلەمدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىمۇ ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك رەھبەرلىك خىزمىتى ئورۇنلىرىغا چىقتى. 1999 ـ يىلى ئاز سانلىق مىللەت ئايال كادىرلىرى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئايال كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 46% تىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلىدى.

كادىرلارنى تەربىيىلەش، ئىشلىتىش خىزمىتىدە «ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك» بولۇش ئىنتايىن مۇھىم بىر ئۆلچەم. بۇ «ئۆگىنىشكە،

سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش» نى، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاشنى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە بىرىنچى سەپتە تۇرۇشنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئاڭلىق قوغداشنى، پۈتۈن نىيەت ـ پۈتۈن قەلب بىلەن ھەر مىللەت خەلقىگە خىزمەت قىلىشنى، ئىقتىدارلىق ۋە بىلىملىك بولۇشنى، خىزمەتتە ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولۇشنى ھەمدە رەھبەرلىك ئىقتىدارى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلەپلىرىگە ماس كېلىدىغان، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك، يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى بەرپا قىلغاندىلا، پارتىيىنىڭ تۇرلۇك فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى، جەمئىيەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنى ساقلىغىلى بولىدۇ.

## 14. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى قانداق غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى؟

ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ مائارىپ سەۋىيىسى تۆۋەن، تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا ئىدى. 1949 ـ يىلى پۈتۈن شىنجاڭدىكى تۆت مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە ئىچىدە جەمئىي 1335 باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 180 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى؛ 9 ئوتتۇرا مەكتەپ بار بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 1819 ئىدى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ 11 بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 1266 ئىدى؛ ئالىي مەكتەپ بىر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 185 ئىدى. پۈتۈن شىنجاڭدا مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 6799 نەپەر، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 94 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇتقۇچىسى 76 نەپەر، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 14 نەپەر ئىدى. مەكتەپ ئىمارەتلىرى ئاددىي، ئوقۇتۇش شارائىتى ناھايىتى ناچار ئىدى. ساۋاتسىزلىق نىسبىتى %90 تىن يۇقىرى ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، پارتىيە، ھۆكۈمەت باشتىن ـ





ئاخىر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ، پىلان، خىراجەت، ئوقۇتقۇچى قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلەردە نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە يۆلەپ، شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى تېز تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى. 2000 ـ يىلى، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئىككى مىليون 581 مىڭغا يېتىپ، مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى ئومۇمىي سانىنىڭ %66.8 نى ئىگىلىدى. ئاز سانلىق مىللەت باللىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %97 كە يەتتى. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدە ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپتىن ئىككىسى، تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرى، يېزا ئىگىلىك، تېببىي پەن، پېداگوگىكا قاتارلىق كەسپىي ئالىي مەكتەپلەردىن 18 ى بار بولۇپ، تولۇق كۇرس، ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى 72 مىڭ 900 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 32 مىڭ نەپەر. يەنە نۇرغۇن ياش قۇرامىغا يەتكەنلەر ساۋات چىقىرىش مائارىپىنى قوبۇل قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلىرىنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى ئىككى پىرسەنتكە تۆۋەنلىدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىدا باللار مائارىپىدىن تارتىپ ئالىي مائارىپقىچە، ئادەتتىكى مائارىپتىن تارتىپ چوڭلار مائارىپىغىچە بىرقەدەر مۇكەممەل سىستېما شەكىللەندى.

شىنجاڭدا مۇتلەق كۆپ ساندىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى قوللىنىپ مەكتەپ تەربىيىسىگە ئېرىشىدۇ. 1999 ـ يىلى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۆز ئالدىغا تەسىس قىلىنغان ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، شىبە، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرى 5882 بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %69 نى ئىگىلىدى، يەنە بەزى مەكتەپلەر مىللىي تىل ۋە خەنزۇ تىلى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان قوشۇۋېتىلگەن مەكتەپلەردۇر. ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى بويىچە ئوقۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت يەنە زور مىقداردىكى ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىدىكى دەرسلىكلەرنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى.

چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

باشتىن ــ ئاخىر شىنجاڭ مىللىي مائارىپىدىكى مۇھىم ۋە قىيىن نۇقتا بولماقتا. چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ شارائىتى ناچار، ئولتۇراقلىشىشى تارقاق، ئاھالىنىڭ يۆتكىلىشچانلىقى زور، كۆپ خىل تىلدا دەرس ئۆتۈلىدىغانلىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇزاقتىن بېرى نۇرغۇن چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ مۇنتىزىم مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇشى تەس بولماقتا. ئازادلىقتىن كېيىن، ئات ئۈستى باشلانغۇچ مەكتىپى، چېدىر باشلانغۇچ مەكتىپى قاتارلىق كۆچمە ئوقۇتۇش شەكىللىرى قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ناھايىتى قىيىن بولدى. 1978 ـ يىلى شىنجاڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنى رەسمىي قارار قىلدى. 1993 ـ يىلدىن 1997 ـ يىلغىچىلا چارۋىچىلىق ناھىيىلىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ياتاق قۇرۇلۇشىغا 170 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشى تەس بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

شىنجاڭدا يەنە مىللىي مائارىپ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئاز سانلىق مىللەت مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلىرىنى ئىمكانقەدەر تېز تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارغا ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقان ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتا ئەلالىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىشنى بىرلەشتۈرۈش چارىسى يولغا قويۇلۇپ، ئومۇمەن خەنزۇ تىلى بويىچە بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتناشقان ۋە مىللىي تىل بويىچە بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتناشقان ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش نومۇر چېكى تۆۋەنلىتىلدى؛ ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرىنىڭ شىنجاڭ سىنىپى ئېچىپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىشى ھاۋالە قىلىندى. ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان مۇنەۋۋەر ياش ئوقۇتقۇچىلار، تەتقىقاتچى خادىملار چەت ئەلگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. 2000 ـ يىلدىن باشلاپ مەركەز يەنە مەخسۇس تۈر بويىچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىراجىتى ئاجرىتىپ، بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، نەنجىڭ، گۇاڭجۇ، دالىيەن قاتارلىق 12 شەھەردە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئاچتى، ھەر يىلى قوبۇل قىلىنغان 1000





نەپەر ئوقۇغۇچى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت پەرزەنتلىرى 90% نى ئىگىلىدى. كۆپ يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 يىلدىن بېرى، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تەربىيىلەنگەن تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچى سانى 57 مىڭ 900 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 135 مىڭ 700 نەپەر بولۇپ، جەمئىيەتكە زور تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي خادىملىرى يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى.

## 15. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى قانداق قوغداپ قېلىنىدى ۋە جارى قىلدۇرۇلدى؟

ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ پەخىرلىنىدىغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بولىدۇ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئېلىمىزنىڭ ئېسىل بايلىقى دەپ قارىلىپ توپلاندى، رەتلەندى، تەرجىمە قىلىندى، دۆلىتىمىزدە ساقلانمىغانلىرى ئامال قىلىپ باشقا ئەللەردىن سېتىۋېلىپ كېلىندى، توپلاپ نەشر قىلىندى ياكى رەتلىنىپ سەھنىدە ئوينالدى، ئۇلارنىڭ تارقىلىشى كەڭ بولدى، شىنجاڭ قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى 1984 ـ يىلدىن باشلاپ پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1999 ـ يىلىغىچە يىغىۋېلىنغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە، تاتارچە، ئۆزبېكچە، شىبەچە، مانجۇچە، خۇيزۇچە، داغۇرچە قەدىمىي كىتابلار بەش مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭدىن رەتلەپ نەشر قىلىنغىنى 100 دىن ئارتۇق. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ «جۇڭگو مىللەتلىرى خەلق ئۇسسۇللىرى مەجمۇئەسى. شىنجاڭ قىسمى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى خەلق ناخشىلىرى مەجمۇئەسى. شىنجاڭ قىسمى» قاتارلىق ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسسۇل تۈرلىرىدىكى ئون چوڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەجمۇئەسى رەتلەپ نەشر قىلىندى.

11 ـ ئەسىردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر بۈيۈك ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تېكىستى ياكى قولدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ئېلىمىزدە ھۆكۈمەت تەرەپ

ياكى خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالمىغانىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ئالىملىرى بۇ ئىككى كىتابنى توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىشقا زور جاپالىق ئەمگەكلىرىنى سەرپ قىلدى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىمۇ نەشر قىلىندى.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخىدا ئۈچ چوڭ تارىخىي داستان بار. ئۇلار شىنجاڭ موڭغۇللىرىنىڭ «جاڭغىر» ئېپوسى، قىرغىزلارنىڭ «ماناس» ئېپوسى، چىڭخەي زاڭزۇلىرىنىڭ «گېسار ۋاڭ» ئېپوسىدىن ئىبارەت. ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۈچ ئۇلۇغ قەھرىمان ـ جاڭغىر، ماناس ۋە گېسار توغرىسىدىكى ھېكايىنى بايان قىلىدۇ. ئىراق كۆپ يىللاردىن بېرى بۇ ھېكايىلەر خەلق ئاقىنلىرى تەرىپىدىن ئېيتىلىپ كەلگەن، شۇنداقلا تارقالغان، يازما تېكىستى يوق ئىدى. 1984 ـ يىلى «ماناس» قىرغىز يېزىقىدا نەشر قىلىندى، «جاڭغىر» 1980 ـ يىلى موڭغۇل يېزىقىدا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. قازاقلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى ۋە مۇھەببەت داستانلىرىدىن ھازىرغىچە 30 دىن ئارتۇقى نەشر قىلىندى.

خەلق ئىچىدە تۆت ئەسىردىن كۆپ ۋاقىت تارقىلىپ يۈرگەن ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق مۇزىكىسى ۋە ئۇسسۇلىنىڭ مۇجەسسەملىنىشى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئانىسى دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەنىدى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان «ئون ئىككى مۇقام» قۇتقۇزۇۋېلىنىدىغان مۇھىم سەنئەت ئەسەرلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1965 ـ يىلى ئۇنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى سەھنىدە ئورۇندىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تاماشىبىنلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. 1978 ـ يىلى شىنجاڭدا يەنە مۇقام ئانسامبىلى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس ئويۇن قويدى ۋە مۇقامنى تەتقىق قىلدى. «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ نوتىسى ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى كۆپ قېتىم نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

شىنجاڭ تارىختىن بېرى «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ناخشا ـ ئۇسسۇل





شەكىللىرى بار. 50 ـ يىللاردىن باشلاپ ھۆكۈمەت بىر تۈركۈم مەخسۇس خەلق ئارىسىدىكى سەنئەت ئەسەرلىرىنى توپلاش ۋە قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئېلىپ بارىدىغان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەپ، ھەرقايسى مىللەت ئاممىسىنىڭ ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، زور مىقداردىكى خەلق مۇزىكىلىرى ۋە ئۇسسۇللىرىنى توپلاپ ۋە رەتلەپ چىقتى. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «غەربىي شىمال خەلق ناخشىلىرىنىڭ پىرى» دېگەن نامى بار ۋاڭ لوبىڭ 30 ـ يىللاردىن باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ خەلق ناخشىلىرىنى توپلاپ رەتلىگەن. بۇ خەلق ناخشىلىرى پۈتۈن دۇنيادىكى جۇڭگولۇقلار ئارىسىدا كەڭ ئېيتىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى سەرخىل ئەسەرلەردىن بولۇپ قالدى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، شىنجاڭدا بىرەرمۇ كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى يوق ئىدى، قەدىمكى مول مەدەنىيەت ـ سەنئەت مىراسلىرىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىپ رەتلەيدىغان ئاپپارات تېخىمۇ يوق ئىدى. 1958 ـ يىلى شىنجاڭدا تۇنجى سەنئەت مەكتىپى ئېچىلدى. ھازىر ئۇ شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىغا تەرەققىي قىلدى. ھازىر شىنجاڭدا بىر تۈركۈم كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە سەنئەت تەتقىقاتى ھەم ئىجادىيەت ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تاجىك، شىبە، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرى بار بولدى، يەنە بىر تۈركۈم مەشھۇر سەنئەتكارلار مەيدانغا كەلدى. شىنجاڭ مىللەتلەر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ۋە بەزى يەرلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ ئويۇن قويۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى جايلاردا قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىمۇ پارلاق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت تەنتەربىيە مۇنبىرىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن تۈرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى تۈرلەر بولدى. مەسىلەن، چېلىشىش، قارىغا ئېتىش، چەۋەندازلىق قاتارلىقلار. ھۆكۈمەتنىڭ قوغدىشى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، ئۇيغۇر خەلق دارۋازچىلىقى يۇقىرى پەللىگە چىقتى. شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىنىڭ دارۋازلىق ئويۇن قويۇش ئەترىتى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئويۇن قويۇپ، باشتىن ـ ئاخىر شەرەپ قۇچتى. بولۇپمۇ دارۋازچىلارنىڭ 6 ـ ئەۋلادى ئادىل ھوشۇر 1997 ـ يىلى، 2000 ـ يىلى

ۋە 2002 ـ يىلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چاڭجىياڭ سەنشىيا بوغۇزى، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ خېڭشەن ناھىيىسى، بېيجىڭنىڭ پىڭگۇ ناھىيىسىدە ئارقا ـ ئارقىدىن دۇنيا جىننىس رېكورتىنى يارىتىپ، ۋەتەنگە شان ـ شەرەپ كەلتۈردى، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى.

## 16. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل سىستېمىسى تەۋەلىكى ئەھۋالى قانداق؟

مىللەت تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى ئومۇمەن ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەرياندا، تىللارنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى ياكى بۆلۈنۈشى ئارقىلىق تەدرىجىي بولىدىغان ئىش، نۇرغۇن تىللار مۇئەييەن قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە. تىللارنىڭ يېقىن ـ يىراقلىقى، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، تىللار تىل سىستېمىسى، تىل ئائىلىسى، تىللار تارمىقى، تىل تۈرى، شۇۋە قاتارلىق قاتلاملارغا بۆلۈنىدۇ. شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك تىل ـ يېزىق رايونى، 13 ئاساسىي مىللەت 10 خىل تىلنى قوللىنىدۇ. ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا: ئالتاي تىل سىستېمىسى، خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىل سىستېمىسى، ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسى، موڭغۇل تىللىرى ئائىلىسى، مانجۇ ـ تۇڭگۇس تىللىرى ئائىلىسى (ئالتاي تىل سىستېمىسىغا تەۋە)، خەنزۇ تىللىرى ئائىلىسى (خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىل سىستېمىسىغا تەۋە)، ئىران تىللىرى ئائىلىسى، سلاۋيان تىللىرى ئائىلىسى (ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تەۋە) گە مەنسۇپ.

شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىللىرى ئىچىدە توققۇز تىل ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا تەۋە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار تىلىدىن ئىبارەت بەش تىلنىڭ مۇناسىۋىتى بىرقەدەر يېقىن، بۇلار ئوخشاشلا تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە. قىرغىز تىلى شەرقىي ھون تىل تارمىقىغا تەۋە بولغاندىن سىرت، باشقا تۆت تىل غەربىي ھون تىل تارمىقىغا تەۋە. موڭغۇل، داغۇر تىللىرى موڭغۇل تىللىرى ئائىلىسىگە تەۋە؛ شىبە تىلى مانجۇ ـ تۇڭگۇس تىل ئائىلىسىنىڭ مانجۇ تىلى تارمىقىغا تەۋە. ئىككى تىل ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تەۋە، تاجىك تىلى ئىران تىل ئائىلىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىل تارمىقىغا تەۋە، رۇس تىلى سلاۋيان تىل ئائىلىسىنىڭ شەرقىي سلاۋيان تىل





تارمىقىغا تەۋە. خەنزۇ تىلى خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىل سىستېمىسىغا تەۋە، خەنزۇلار، خۇيزۇلار ۋە مانجۇلار خەنزۇ تىلىنى قوللىنىدۇ.

ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، رۇس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئورتاق قوللىنىدىغان ئەنئەنىۋى يېزىقلىرى بار. يېزىق تۈرىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر ئەرەب ھەرىپى ئاساسىدىكى ئېلىپبەلىك يېزىقنى قوللىنىدۇ؛ تاجىكلارنىڭ ھازىر ئىشلىتىۋاتقىنى ئۇيغۇر يېزىقى؛ ئۆزبېك، تاتارلار ئەسلىدە ئەرەب ھەرىپى ئاساسىدىكى ئۆز يېزىقىنى قوللىناتتى، ھازىر ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدۇ، بىر قىسمى قازاق يېزىقىنى قوللىنىدۇ. شىنجاڭ موڭغۇللىرى ئىلگىرى تود موڭغۇل يېزىقىنى قوللانغان ئىدى. مەملىكەت ئىچىدىكى موڭغۇللارنىڭ تىل ـ يېزىقىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە قېلىپلىشىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1982 ـ يىلدىن باشلاپ باشقا رايونلاردىكى موڭغۇللار خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى يولغا قويدى. ھازىر شىنجاڭدىكى موڭغۇللار خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىۋاتىدۇ. شىبەلەر كونا مانجۇ يېزىقى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن شىبە يېزىقىنى قوللىنىۋاتىدۇ. رۇسلارنىڭ بىر قىسمى رۇس يېزىقىنى قوللىنىدۇ، بىر قىسمى خەنزۇچە يېزىق ياكى ئۇيغۇر يېزىقى، قازاق يېزىقىنى قوللىنىدۇ. داغۇرلار خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىدۇ.

تىل كىشىلەر ئۆزئارا ئالاقە قىلىدىغان قورال، باشقا تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرئارا ئالاقىدە ئالدى بىلەن تىل توسالغۇسىنى تۈگىتىش زۆرۈر. كۆپ مىللەتلىك رايونلاردا باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ناھايىتى نورمال، ناھايىتى ئومۇميۈزلۈك ھادىسە. ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىسى كۈچىيىدۇ، تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش تەلىپى تېخىمۇ تەخىرسىز بولۇپ قالىدۇ. نۆۋەتتە، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش، ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان مەكتەپلەردە، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرى ياكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەنزۇچە دەرس تەسىس قىلىنىپ، مەملىكەتنىڭ ئورتاق تىلى ئومۇملاشتۇرۇلماقتا. كۈندىن ـ كۈنگە كۆپلىگەن مىللىي ئوقۇغۇچىلار خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىپ،

ئىچكىرىدىكى داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىدا يەن، مەدەنىيەت بىلىملىرى تەربىيىسى ئېلىپ، تۈرلۈك كەسپىي تېخنىك خادىملاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. نۇرغۇن خەنزۇلار، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا خىزمەت قىلىدىغان خەنزۇ كادىرلار شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىدىغان ۋە قوللىنىدىغان ئەھۋالمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ قالدى. بەزى مىللەتلەر، ئائىلۇق، شىبەلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى يەنە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە قاتارلىق كۆپ تىلنى بىلىدۇ. تاتارلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرچە، قازاقچە تىللارنىمۇ بىلىدۇ. شىنجاڭدا قوش تىللىقلار ناھايىتى كۆپ، ئۈچ خىل، تۆت خىل تىل ئۇقىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

بىرەر تىلنى كۆپ ئۆگەنسە، تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. دوستلار كۆپەيسە، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ قەلبداشلار كۆپىيىدۇ، بۇ مىللەتلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى، شەخسلەرنىڭ تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 17. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى قانداق ھۆرمەتلەندى ۋە قوغدالدى؟

ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقىغا ئالاھىدە مۇھەببىتى بار. شۇڭا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت «مىللەتلەر ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېگەن پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ھۆرمەتلەش ۋە قوغداشقا دائىر بىر قاتار سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئالاقىدار سىياسەتلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ۋە ھەر قايسى تارماقلار تارقاتقان ھۆججەت، ئېلان، گۇۋاھنامە، جەدۋەللەردە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقنى قوللىنىۋاتىدۇ. ھەرقايسى ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ھۆججەتلىرىدىمۇ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ئورتاق يېزىقى قوللىنىلىۋاتىدۇ. ئومۇمەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر قاتناشقان يىغىنلاردا سۆز تەرجىمە قىلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئاممىۋى سورۇنلاردىكى خەتلەردە، شۇنىڭدەك ئىشچى قوبۇل قىلىش، كادىر قوبۇل قىلىش، ئوقۇغۇچى قوبۇل





قىلىش ئىمتىھانلىرى ۋە تېخنىكا جەھەتتىن سىناش، ئۆنۋان ئىمتىھانى قاتارلىقلاردىمۇ مىللىيچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىل - يېزىقنى قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇلۇۋاتىدۇ، كوچىلاردىكى ئادەتتىكى ماگىزىن - دۇكانلارنىڭ ۋېۋىسكىلىرىمۇ مىللىيچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلىشى تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ. ھەر بىر كىشى كۈندىلىك تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، خەۋەر ئالاقىسى جەريانىدا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئەركىن ئىشلەتسە بولىدۇ، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىپ سايلام ئېلىپ بېرىش ياكى دەۋالىشىش ھوقۇقىغا ئىگە. تۈرلۈك مائارىپتا ئومۇمەن كۆپ خىل ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ باسقۇچىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە، رۇس تىلىدىن ئىبارەت يەتتە خىل تىلدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. كۆپ خىل ئاخبارات ۋاستىلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تارقىتىشنى پارتىيىنىڭ تىل - يېزىق سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى قىلىۋاتىدۇ. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئاڭلىتىش بېرىشنى باشلىغان بىرىنچى كۈندىن تارتىپ بىرلا ۋاقىتتا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئاڭلىتىش بېرىپ كەلدى، كېيىن يەنە قازاقچە، موڭغۇلچە ۋە قىرغىزچە ئاڭلىتىش بېرىشنى كۆپەيتتى. شىنجاڭدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە يېزىقىدىن ئىبارەت ئالتە خىل يېزىقتا گېزىت، كىتاب ۋە دەرسلىك نەشر قىلىنىدۇ. ھەرقايسى نەشرىياتلار نەشر قىلغان كىتاب - ژۇرناللار، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى ئىچىدە مىللىي تىل - يېزىقتا چىقىرىلغىنى 70% تىن ئارتۇق. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۇيغۇر (يېڭى يېزىق، كونا يېزىق)، خەنزۇ، قازاق (يېڭى يېزىق، كونا يېزىق)، موڭغۇل (تود يېزىقى، خۇدۇم يېزىقى)، شىبە، قىرغىز قاتارلىق ئالتە مىللەتنىڭ توققۇز خىل يېزىقىدا كىتاب - ژۇرناللارنى تۈزۈپ، تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدى.

شىنجاڭدا يەنە مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ۋە مىللەتلەر تىل - يېزىق تەتقىقات ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ، مىللەتلەر تىل - يېزىقى ئىلمىي ھالدا تەتقىق قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنىڭ

قوللىنىلىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەقىل كۆرسىتىپ بېرىلدى. بەزى ئالىي مەكتەپلەردە مىللىي تىل كەسپلىرى تەسىس قىلىنىپ، زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقى ئوقۇتۇشى، تەتقىقاتى ۋە تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار يېتىشتۈرۈلدى.

## 18. نېمە ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك؟

ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بولىدۇ، ئۇ مۇئەييەن تەبىئىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي شارائىتتا شەكىللەنگەن بىر تۈرمۇش ئۇسۇلى، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش، ماكانلىشىش، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، دەپنە مۇراسىملىرى، ھېيت ـ ئايەم، نەغمە ـ ناۋا، قائىدە ـ يوسۇن قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئورتاق قىزىقىش، رەسىم ـ قائىدە، پەرھىز قىلىشلاردا كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى، پسىخىك ھېسسىياتى ۋە ئەخلاق مىزانلىرى، دىنىي قاراشلىرى قاتارلىقلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەكس ئېتىدۇ.

مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مىللەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن. شەكىللىنىش جەريانىدا ئۇنىڭغا مىللەتنىڭ تامغىسى مەھكەم بېسىلغان ھەمدە ئۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان، ئۇ مىللەتنى باشقا مىللەتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت جەمئىيەتتىكى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىگە كەڭ دائىرىدە سىڭىپ كەتكەن ھەمدە ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىنىپ كېلىنگەن، ئۈزۈلۈپ قالمىغان. بىر ئادەم تۇغۇلۇپ بۇ ئالەمدىن كەتكىچە كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرار جاي، يۈرۈش ـ تۇرۇش، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلە، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بويىچە ئىش قىلماي قالمايدۇ ياكى ئۇ بۇلارغا مەھكەم تامغا باسقان بولىدۇ. شۇڭا، ھەر بىر مىللەت ئەزاسىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئالاھىدە ھېسسىياتى بولىدۇ. ئۇ مىللەتنىڭ پسىخىكىسىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى يۈكسەكلىكىدە بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالدى بىلەن ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە





دېموكراتىك ھوقۇقىنى قوغداشقا پايدىلىق. مەملىكىتىمىزنىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى» دا: «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى» «پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، دېموكراتىك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى» گە ياتىدۇ، دېيىلگەن. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنىڭ قانۇنىي جەھەتتە قوغدىلىشى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا پايدىلىق. ھەرقايسى مىللەت ئەزالىرى ھەمىشە باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا قاراپ ئۆلچەيدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىنىشىنى پۈتۈن مىللەتكە ھۆرمەت قىلغانلىق دەپ قارايدۇ؛ ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھاقارەت ۋە زىيان كەلتۈرۈشنى پۈتۈن مىللەتكە ھاقارەت كەلتۈرگەنلىك ۋە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزگەنلىك دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنداق سەزگۈرلۈك ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئورتاق ئالاھىدىلىكتۇر، نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاجىز مىللەتتە بۇنداق سەزگۈرلۈكنىڭ دەرىجىسى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

شۇڭا، ھەرقانداق شەكىلدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە سەل قارايدىغان، دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدۇ. ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى زۆرۈر. دۆلىتىمىزنىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى» دا مۇنداق دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن: نەشر بۇيۇملىرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ھاقارەتلەيدىغان، كەمسىتىدىغان مەزمۇنلار بېسىلغان بولۇپ، ئەھۋال ئېغىر، تەسىرى يامان بولسا، جىنايى ئىشلار بويىچە چارە كۆرۈلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ ئادەتلىرى قاتارلىقلارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئېتىبار بېرىش جەھەتلەردە دۆلىتىمىز بىر قاتار سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى تۈزدى.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ

ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشنى تەكىتلىگەنلىك، خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلمىسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ھەر بىر مىللەت باشقا مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى لازىم. ئۇ خەنزۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ھۆرمەت قىلىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇلارنى ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باشقا مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئوخشاشمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلارنى كەمسىتىشكە ياكى ھاقارەتلەشكە بولمايدۇ، ھەم باشقا مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ئۆلچەم قىلىپ باھا بېرىشكە بولمايدۇ.

## 19. دۆلىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ھۆرمەتلەشكە دائىر قانداق سىياسەت - تەدبىرلىرى بار؟

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكى بولۇش — پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە قاراتقان ئىزچىل سىياسىتى. بۇ سىياسەتنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى بىر قاتار كونكرېت سىياسەت - تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ ھەمدە مۇناسىپ ماددىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىندى. ئېلىمىزدىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرى بار. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە يېمەكلىكلىرىنى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان 10 مىللەتنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت مەخسۇس تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئالايلۇق، ھەر قايسى قاتناش تۈگۈنلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بار ئورۇنلاردا «مۇسۇلمانچە





ئاشخانا» ياكى «مۇسۇلمانچە تاماقخانا» قۇرۇش؛ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنى قوي، كالا گۆشى بىلەن تەمىنلەش، قوي، كالىلارنى مىللىي ئادەت بويىچە سويۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە ئايرىم ساقلاش، ئايرىم توشۇش، ئايرىم سېتىش؛ چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر ۋە مۇسۇلمانلار بىرقەدەر كۆپ بولغان كىچىك شەھەرلەردە مۇئەييەن ساندىكى مۇسۇلمانچە ئاشپۇزۇل بولۇش ھەمدە شۇ مىللەتتىن بولغان ئاشپەز ۋە مۇلازىمەتچىلەرنى تەربىيىلەشكە دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ۋەھاكازا.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەك ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىندى. دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولغان تاۋارلار بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى، مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنى قۇردى ھەمدە ئۇلارغا قەرز بېرىش، باج قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بەردى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە تاۋارلار، ئالايلۇق، مىللىي كىيىم - كېچەك، مىللىي كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئېھتىياجىنى قامدىدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھېيت - بايرام ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىندى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىختىيارىي ھالدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ھېيت - بايراملىرىنى ئۆتكۈزەلەيدىغان بولدى. دۆلەت جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆز جايىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھېيت - بايرام ئادىتى بويىچە دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىش چارىسىنى تۈزۈشى ۋە ھېيت - ئايەم كۈنلىرىدىمۇ ئالاھىدە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلىشى كېرەك دەپ بەلگىلىدى. شىنجاڭدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەرقايسى مىللەت خەلقى ھەر يىلى «روزا ھېيت» ، «قۇربان ھېيت» ئارام كۈنىدىن بەھرىمەن بولماقتا.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ توي - نىكاھ ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىندى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى بەش ئاپتونوم رايون، 30 ئاپتونوم ئوبلاست ئۆز رايونى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» نى يولغا قويۇشقا دائىر نىزام ياكى تولۇقلىما بەلگىلىمىلىرىنى تۈزدى. شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىنىڭ نىكاھلىنىش يېشى ئوغۇللارنىڭ 20 ياش، قىزلارنىڭ 18 ياشتىن تۆۋەن بولسا بولمايدۇ دەپ بەلگىلىدى. بۇ خەنزۇلارنىڭ

نىكاھلىنىش يېشىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىككى ياش تۆۋەن بولدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىندى. ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك دەپنە ئادەتلىرى بار. مەسىلەن، كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش، يەرگە دەپنە قىلىش، سۇغا دەپنە قىلىش، ئوچۇقچىلىقتا دەپنە قىلىش قاتارلىقلار. ھازىر خەنزۇلار كۆيدۈرگەندىن سىرت، باشقا مىللەتلەرنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىندى. مەسىلەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ يەرگە دەپنە قىلىش ئادىتى بولغاچقا، دۆلەت مەخسۇس يەر ئاجرىتىپ قەبرىستانلىق قىلىپ بەردى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى خۇيزۇ قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە خۇيزۇلار قەبرىستانلىقى بار. ئالاقىدار تارماقلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرگە كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىنى مەجبۇرىي تېڭىشقا ھەرگىز بولمايدۇ دەپ ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى.

دۆلەت ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ يۈز بېرىشىگە ئىنتايىن دىققەت قىلىپ، ئاخبارات ـ نەشرىيات، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسى ۋە پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملاردىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قەستەن بۇرمىلايدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھېسسىياتىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ، ئېغىر ئەھۋال، يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە، ھەتتا قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىدى.

## 20. نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ئۆتۈشۈشكەن دەيمىز؟

مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك پەرق مەدەنىيەت پەرقىدۇر. لېكىن ھەر بىر مىللەت ۋۇجۇدقا كېلىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانىدا، ناھايىتى تەبىئىي ھالدا باشقا مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئاخىرىدا ئۇنى ئۆز مىللىتى مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرغان.





مەسىلەن، تارىختا خەنزۇلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇيغۇرلار مانى دىنى، بۇددا دىنى، نېستورىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، ھازىر ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتىدۇ. قازاقلار ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب يېزىقى، پارس يېزىقىنى قوللىنىپ، ئۇ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلغان. شىنجاڭدا مىللەتلەر ئۇزاق مۇددەت ئورتاق ياشاش جەريانىدا بىر بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن، ئۆزئارا ئۆگەنگەن، نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىدا پەيدىنپەي ئۆزگىرىش بولغان، ئۇ بۇنىڭكىنى قوبۇل قىلغان، بۇ ئۇنىڭكىنى قوبۇل قىلغان. بۇ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئولتۇراقلىشىش، يۈرۈش ـ تۇرۇش قاتارلىقلاردىكى تۇرمۇش ئادەتلىرىدە تولىمۇ ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ.

يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى جەھەتتە، شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك يېمەك ـ ئىچمەك تەمى شەكىللەندى. ئاچچىق، چۈچمەل، تۇزلانغان ۋە زىرە سالغان ئۆزگىچە مەززىلىك تەملەرنى تۈرلۈك مىللەتلەر يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدە ئۆرنەك قىلماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ پولو، كاۋاپ، نانلىرى؛ خۇيزۇلارنىڭ گۆشلۈك هورنانلىرى؛ قازاقلارنىڭ دۇملىمە گۆشى قاتارلىق يېمەكلىكلەر شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېمەكلىك تىزىملىكىدە دائىم كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپ قالدى؛ لەغمەن، سۇيۇقئاش، سومەن قاتارلىقلارنىڭ زادى قايسى مىللەت تەمىدىكى تاماق ئىكەنلىكىنى ئايرىماق ناھايىتى تەس بولۇپ قالدى. بۇرۇن ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر كۆكتاتنى ئانچە ئىستېمال قىلمايتتى ھەم كۆپ تېرىمايتتى. ھازىر خەنزۇلارنىڭ ھەر خىل مۇسۇلمانچە قورۇمىلىرى (ئاساسلىقى سىچۈەن تەمىدىكى) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ داستىخانلىرىدىن ئورۇن ئالدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن كۆكتات تېرىش تېخنىكىسى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى. شۇ جايلاردىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، شىنجاڭدا ئۇزاق تۇرغان كونا خەنزۇلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا قوي گۆشى يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان، چوشقا گۆشىنى ياخشى كۆرمەيدىغان، ھەتتا يېمەيدىغان بولدى. مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن كېلىپ شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان بەزى خەنزۇلار بۇرۇن گۈرۈچلا يەيتتى، شىنجاڭدا قانچىلىغان

يىللار ياشاپ لەغمەن، سۇيۇقئاش قاتارلىق تۈرلۈك ئۇن تائاملىرىنى يەيدىغان بولدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ يەرلىك يېمەك تائاملىرىغا پەيدىنپەي ئادەتلەندى. ئۆي ـ ماكان تۇتۇش ئادىتى جەھەتتە، شەھەرلەردىكى رەت ـ رەت كەتكەن بىنالاردا ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆي ئىچىنىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشىدا نۇرغۇن ئورتاقلىق بار. ئىلگىرى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئۆي جاھازىلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. ھازىر كىيىم ئىشكاپى، يېزىق ئۈستىلى، ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلار، كىرىسلو، ئاسما چىراغ قاتارلىقلار شەھەر ـ بازارلاردىكى ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئومۇميۈزلۈك تىزىلدى. ھەممە ئائىلىلەردە تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى كەم بولسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تام ۋە پەگا گىلەملىرى، سىلىنچىلىرى، قازاقلارنىڭ شىرداقلىرى، قىرغىزلارنىڭ چىمىلداقلىرى ھەم ئوخشاش بولمىغان مىللىي ئۇسلۇبتىكى ئۆي بېزەكلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆيلىرىدە دائىملىق بېزەكلەردىن، شۇنداقلا ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىلىدىغان سەرەمجانلاردىن بولۇپ قالدى.

كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى مودىلىشىپ كەتتى، ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مىللىي كىيىملىرىنى ئانچە كىيىپ كەتمەيدۇ، كاستيۇم ـ بۇرۇلكا، بۇغما چاپان، ئايالچە غەرب پاسونىدىكى كاستيۇم ـ يوپكا ۋە ساراپان، كۆڭلەك كىشىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك كىيىدىغان كىيىمى بولۇپ قالدى. ناھىيە بازارلىرىدىمۇ مودا كىيىملەرنىڭ مودا ئالمىشىش دەۋرى ئىچكىرىدىكى چوڭ شەھەرلەرگە يېتىشىۋالدى، تېلېۋىزوردىكى قاملاشقان يىگىت، گۈزەل قىزلارنىڭ كىيىملىرى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ دوراش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. كۆڭلەك كىيىش ئادىتى بار مىللەتلەرنىڭ قىزلىرىمۇ ئىشتان كىيىۋېلىشىدىغان بولدى، نۇرغۇن خەنزۇ قىزلىرىمۇ قىشتا كۆڭلەك، ئۆتۈك كىيىدىغان، مىللىيچە زىننەت بۇيۇملىرى تاقايدىغان بولدى.

كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى تىل ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك باردى ـ كەلدىسى جەريانىدا تىلدىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىدا خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان نۇرغۇن سۆزلەر بار. خەنزۇچىدىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بار.





مەسىلەن، كەتمەن، نارىن، نان، دومبۇرا، پىياز، بازار قاتارلىقلار. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ئۆزئارا ئۆتۈشۈش بولدى، ئۇلاردا ھەم ئورتاقلىق، ھەم ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكى بار بولۇپ، بۇ شىنجاڭنىڭ خاسلىقىغا ئىگە تىل شەكلىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. مىللەتلەرنىڭ باردى ـ كەلدىسى ۋە ئالاقىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرى تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقلىرىدا تەرجىمە قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالدى. مەسىلەن، نەسىردىن ئەپەندى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلىدۇ، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھېيت ـ بايراملارنى بىرگە ئۆتكۈزۈشى شىنجاڭنىڭ بىر رايون خاسلىقى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ روزا ھېيت، قۇربان ھېيتلىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان باشقا مىللەتلەر ھېيت ئۆتكۈزىدىغان مىللەتلەر ئاممىسىدىن ھال سورايدۇ ۋە ئۇلارغا بەخت تىلەيدۇ. خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى چاغان بايرىمىدا نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىمۇ خەنزۇ خىزمەتداشلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ بايرىمىنى قۇتلۇقلايدۇ.

ھەرقايسى مىللەتلەر بىر ـ بىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆزئارا ئۆگىنىپ ۋە قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچىلىككە ئىگە مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە، «بىز ھەممىمىز شىنجاڭلىق» دەيدىغان رايون قارىشىمۇ تەدرىجىي شەكىللەندى. كىشىلەر شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھەر بىر شىنجاڭلىقنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئورتاق تىرىشچانلىقى بولغاندىلا، شىنجاڭنى ياخشى ماكان قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ، كۆپچىلىكمۇ تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش كۆچۈرەلەيدۇ.

## 21. شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە قانداق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى؟

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ ۋە ئاقسۇدىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەت ـ ئوبلاست ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ھەم شىنجاڭدىكى نىسبەتەن نامرات رايون، شىنجاڭدىكى نامرات

ئاھالىسىنىڭ 92.5% تى بۇ يەرگە مەركەزلەشكەن. خوتەن رايونى پۈتۈن مەملىكەتتە ئاز ئۇچرايدىغان تۇتاش كەتكەن نامرات رايون، ئۇنىڭدىكى يەتتە ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ ھەممىسى دۆلەت نۇقتىلىق يۆلەيدىغان نامرات جاي.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت باشتىن ـ ئاخىر نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. مەبلەغ، تېخنىكا، سىياسەت قاتارلىق جەھەتلەردە مەدەت ۋە ياردەم بەردى. 1977 ـ يىلدىن 1981 ـ يىلغىچە دۆلەت نۇقتىلىق يۆلەشنى بېكىتكەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ـ ئوبلاستنىڭ سەككىز نامرات ناھىيىسىگە مالىيە، بانكا ۋە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ئارقىلىق 84 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، 350 مىڭ ئائىلە، بىر مىليون 230 مىڭ دېھقان ـ چارۋىچىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى. 1986 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە نامرات رايونلارغا بانكا ئارقىلىق 116 مىليون يۈەنلىك تۆۋەن ئۆسۈملۈك ۋە ئۆسۈمى ياردەم قىلىنىدىغان قەرز پۇل تارقىتىپ بېرىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 70% نامرات ئاھالىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. «ئاز سانلىق مىللەت نامراتلىرىنى يۆلەش مەخسۇس مەبلىغى» — دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش، كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم تەدبىرى. 1990 ـ يىلى باشلانغاندىن 1999 ـ يىلغىچە، دۆلەت ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ نامرات ناھىيىلىرىگە 100 مىليون يۈەنگە يېقىن قەرز مەبلىغى ئاجراتتى. يەنە 700 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ نامراتلارنى يۆلەش تۈرى — پوسكام نېفىت ـ خىمىيە سانائىتىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزدى ھەمدە 80 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى توك يوق ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. 1994 ـ يىلدىن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدا سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، 1997 ـ يىلغىچە بىر مىليارد يۈەن مەبلەغ توپلاپ قۇدۇق كولاپ، سۇ زاۋۇتى قۇرۇپ، سۇ مۇنارى ياساپ، تۇرۇبا ياتقۇزۇپ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۆستەڭ سۈيى، توختام سۇ ئىچىۋاتقان دېھقانلارنى ئاخىرى پاكىز، قولايلىق تۇرۇبا سۈيى ئىچەلەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى. نۇرغۇن ئۇيغۇر دېھقانلىرى ھاياجانلانغان ھالدا:





پارتىيىگە رەھمەت، ھۆكۈمەتكە رەھمەت دېيىشتى، شىنجاڭ يەنە شەندۇڭ ئۆلكىسى بىلەن رەسمىي شەرق ـ غەرب نامراتلارنى يۆلەش ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. شەندۇڭ شىنجاڭنىڭ 10 نامرات ناھىيىسى (شەھىرى) گە 42 مىليون يۈەنلىك ھەقسىز مەبلەغ ۋە ماددىي ئەشيا ياردەم قىلدى ھەمدە نامرات ناھىيە (شەھەر) لەرگە ناھىيە، يېزا كادىرى تەربىيىلەپ بەردى.

1995 ـ يىلى دۆلەت «نامرات رايونلار مەجبۇرىي مائارىپ قۇرۇلۇشى» نى يولغا قويۇپ، شىنجاڭدىكى 30 نامرات ناھىيىنى پۈتۈنلەي «مەجبۇرىي مائارىپ قۇرۇلۇشى» تۈرى رايونىغا كىرگۈزۈپ، جەمئىي 650 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، نامرات رايونلار ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى. ھەر بىر بالىنى مەكتەپكە كىرەلەيدىغان قىلىش ئۈچۈن، 2000 ـ يىلدىن باشلاپ ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى يەنە يىلىغا تۆت مىليون 710 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى بېرىپ، خوتەن رايونىدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك پۇلىنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان بولدى.

تەبىئىي مۇھىتى ناچار، كىشىلەرنىڭ ياشاش شارائىتى ناچار ياكى ھەددىدىن زىيادە ئاھالىنى سىغدۇرالمايدىغان بەزى جايلاردىكى ئاھالىگە ھۆكۈمەت يېڭى ماكان كۆرسىتىپ بېرىپ، شارائىتى بىرقەدەر ياخشى جايلارغا كۆچۈردى. ئۇلار يېڭى تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. كەلپىن ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە جايلاشقان قۇرغاق، سۈيى كەمچىل، يەرلىرى قاقاسلىشىپ كەتكەن، ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇشى نامرات جاي. 1997 ـ يىلى دۆلەت كەلپىن ناھىيىسىدە پۈتۈن يۆرۈشلۈك كۆچۈرۈش قۇرۇلۇشىنى باشلاپ بۇ تۈرنى دۆلەتنىڭ «87 ـ پىلانى» دىكى نامراتلارنى يۆلەش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى $\frac{1}{3}$ قىسىم ئۆپچۆرىسىدىكى ئاھالىدىن جەمئىي 2291 ئائىلە، 12 مىڭ ئادەمنى يېڭى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىغا كۆچۈردى. تاشقۇرغان ناھىيىسىدىكى 2000 دىن ئارتۇق تاجىك دېھقان ـ چارۋىچى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن، ئېگىز تاغ ـ جىلغىلاردىن تەركىب تاپقان پامىر ئېگىزلىكىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، يوپۇرغا ناھىيىسىدە يېڭىدىن تاجىك كۆچمەنلىرى

تەرەققىيات رايونى قۇرۇلدى. 1999 ـ يىلىلا پۈتۈن شىنجاڭدا 41 مىڭ كىشىنى باشقا جايغا كۆچۈرۈش تاماملاندى.

دۆلەتنىڭ كۈچلۈك بولغان نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ داۋاملىق تىرىششى ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى نامرات ئاھالە 1993 ـ يىلدىكى بىر مىليون 760 مىڭدىن 1999 ـ يىلى 552 مىڭغا ئازلىدى. يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى 1999 ـ يىلى 1979 ـ يىلدىكىدىن 10% ئەتراپىدا تۆۋەنلەپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشى 70% تىن ئارتۇق بولدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى توققۇز نامرات ناھىيىدىكى يېزا ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئومۇمىي كىرىمى 1000 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. نامرات رايونلارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. 30 نامرات ناھىيىدىكى 89% كەنتكە توك يەتكۈزۈلۈپ، كېچىدىكى چىراغ نۇرى يۇلتۇزلار بىلەن بەسلىشىپ نۇر چاچىدىغان بولدى؛ 66% كەنتلەردە كىشىلەر پاكىز تۇرۇبا سۈيى ئىچەلەيدىغان بولدى. كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقى ئاساسەن كاپالەتكە ئىگە بولۇشقا باشلىدى؛ 45% كەنتلەرگە تېلېفون ۋە پوچتا تۇتاشتۇرۇلدى؛ 89% كەنتلەردە سىملىق رادىئو بار بولدى. 39% كەنتتە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان بولۇپ، ئۇ يەرلەر زامانىۋى جەمئىيەت تۇسىگە كىردى؛ ئۇلار دەۋر مېلودىيىسىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

## 22. پانتۈركىزم دېگەن نېمە؟

پانتۈركىزم چوڭ تۈركچىلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ تۈركىيە، رۇسىيە، ئىران، ئافغانىستان، جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەردىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، «بۈيۈك تۈركىستان» دۆلىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، دۆلەت ھالقىغان مىللەتچىلىك ئىدىيىۋى ئېقىمى ۋە كۈچلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

تۈرك (Turks) قەدىمكى زاماندىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ نامى بولۇپ، ئالتاي ۋە جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى يايلاقلار قاتارلىق جايلاردا ياشىغان. مىلادىيە 552 ـ يىلى تۈرك خانلىقىنى قۇرغان، كېيىن شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرككە بۆلۈنگەن. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خاندانلىقلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن





ھالاك بولۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلىرى پەيدىنپەي باشقا مىللەت، قەبىلىلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن. باشقا مىللەت، قەبىلىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىپ قەبىلە نامى قىلغان، ھازىرقى زامان مىللىتى بولۇپ شەكىللەنمىگەن. شۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئاتالمىش نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە «تۈركىي مىللەت» بولۇپ باققان ئەمەس، ھەم ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى بىرلىككە كەلگەن «تۈركلەر» مۇ مەۋجۇت ئەمەس. پانتۈركىزم ئەڭ بالدۇر چارروسسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى تاتارلار ئارىسىدا شەكىللەنگەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوسمان تۈركىيىسىدە كەڭ تارقالغان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا تۈركىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، پانتۈركىزم چوڭقۇر زەربىگە ئۇچرىدى. نەچچە ئون يىللاردىن بېرى پانتۈركىزم تۈركىيىدە سىياسىي ساھەدە ئەزەلدىن پۇت دەسسەپ تۇرالمىغان، پەقەت مەدەنىيەت ساھەسىدىلا پۇرسەت كۈتۈپ راۋاجلاندى.

پانتۈركىزم تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى چەك قىلىپ، باشقا مىللەتلەرنى چەتكە قاقىدۇ، ھەرقايسى تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ رېئال تەلەپلىرى ۋە ئۇلار تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە قارىماي، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك قىلىش قورالىغا ئايلىنىپ قېلىپ، نۇرغۇن ئەللەرنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا تەھدىت پەيدا قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ «تۈركلەر» دۆلىتى قۇرۇش خىيالى بىر خام خىيالدىنلا ئىبارەت. ئاتالمىش «تۈركىي خەلقلەر» ھازىر بىر تىل ئائىلىسىگە تەۋە (بىرلىككە كەلگەن تىلمۇ ئەمەس) بولغاندىن سىرت، بىر ئورتاق تارىخ، مەدەنىيەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ بىرىكمە گەۋدىسى ئەمەس، ئۇزاق زامانلار ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەردە بۆلۈنۈپ تۇرۇپ، ئەزەلدىن بىرلەشكەن گەۋدىگە ئايلىنالمىغان، كېيىنمۇ بىرلىشىپ بىر دۆلەتكە ئايلىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پانتۈركىزم شىنجاڭغا تارقىلىپ، مەسئۇد، مۇھەممەد ئىمىن ۋە ئەيساغا ئوخشاش بىر قىسىم ئەسەبىي مىللىي بۆلگۈنچىلەر يېتىشىپ چىققان. ئۇلار «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى نەزەرىيىسى» نى يادرو قىلغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، قەدىمكى جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە غەربىي

قىسمىدا ياشىغان تۈركىي تىل ۋە غەيرىي تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مىللەتلەرنى «تۈركىي مىللەتلەر» ، بۇ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى «تۈركىي مەدەنىيەت» دەپ ئاتىۋېلىپ، بۇ مىللەتلەر پائالىيەت قىلغان پۈتكۈل جايلارنى «تۈركىي دۆلەت» كە تەۋە قىلماقچى بولۇشتى ھەمدە «شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت ئىدى» دېگەننى ئويدۇرۇپ چىقاردى.

پانتۈركىزم شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ يادرولىرىدىن بىرى. بۆلگۈنچى ئۈنسۇرلار چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بىر تۈركۈم ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى توپلاپ، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى كۈچەپ تەرغىب قىلىپ، ئىشنىڭ باش - ئايىغىنى بىلمەيدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنى زەھەرلەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئېغىر خەۋپ پەيدا قىلدى. دۆلتىمىز ھۆكۈمىتى پانتۈركىزم ئىدىيىسىگە ئالاقىدار تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قەتئىي چەكلەپ، بۇنى باھانە قىلىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زوراۋان تېررورچى ئۈنسۇرلارغا قەتئىيلىك بىلەن كۈچلۈك زەربە بەردى.

## 23. پانئىسلامىزم دېگەن نېمە؟

پانئىسلامىزم يەنە چوڭ ئىسلامچىلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىسلام ئەللىرىدە بارلىققا كەلگەن بىردىنبىر سىياسىي ئىدىيىۋى ئېقىم، ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈشنى، ئورتاق بولغان بىر خەلىپىگە ئىتائەت قىلىدىغان، ئىسلام شەرىئىتىنى ئاساس قىلىدىغان بىرلىككە كەلگەن ئىسلام ئىمپېرىيىسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، پانئىسلامىزم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەب رايونلىرىدا كەڭ تارقالغان. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۈچ دائىرىسى ۋە تەسىرىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنغان. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، پانئىسلامىزم جاھانگىرلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلىپ، تاجاۋۇزچىلىقنى كېڭەيتىش





ۋە باشقا جاھانگىرلاردىن مۇستەملىكىلىرىنى تارتىۋېلىشنىڭ مۇھىم قورالىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇلار شەرق دۆلەتلىرىنى سېتىۋېلىپ، پان ئىسلامىزمچى ئۈنسۇرلارنى يۆلەپ، مۇسۇلمانلار توپىلىڭى قىلىشقا، مۇستەقىل بولۇشقا قۇترىتىپ، ئۇلارغا خىزمەت قىلىدىغان بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتلەرنى قۇرغان. تۈركىيە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، پانئىسلامىزم ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى، بىراق ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يەنە قايتا جانلاندى. ئۇلار مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئالاقىسىنى كۈچەيتىش، دۇنيادىكى ھەرقايسى مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىدە ھەمكارلىقنى يولغا قويۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بەزى ئەللەرگە داۋاملىق سىڭىپ كىردى؛ مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ۋە كۈچەيتىشنى نىقاب قىلىپ، باشقا ئەللەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئارىلاشتى.

پانئىسلامىزم 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا تارقىلىشقا باشلاپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەڭگۈشتەرگە، ئۇلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشنىڭ مۇھىم قورالىغا ئايلانغان. شىنجاڭدىكى پانئىسلامىزم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەنە جەھەتتە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن. ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، پانئىسلامىزم بايرىقى ئاستىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرىنى بازارغا سېلىپ، ئۇلارنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىدىكى مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام دۆلىتى» نى قۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۇلار پان ئىسلامىزمنى، يەنى ئىسلام ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دېگەننى تەرغىب قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ مەنپەئەتى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىدىن ئەۋزەل دەپ جار سېلىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن باشقا ئاممىنى قارشىلىشىشقا قۇتراتتى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ خۇراپىي قاراشلىرى ئارقىلىق ئالدامچىلىق قىلىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى قورقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا سادىقلىق بىلەن ئىتائەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ھەتتا مال - مۈلكى ۋە ھاياتىغا قارىماي، ئىسلام دىنىنىڭ مەنپەئەتى، بۆلگۈنچىلىكنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن غازات قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەشۋىقاتلار ئىنتايىن ئالدامچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، بەزى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ بەزى دىنىي ئېڭى قويۇق دىن مۇرتلىرى ۋە ئىش ئۇقمايدىغان ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئالداپ قاتتىق زەھەرلىدى، ئۇلار

باقىي ئالەمدىكى مەڭگۈلۈك ئاسايىش ۋە دوزاخ ئازابىدىن ساقلىنىشنى قوغلىشىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ئەگىشىپ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئىتى، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە مۇخالىپ ئىش قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، پانئىسلامىزمنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى كۆپىيىپ قالدى، چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋە دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر پان ئىسلامىزمدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە سوغۇقچىلىق پەيدا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شىنجاڭنى جۇڭگودىن بۆلۈپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇندى؛ پۈتۈن كۈچى بىلەن ياش ئەۋلادلارنى تالىشىپ، ئاتالمىش «ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرى» نى تەربىيىلىدى؛ «غازات قىلىش» داۋرىڭىنى سېلىپ، ئەكسىيەتچى «غازات» قوراللىق تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئېغىر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزدى.

پانئىسلامىزم دىنىي نىقاب قىلىۋېلىپ، ئىدىيىۋى تەشۋىقات، سىڭىپ كىرىش، دىنىي ئەسەبىيلىككە قۇترىتقۇلۇق قىلىش ئارقىلىق دۆلەتنى پارچىلاشتەك سىياسىي مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پان تۈركىزمنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىدىلا پەرق بولغىنى بىلەن، ماھىيەتتە پەرقى يوق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئەكسىيەتچى سىياسىي ئىدىيىۋى ئېقىم، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ قورالى ۋە بايرىقىدىن ئىبارەت. شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە رېئاللىقىدا ئەزەلدىن نوقۇل پانئىسلامىزمچىلار، نوقۇل پانتۈركىزمچىلار، نوقۇل مىللىي بۆلگۈنچىلەر بولغان ئەمەس، ئۈچ زەھەر بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالساق، بىزدە قەتئىي سىياسىي مەيدان، سەزگۈر سىياسىي كۆزىتىش كۈچى بولىدۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە بايرىقىمىز روشەن ھالدا زەربە بېرىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىيالايمىز.

## 24. نېمە ئۈچۈن مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى مىللەتلەر مەسىلىسى ئەمەس دەيمىز؟

مىللىي بۆلگۈنچىلىك دېگىنىمىز، ئادەتتە، بىر ئىگىلىك ھوقۇقلۇق، مۇستەقىل، زېمىنى پۈتۈن بولغان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىچىدىكى بەزى چېكىدىن ئاشقان مىللىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى





تەلەپ قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى سىياسىي دەۋا، زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى، ھەتتا قوراللىق قارشىلىشىش ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەمىشە ۋاستە تاللىماي مەقسەتكە يەتمەكچى بولىدىغان بولغاچقا، ئۇ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسنىڭ بىرسى بولۇپ قالىدۇ.

شىنجاڭدا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك مىللەت بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان بىر ئەكسىيەتچى سىياسىي تەشەببۇس، ئەكسىيەتچى ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى ۋە ئەكسىيەتچى رېئال ھەرىكەتتۇر. مىللىي بۆلگۈنچىلەر خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئۆز مىللىتى مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىلى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، تار مىللەتچىلىككە قۇترىتقۇلۇق قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى نەزەرىيىسى» نى كۆچەپ داۋراڭ قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام دۆلىتى» قۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇلار مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئىغۋا تارقىتىپ، ئاممىنى ئالداپ، ئەسەبىيلىك بىلەن زوراۋانلىق جىنايى ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ھۇجۇم تىغ ئۇچىنى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر ھەر مىللەت ئاممىسىغا قارىتىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىنتايىن ئاز ساندا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى تۈرلۈك جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالىدۇ، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ئىستراتېگىيىسى» گە ماسلاشقان بولىدۇ، ئۇلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى يېتىم ھالدا ئەمەس، ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلىپ يەتمەكچى بولغان مەقسىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر مىللەت ۋە دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالىدۇ، لېكىن، ئۇلار ھەرگىز مەلۇم مىللەت ياكى دىنغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بىزنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان كۈرىشىمىز بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەت بىلەن بولغان كۈرىشى ئەمەس، دىنغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئەمەس، بەلكى ۋەتەننىڭ

بىرلىكىنى قوغدايدىغان ھەر مىللەت خەلقى بىلەن دۆلەتنى، مىللەتنى پارچىلايدىغان ئەكسىيەتچى سىياسىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىككى خىل ئىدېئولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، كۈرەشنىڭ يادروسى يەنىلا ھاكىمىيەت مەسىلىسى. شۇڭا، بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرىشىمىز مىللەتلەر مەسىلىسى ئەمەس، دىنىي مەسىلىمۇ ئەمەس، بەلكى بىر مەيدان كەسكىن سىياسىي كۈرەش، ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ ۋە جاپالىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ پەيدا بولغىنىغا ئۇزاق ۋاقىت بولدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا، شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر چەت ئەللەردىكى بەزى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قوللىشى بىلەن «ئەجدادىمىز تۈرك، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان» دېگەننى تەرغىب قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك داۋرىڭىنى سالغان ئىدى. كېيىن ئۇلار داۋاملىق مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 30 ـ يىللاردا ئۇلار ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇردى، 50 ـ يىللاردا ئون نەچچە قېتىم ئەكسىلئىنقىلابىي مالىمانچىلىق ۋە توپىلاڭ قوزغىدى، 80 ـ يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئارقا ـ ئارقىدىن نەچچە قېتىم ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەلىرى ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ پەيدا قىلدى ھەمدە بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى، تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش» قا قۇتراتتى.

90 ـ يىللاردا خەلقئارا ۋەزىيەتتە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. شەرقىي ياۋروپادىكى كەسكىن ئۆزگىرىش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» تىغ ئۇچىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئېلىمىزگە قارىتىپ، «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلگۈنچىلىك» ۋە چەكلەش ئىستراتېگىيىسىنى كۈچەپ يولغا قويۇپ، چەت ـ ياقىلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىن بۆسۈش ئېغىزى تېپىشقا ۋە ئېچىشقا ئۇرۇندى. ئۇلار كىشىلىك ھوقۇق، مىللەتلەر مەسىلىسى، دىن مەسىلىسى قاتارلىقلاردىن ئۈزلۈكسىز پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى. چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى





ئاكتىپ قولغا كەلتۈردى ۋە تەربىيىلىدى. مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنى قوللىدى ۋە كونترول قىلدى، تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ شىنجاڭغا قارىتا بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 1990 ـ يىلى 5 ئاپرېل يۈز بەرگەن بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئىلگىرىكى جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنى ئاساس قىلىشتىن زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىنى ئاساس قىلىشقا، كۆپ خىل بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىشقا ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار ۋە ئەكسىيەتچى شايكىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىشى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ دائىم يۈز بېرىشى، ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى، روشەن سىياسىي تۈس ئالغان پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش قاتارلىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرىنىڭ جىددىي كۆپىيىشى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مۇقىملىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەۋپ پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، نەشرىيات، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەردىن پايدىلىنىپ، تارىخ ئويدۇرۇپ چىقىپ (شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، كۆپ مىللەتلىك رايون ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش دېگەندەك)، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن ـ سىياسەتلىرى، يەنى پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسەتلىرى، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى، مائارىپ سىياسىتى، كادىرلار سىياسىتى، ئىقتىسادىي سىياسىتى ۋە غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش قاتارلىق سىياسەتلىرىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇلار ئومۇمەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە بەخت يارىتىدىغان تۈرلۈك خىزمەتلىرى ۋە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە قارشى تۇردى، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىكى بەزى سەۋەنلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى مۇبالىغە قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار يەنە تۈرلۈك پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ مىللىي نىزالارنى پەيدا قىلدى، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قۇتراتتى، مىللىي

قارىمۇ قارشىلىق ۋە مىللىي ئۆچمەنلىك كەيپىياتىنى تەرغىب قىلدى، ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى خېلى زور ئالدامچىلىق ۋە قۇترىتقۇلۇققا ئىگە. بۇ ئەكسىيەتچى كۈچلەر باشتىن - ئاخىر چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلدى، ئۇلار ئۆزئارا دوست تارتىشىپ، مەسىلىنىڭ مۇرەككەپلىكلىكىنى ۋە خەۋپلىكلىكىنى ئاشۇرۇۋەتتى.

بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرىشىمىز ھەرگىزمۇ بىرەر مىللەتكە قارىتىلغان ئەمەس، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەر قانداق مىللەتكە، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ ئىرادىسىگە ۋە مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئۇلار ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي مۇناپىقلار ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، خالاس. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ھەر مىللەت خەلقى تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر - بىرىگە ئىشىنىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بىرلىكتە قوغدىشى لازىم. بىز قۇدرەتلىك، كۈچلۈك دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئارقا تىرەك قىلغانمىز، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگىمىز، بىر ئوچۇم كىشىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا ئۇرۇنۇشلىرى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

## 25. نېمە ئۈچۈن «ئۈچ خىل كۈچ» ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى دەيمىز؟

«ئۈچ خىل كۈچ» دېگىنىمىز، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ئىدىيىسىنى پروگرامما قىلىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىدىغان ئەكسىيەتچى سىياسىي كۈچلەرنى كۆرسىتىدۇ. مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلىكنى تەرغىب قىلىپ، مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇترىتىپ، ئاتالمىش بىرلا مىللەتنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر «غازات» ئىدىيىسى داۋرىڭىنى سېلىپ، دىنىي مەنىۋى داھىي ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش خام خىيالىنى قىلىدۇ. ھەر ئىككىلىسى ماھىيەتتە مىللەت ۋە دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالىدۇ، دۆلەتنى پارچىلىۋېتىش، ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ سىياسىي مەنپەئىتىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى





زوراۋان تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتىنى كۈچەپ ئېلىپ بېرىش. زوراۋان تېررورچى كۈچلەر تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا، ۋاسىتە تاللىماستىن پارتلىتىش، تۇتۇپ كېتىش، زەھەر تاشلاش، ئۆلتۈرۈۋېتىش قاتارلىق ئەشەددىي ۋاسىتىلەر بىلەن بىگۇناھ پۇقرالارغا زەربە بېرىپ، كەڭ كۆلەمدىكى تېررورلۇق كەيپىياتىنى پەيدا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولدى.

چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭدا بىر قاتار جىنايى بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. كەڭ كۆلەمدە بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى، ئەكسىيەتچى تەشكىلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇردى، مەخپىي مەشىق بازىلىرىنى قۇردى، قورال ۋە ئوق - دورا ياسىدى، مالىمانچىلىق ۋە توپىلاڭ قىلىشنى پىلانلىدى ۋە تەشكىللىدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە بىگۇناھ ئاممىغا قارىتا پارتلىتىش، ئۆلتۈرۈش، زەھەر تاشلاش، ئوت قويۇش قاتارلىق بىر قاتار زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلدى، دىندىن پايدىلىنىپ جېنىنىڭ بارىچە سىڭىپ كىرىش، بۆلگۈنچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. خەلقئارادا بىر قاتار جۇڭگوغا قارشى ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشنى تېزلەتتى. بۇ ھەرىكەتلەر شىنجاڭنىڭ مۇقىم ۋەزىيىتىگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ نورمال خىزمەت قىلىشىغا دەخلى يەتكۈزدى. شۇڭا، ئاپتونوم رايونىمىز زور مىقداردا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچلىرىنى ئاجرىتىپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە زەربە بەردى، ئەسلىدە ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئىشلىتىلىدىغان كۈچ ساقلانغۇسىز ھالدا چېچىلىپ كەتتى، بۇلار دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىشىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى. شىنجاڭ بۇنىڭ بىلەن بەزى ياخشى پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ھېلىھەم يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ، يەنىلا بەزىلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاغزى بېسىقماي ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتى ئۈستىدە جار سالىدىغان «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرى بىلەن بىۋاسىتە

مۇناسىۋەتلىك.

«ئۆچ خىل كۈچ» ئۆزلىرىنىڭ جىنايى سىياسىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، يەنە زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇقنىڭ تىغ ئۇچىنى ۋەتەنپەرۋەر ھەر مىللەت خەلقىگە قاراتتى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاتالمىش «كۆۋرۈكنى ئۈزۈپ تاشلاش»، «كۆۋرۈكنى پارتلىتىۋېتىش» ھەرىكەتلىرىنى قوللىنىپ، مەخسۇس ئۆز مىللىتىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر زاتلىرى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ئادەتتىكى ئاممىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن ئۆلتۈردى. 1996 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى دەل مۇسۇلمانلار ئاممىسى «قۇربان ھېيت» ئۆتكۈزۈۋاتقان مەزگىلدە، كۇچا ناھىيىسى ئالاقاغا يېزىسى قۇناس 2 - كەنتىدە پارتلىتىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى يۈز بېرىپ، تۆت نەپەر ئاساسىي قاتلام ئۇيغۇر كادىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، ئۈچ نەپەر كادىر ۋە ئامما يارىلاندى.

ئۇلار ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم ئاممىۋى ئاپتوبۇسنى پارتلىتىش دېلوسىنى سادىر قىلىپ خەنزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئاممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە ئون ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلدى. 1992 - يىلى 5 - فېۋرال پارتلىتىش دېلوسىدا پارتلاپ كەتكەن 52 - يول ئاپتوبۇسىدا ئۈچ ئادەم ئۆلدى، ئۇنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر دېھقان بولۇپ، ئۇلار يەكەن ناھىيىسىدىن تۇرسۇن مۇھەممەد داۋۇت، ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىن تۇرسۇن بارات ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۈرۈمچى دۆۋپۇ يېزىسىدىن ئۇيغۇر دېھقان مەمەت ئەمەت يارىلاندى. 1997 - يىلى 25 - فېۋرالدىكى پارتلىتىش دېلوسىدا پارتلاپ كەتكەن 10 - يول ئاپتوبۇسىدا تۆت ئادەم ئۆلدى، ئۇنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر قىز — يەتتە ياشلىق مۇبارەك بىلەن 10 ياشلىق مەرھابا بولۇپ، ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيتتى، ئۇلار گۈل - غۇنچە ۋاقتىدىلا پارتلاپ تىرە - پىرەڭ بولۇپ كەتتى، بۇ نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ھە! «ئۈچ خىل كۈچ» ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنىدۇر.

«ئۈچ خىل كۈچ» نىڭ ماھىيىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئاخىرىدا ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىش. ئۇلار تارىخ ئېقىمىغا قارشى تۇردى، ئۆز مىللىتىنى





ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە خىلاپلىق قىلدى، ھەم ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلدى، ھەم ئۆز مىللىتىنى ساتتى، ئۇلار دۆلەت ۋە مىللەت ئالدىدا جىنايەتكار، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. گەرچە ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، خەۋپى ناھايىتى زور. «ئۈچ خىل كۈچ» نىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىلمىسە، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى بولمايدۇ، ھەر مىللەت خەلقى ئەمىن تاپمايدۇ. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى ئاساسىي كۈچ ئىكەنلىكىگە قەتئىي تەۋرەنمەي ئىشىنىش ۋە ئۇلارغا تايىنىش لازىم. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى بىلەن ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئىتتىپاقلاشقان ۋە ئۇلارغا تايانغاندىلا، «ئۈچ خىل كۈچ» نى ئەڭ يۇقىرى چەكتە يېتىم قالدۇرغىلى ۋە ئۇلارغا قانۇن بويىچە زەربە بەرگىلى، چەت ئەل دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە توسقىلى بولىدۇ.

## 26. نېمە ئۈچۈن «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرى جىنايىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ دەيمىز؟

«شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرى ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى» نى بايراق ۋە ھەرىكەت پروگراممىسى قىلغان تېررورچى كۈچتۇر. ئۇ 20 - ئەسىرنىڭ 30 - ۋە 40 - يىللىرىدا مەيدانغا كەلگەن، 80 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كېيىن يۇقىرى چەكتە دىنلاشتى، 90 - يىللاردىن بېرى تېررورىزملاشتى، ئۇ دىنىي ئەسەبىيلىكنى ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇقنى ۋاستە قىلىپ، شىنجاڭنى ۋەتەن قوينىدىن ئايرىپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنىدىغان چېكىدىن ئاشقان مىللەتچى كۈچ. 20 - ئەسىردىن بېرى، شىنجاڭدىكى بىر ئوچۇم ئەسەبىي مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلار پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە، ۋەتەننى پارچىلاش ئۈچۈن بىر يۈرۈش ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» نەزەرىيىسىنى ئويدۇرۇپ چىقتى. «شەرقىي تۈركىستان قەدىمدىن تارتىپ مۇستەقىل دۆلەت» ئىدى، ئۇنىڭدىكى مىللەتلەر ئون مىڭ يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە، دېگەننى ئويدۇرۇپ چىقىپ، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى بىرلىكتە يارىتالىغىنىنى ئىنكار قىلدى؛ «تۈرك

مىللىتىدىن باشقا بارلىق مىللەتلەرگە قارشى تۇرۇش»، «يات دىندىكىلەرنى يوقىتىش» داۋرىڭىنى سالدى؛ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر بىرلىشىپ «هاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن» دۆلەت قۇرۇش توغرىسىدا جار سالدى.

«شەرقىي تۈركىستان» نەزەرىيىسى شەكىللەنگەندىن كېيىن، تۈرلۈك مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ھەرىكەت قىلدى، «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى» قۇرۇش خام خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 40 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ كۇشكۇرتىشى، قوللىشى ئاستىدا كۆپ قېتىم مالىمانچىلىق پەيدا قىلدى. 1933 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، سابىت داموللا قاتارلىقلار قەشقەردە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇردى. لېكىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن ئۈچ ئايغا يەتمەيلا گۇمران بولدى.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى مەغلۇپ بولغىنىغا تەن بەرمەي، خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ قوللىشى بىلەن يەنىلا پۇرسەت كۈتۈپ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كىرگەندىن كېيىن، مىللىي بۆلگۈنچىلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ۋە خەلقئارادىكى تېرروورچىلارنىڭ تەسىرىدە، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى قىسمەن «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى تېررورلۇق، زوراۋانلىقنى ئاساسىي ۋاستە قىلىدىغان بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە بۇرالدى. بەزى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى ئاشكارا ھالدا تېررورلۇق، زوراۋانلىق ۋاستىسى ئارقىلىق بۆلگۈنچىلىك مەقسىتىگە يېتىش داۋرىڭىنى سالدى. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىلدىن 2001 ـ يىلغىچە چېگرا سىرتى ـ ئىچىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تېرروورچى كۈچلىرى شىنجاڭدا ئاز دېگەندە 200 قېتىمدىن ئارتۇق تېررورلۇق، زوراۋانلىق ۋەقەسى پەيدا قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، دىنىي زاتلار قاتارلىقلاردىن 162 كىشىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىشى، 440 تىن ئارتۇق كىشىنىڭ يارىدار بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.





يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، «شەرقىي تۈركىستان» تېرروورچى تەشكىلاتلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، شىنجاڭدىكى سودا بازارلىرى، ئاممىۋى ئاپتوبۇس، مېھمانخانا، ماگىزىن قاتارلىق ئادەملەر توپلىشىدىغان جايلاردا بىگۇناھ پۇقرالارنى پارتلىتىش دېلولىرىنى سادىر قىلدى. بەزى شەھەرلەردە بىر قاتار زەھەر تاشلاش، ئوت قويۇش دېلولىرىنى سادىر قىلدى؛ جۇڭگو چېگراسى ئىچىدە پاراكەندىچىلىك، مالىمانچىلىق قىلىش ۋەقەلىرىنى پىلانلاپ ۋە تەشكىللەپ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، ئۆلتۈرۈش قاتارلىق تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى؛ دۆلەت سىرتىدا تېررورلۇق، زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئالاقىدار دۆلەتلەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا، كونسۇلخانىلىرىغا ھۇجۇم قىلدى، جۇڭگولۇق سودىگەرلەر، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، چەت ئەل ساقچىلىرىنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدە، بولۇپمۇ، چەت ـ ياقا جايلاردا مەخپىي مەشىق بازىلىرىنى قۇرۇپ، پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش قاتارلىق تېررورلۇق ماھارىتىنى مەشىق قىلدى. ئۇلارنىڭ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ تىغ ئۇچى خەنزۇ ئاممىسىغا قارىتىلىپلا قالماستىن، ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان كادىرلار ۋە ئاممىغا، شۇنىڭدەك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغىمۇ قارىتىلىپ، ئۇلارمۇ «يات دىندىكىلەر» دەپ قارىلىپ ئۆلتۈرۈلدى.

1996 ـ يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن 13 ـ ماي قاتىللىق دېلوسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسى ھارۇنخان ھاجى ئاتا ـ بالا ئىككەيلەننى تېرروورچىلار قەستلەپ ئېغىر يارىدار قىلدى.

1996 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن 27 ـ ئاۋغۇست قاتىللىق دېلوسىدا، جاڭگىلئەسكى يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئوبۇل ئەھمەت، خەلق ساقچىسى مۇھەممەد ئابدۇللا، دىكتور تۇرسۇن نىزامەت، سۇ كادىرى زامەت ئەمەت، ئامانلىق ساقلاش خادىمى ئېلىخان قۇربانىنياز ۋە 14 ياشلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ياسىن پولاتتىن ئىبارەت ئالتە ئادەمنى تېرروورچىلار ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى.

زور تۈركۈمدىكى پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن كۆپ

ساندىكى تېررورلۇق، زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى چېگرا سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى بىۋاسىتە پىلانلىغان ۋە قوماندانلىق قىلغان، چېگرا ئىچىدىكى بىر ئۇچۇم كىشىلەر ئاۋاز قوشۇپ، بىرلىكتە پەيدا قىلغان. «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرى بىلەن خەلقئارا تېررورچى كۈچلەرنىڭ زىچ باغلىنىشى بار.

تېررورىزم بولسا ئىنسانىيەتكە قارشى بىر خىل ئىدىيىۋى ئېقىم، ئۇ زوراۋانلىق ۋاسىتىلىرى ۋە بىگۇناھ پۇقرالارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ مەلۇم سىياسىي مەقسىتىگە يېتىدۇ. بەزىدە ئۇلار كۆرۈنۈشتە مەلۇم ياكى بەزى ھۆكۈمەت تەشكىلىنى دۈشمەن ھېسابلىغاندەك قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە، بىگۇناھ پۇقرالارنى قۇربانلىق قىلىدۇ. مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەر قانداق چېكىدىن ئاشقان، ھەتتا قەبىھ ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشتىن يانمايدۇ. بۇنداق خۇراپىي زوراۋانلىق، ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچىدىغان تېررورلۇق پائالىيەتلىرى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقىنىڭ ئورتاق قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىقى خەلقئارا تېررورچىلىقنىڭ بىر قىسمى، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزدى ھەمدە ئالاقىدار دۆلەت، رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا تەھدىت پەيدا قىلدى.

بارلىق ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ھاياتى، بىخەتەرلىكى ۋە بەختلىك تۇرمۇشىنى، دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىكى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى قوغداش ئۈچۈن، جۇڭگو «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرى ئېلىپ بارغان زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قانۇن بويىچە قەتئىي زەربە بېرىدۇ. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلىشى ۋە قوللىشىغا، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ چۈشىنىشىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «شەرقىي تۈركىستان تېررورچى كۈچلىرى جىنايىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن دۇنياغا ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلىدى.





**27. نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئۇزاق مۇددەت بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئېلىپ بېرىش كېرەك دەيمىز؟**

ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە مۇكەممەل نەزەرىيىۋىلەشكەن، سىستېمىلاشقان، ئېنىق ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن، ئاڭلىق بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئاڭ بولۇپ، بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىجتىمائىي ئاڭ شەكلىدۇر. ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە. مەسىلەن، سىياسىي ئىدىيە، قانۇن ئىدىيىسى، پەلسەپە، دىن، ئەخلاق، سەنئەت قاتارلىقلار. مۇئەييەن ئىدېئولوگىيە مۇئەييەن ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ياكى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. ھەر قايسى ئىجتىمائىي سىنىپلار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەنپەئىتى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى تارقىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر شىنجاڭنى ۋەتەن قوينىدىن ئايرىپ چىقىش جىنايى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىغا ئىزچىل تۈردە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇلار تەشۋىقات، مەدەنىيەت، مائارىپ، دىندىن ئىبارەت ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە ئەسەبىيلەرچە سىڭىپ كىرىپ، كىتاب - ژۇرنال نەشر قىلىش، ئويۇن قويۇش، شوئار چاپلاش، تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتىش، دىن سۆزلەپ تەرغىباتچىلىق قىلىش، ۋەز ئېيتىش، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ سېتىش ۋە ئالاقە تورىدىن پايدىلىنىشقا ئوخشاش تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق، «مىللەت» ، «دىن» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش» نى قۇترىتىپ، مىللىي ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ، «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى» نى تەرغىب قىلدى. بۇ ھال ھەر مىللەت ئاممىسىنى، بولۇپمۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى ناھايىتى زور دەرىجىدە زەھەرلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى.

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى دائىم تۈرلۈك قانۇنلۇق تونغا ئورىنىۋېلىپ، تار مىللەتچىلىكنى تەرغىب قىلىدۇ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك سالىدۇ، ئۇنىڭ ئالدامچىلىقى كۈچلۈك، شەكلى خىلمۇ خىل بولۇپ، رايون، ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، تەسىر دائىرىسى كەڭ؛ بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى شەخسنىڭ ئېڭىغا ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشقا يەنە بىر جەريان كېرەك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى، خەۋپىگە دائىم سەل قارىلىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ يوشۇرۇن، كەڭ دائىرىلىك، كۆپ خىل ۋە تېخىمۇ خەۋپلىك بولىدۇ. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ ۋە ئۆتكۈر كۈرەش؛ كىشىلەر قەلبىنى، ئاممىنى، بازىنى تالىشىدىغان، سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى ئاساسنى مۇستەھكەملەيدىغان كەسكىن سىياسىي كۈرەش بولۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە، شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئەمىن بولۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىك قىلىش بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئىزچىل بولۇپ تۇردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 — 70 ـ يىللىرىدا، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتى ئاساسەن ماقالە، كىتاب ـ ژۇرنالنى ئاساس قىلاتتى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، 80 ـ يىللاردا، خەلقئارادا بۆلگۈنچىلىكنىڭ تەسىرى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى بىر مەھەل يامرىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى جايلاردا دىن ئەسەبىيلىكى كۆتۈرۈلگەنلىكى، يامرىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە بىر قەدەر كەسكىن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئاخبارات ـ نەشرىيات، ئىدىيە ـ نەزەرىيە ساھەسىدە بەزى كىشىلەر دەرس ئۆتۈش، ماقالە يېزىش، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، تارىخنى بۇرمىلىدى، بۆلگۈنچىلىك كەيپىياتىنى قوزغاتتى، بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان جامائەت





پىكرى پەيدا قىلدى، بۇنىڭدا گەۋدىلىك بولغىنى تۇرغۇن ئالماس ئاشكارا نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دىن ئىبارەت ئۈچ كىتابتۇر.

90 ـ يىللارغا كىرگەندىن كېيىن، خەلقئارادىكى مىللەت، دىن مەسىلىسى كۈندىن ـ كۈنگە گەۋدىلىك بولدى، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ جانلىنىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئەكس ئېتىپ، بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى داۋاملىق كۈچىيىش جەھەتتە ئىپادىلەندى، ھەرىكەت شەكلى ۋە ئۇسۇلى كۆپ خىللاشتى، ئۇزاقتىن بۇيان چەكلەنسىمۇ توختاپ قالمىدى. ئۇلار قانۇنسىز كىتاب ـ ژۇرنال، ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىنى چېگرادىن ئوغرىلىقچە كىرگۈزدى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، گېزىت قاتارلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن ۋە ئالاقە تورىدىن پايدىلىنىپ، «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى» نى تەرغىب قىلدى، ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئويۇن قويۇش ئارقىلىق شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، ئىجتىمائىي رېئاللىققا ھۇجۇم قىلدى، نارازىلىق كەيپىياتىنى پەيدا قىلدى؛ ئەكسىيەتچىل كىتاب ـ ژۇرناللارنى قانۇنسىز بېسىپ نەشر قىلدى. ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرەقىنى، خەت ـ چەك، شوئارلارنى تارقاتتى، ئېلېكترونلۇق ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى ۋە يوشۇرۇن دىن سۆزلەش نۇقتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغاتتى، «غازات» نى تەرغىب قىلدى؛ خەلق ئارىسىدىكى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلدى. بۇنىڭغا قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىغا يۈز تۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى، ئىدىيە، مەدەنىيەت سېپىدىكى باشقۇرۇش قۇرۇلۇشى سالمىقىنى كۈچەيتتى، لېكىن بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ۋە تۈرلۈك خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ قالدۇق زەھىرىنى ۋە تەسىرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگىتىشىمىز ئۈچۈن يەنە ئۇزاق مۇددەت تىرىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى تېخىمۇ گەۋدىلىك، مۇرەككەپ بولدى. بىرىنچىدىن، 2001 ـ يىلى ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، ئاشكارا كەسكىن بولغان زوراۋانلىق،

تىررورلۇق ئۇسۇلى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۈچلۈك ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر زوراۋانلىق، تىررورلۇق ۋاستىلىرىنى ئانچە - مۇنچە يىغىشتۇردى؛ ئىككىنچىدىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تۈرلۈك بۆلگۈنچىلىك - بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ئىزچىل تۈردە قاتتىق زەربە بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى، بۇنىڭدا جەڭ نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قاتتىق زەربە بېرىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە غەيرىي زوراۋانلىق - تىررورلۇق ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، سىڭىپ كىرىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ تېزلىتىشى مۇمكىن، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ئاممىدا يېتەرلىك ھوشيارلىق ۋە ئالدىنى ئېلىش ئېڭى بولۇشى، سىياسىي سەزگۈرلۈكى بىلەن كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىدىغان، دىن ئەسەبىيلىكىنى قۇترىتىدىغان، تارىخنى بۇرمىلايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، بۆلگۈنچىلىكنى، قانۇنسىز دىنىي ئىدىيىنى تەرغىب قىلىدىغان كىتاب - ژۇرنال، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى قاتارلىق تۈرلۈك نەشر بۇيۇملىرىنى ھەمدە تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىن ئۆتكۈزمەي، ئۆز ئالدىغا بېسىپ ساتقان دىنىي كىتاب - ژۇرنال ۋە تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى قەتئىي تەكشۈرۈپ چەكلەش ۋە مەنئى قىلىش كېرەك. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى كۈچەيتىش، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىسىنى مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش لازىم.

## 28. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى ۋەقەلەرنى قانداق توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟

مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى ۋەقەلەر دېگىنىمىز، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان، ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان دەۋاگەرگە چېتىلىدىغان ۋەقەنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە چېتىلىدىغان ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان دەۋاگەر ئايرىم ئەزالار





بولماستىن، بەلكى بىر توپ بولۇپ، چېتىلىدىغان ئىش دائىم دېگۈدەك ئىقتىسادىي ھوقۇق - مەنپەئەت، مىللىي ھېسسىيات قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئىشلار بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق خىزمەت قىلىش ۋە ياشاش جەريانىدا، دوستانە ئۆتۈپ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىدى ۋە راۋاجلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا پەرق ساقلانغانلىقتىن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىنمۇ ساقلانغىلى بولمىدى. مەسىلەن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش جەريانىدا، بىر مۇنچە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشكە توغرا كەلدى، بۇنىڭ بىلەن بەزى زىددىيەت، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋەقەلىرى كېلىپ چىقتى. بۇ ئەھۋالنى ياخشى بىر تەرەپ قىلمىغاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەر مەملىكىتىمىزگە قاراتقان «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» تەك بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى تېزلەتتى، مىللەت ۋە دىن مەسىلىلىرىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونى ئاغدۇرماقچى بولدى. مەملىكەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچىلەر يىراقتا تۇرۇپ ماسلىشىپ، تۈرلۈك پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، مىللىي ماجىرا پەيدا قىلدى، «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش» نى قۇتراتتى. مىللىي قارىمۇ قارشىلىقنى، مىللىي ئۆچمەنلىك كەيپىياتىنى تەرغىب قىلدى، دىن ئەسەبىيلىكىنى قۇتراتتى، بۇنىڭ بىلەن بەزى ئامما قايمۇقۇپ قالدى. بۇ دۈشمەن كۈچلەر خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، بولۇپمۇ خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەردىن پايدىلىنىپ، ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ ۋە كېڭەيتىپ، ئاممىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئىش تېرىشقا قۇتراتتى. مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تەرەپتىكى مەسىلىلەر ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغاچقا، ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئۇنىڭ خەۋپى ناھايىتى زور بولىدۇ.

ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك شۇكى، بىز بۇ يەردە دەۋاتقان مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋەقەسى خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتكە

ياتىدۇ. مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، بىرىنچىدىن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەرنىڭ چەك ـ چېگراسىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك. بۆلگۈنچىلەر بەزىدە مىللەت ياكى دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىسمۇ، لېكىن ئۇلار ھەرگىزمۇ مەلۇم مىللەت ياكى مەلۇم دىنغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بىزنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان كۈرىشىمىز ۋەتەننى، مىللەتنى پارچىلايدىغان ئەكسىيەتچى، سىياسىي كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرەش، دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت؛ ئىككىنچىدىن، جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرى بىلەن مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەرنىڭ چەك ـ چېگراسىنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك. پۇقرالار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، ئۇ شۇ پۇقرانىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى بولۇپ، شۇ پۇقرا تەۋە بولغان مىللەت بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. ھەر قانداق ئادەم دۆلەت قانۇنىنى بۇزسا، قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى شۇ ئۈستىگە ئېلىپ، قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، خەلق ئارىسىدىكى ئادەتتىكى ھەق تەلەپ ماجىرالىرى بىلەن مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك. ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى ئادەتتىكى توقۇنۇش بىلەن ھەق تەلەپ ماجىرالىرى پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بولۇپ، ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى مۇرەسسە قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلى بويىچە، تەربىيىلەش ـ يېتەكلەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش ۋە قايتا ـ قايتا مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق زىددىيەتلەرنى پەسەيتىپ، يوشۇرۇن ئاپەتلەرنى تۈگىتىش كېرەك. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىدىغان بەزى بىخلارغا نىسبەتەن سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇپ، ئۇنى ۋاقتىدا بايقاپ، ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ، مەسىلىنى بىخ ھالىتىدىلا ھەل قىلىشقا تىرىشىش كېرەك. قانۇنچىلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن بويىچە ئىشلەپ، قانۇنىي يول ئارقىلىق مۇۋاپىق ھەل قىلىشقا تىرىشىش كېرەك. ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنتايىن ئاز





ساندىكى يامان غەرەزلىك كىشىلەرنى يېتىم قالدۇرۇپ، ئەھۋالنى تۈپتىن ھەل قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى چوقۇم ئۆزئارا ئىشىنىشى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشى، ئۆزئارا قوللىشى، ئۆزئارا چۈشىنىشى لازىم. شۇنى بىلىش كېرەككى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا قەتئىي ئىشىنىش ۋە ئۇلارغا تايىنىش — مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى ۋەقەلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

## 29. نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قانداق توغرا چۈشىنىش كېرەك؟

شىنجاڭ ئەزەلدىنلا كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپلا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە بولۇپ كەلگەن، لېكىن ئۆتمۈشتىكى ھۆكۈمران سىنىپلار مىللەتنى ئېزىش سىياسىتىنى ۋە سىنىپىي زۇلۇم سىياسىتىنى يولغا قويغان، بۇنىڭغا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىق، كەمسىتىش، ئۆچمەنلىك، توقۇنۇش ۋە ئۇرۇش ھەمراھ بولۇپ كەلگەن. 1949 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە دېموكراتىك ئىسلاھات يولغا قويۇلۇپ، نەچچە مىڭ يىللار داۋاملاشقان مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى بىكار قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىردەك بولۇش ئاساسىدا، ھەرقايسى مىللەتلەر باباراۋەر بولغان، ئىتتىپاقلاشقان، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىندى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈردى؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بولغان مەبلەغ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئىلگىرى سۈردى؛ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ئۇدا مۇقىم تەرەققىي قىلدى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر

مۇناسىۋىتىنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىغا ياخشى ئاساس سېلىپ بەردى. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا، مەملىكەت ئىچىدىكى بىرلىككە كەلگەن بازارلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى، شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدىكى ھەر قايسى رايونلار، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، نوپۇسنىڭ كۆچۈپ يۈرۈشى بارغانسېرى كۆپىيىپ، مىللەتلەرئارا ئالاقە قىلىشقا تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت يارىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستانە ئۆتۈش زور دەرىجىدە كۈچەيدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى ۋە مەدەنىيەت قارىشى ھەمدە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى تەشۋىق ـ تەربىيىسى سالمىقىنى زورايتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى بويىچە كۆپ خىل شەكىلدىكى پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى، مىللەتلەر باباراۋەر، ئىتتىپاق دېگەن قاراشنى ۋە «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇردى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ياردەم بېرىشى ئادەتكە ئايلاندى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولۇش، ھايات ـ ماماتلىقتا بىر ـ بىرىگە تايىنىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈشتە ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىش ئىزلار ئۈزۈلۈكسىز بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن قىرغىز ئۆسمۈرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان گەنسۇدىن شىنجاڭغا ئىشلىگىلى كەلگەن دۇياڭفۇ؛ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خەنزۇ شۇجىسىنى قارا نىيەتلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن قەھرىمانلارچە ئۆزىنى بېغىشلىغان كۆكتوقاي ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ساقچىخانىسىنىڭ قازاق خەلق ساقچىسى سېرجان؛ ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان (ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ) ئالتە بالىنى مىڭ بىر جاپادا بېقىپ، «پامىر ئېگىزلىكىدىكى ياخشى ئانا» دەپ نام ئالغان ئاتۇش شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ئايال خالىدە قاتارلىقلار. ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە ئايلاندى.

شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ باباراۋەر، ئىتتىپاق ئىككىلىكىدىن ئىبارەت ئاساسىي ئېقىمىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، يەنە نۆۋەتتىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى تارماق ئېقىمنى، يەنى





مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ۋە زوراۋان تېررورچى كۈچلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ـ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى؛ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم ئىقتىسادىي ھوقۇق ـ مەنپەئەت تەرەپلەردىكى سۈركىلىشلەر؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان بەزى سۆز ـ ھەرىكەت قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە سەلبىي تەسىر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈش كېرەك. بولۇپمۇ «ئۈچ خىل كۈچ» نىڭ ھەدەپ بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىشى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ خەۋپلىك ئامىل.

ناھايىتى روشەنكى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئامالىنىڭ بارىچە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، شىنجاڭ باشتىن ـ ئاخىر تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغان ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مۇھىتنى ساقلاپ كەلدى، چوڭ مىللىي ماجىرا كۆرۈلمىدى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشتى، ئۆزئارا ئىشىنىشتى، ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت گۈللەندى، خەلق خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلدى. مانا بۇ پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە مۇستەھكەملىنىۋاتقانلىقىنى ۋە راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى، باراۋەر ـ ئىتتىپاق بولۇش، دوستانە ئۆتۈپ ئۆزئارا ياردەملىشىشنىڭ يەنىلا شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

## 30. نېمە ئۈچۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر «ئۈچ ئايرىلالمايدۇ» دەيمىز؟

«ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ــ خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئۆزئارا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ دېگەننى كۆرسىتىدۇ. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 56 مىللەت بىر گەۋدە بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

بەزىلەر بەلكى، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ دېيىش قارىسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقمۇ ـ قانداق؟ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭمۇ ئۆي ئايرىپ چىقىدىغان ۋاقتى

بولىدىغۇ، باشقا مىللەتلەردىن ئايرىلغاندا يەنە ياشىيالمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ بولۇپمۇ خەنزۇلارنىڭ ئادىمى شۇنچە كۆپ، تارقىلىش دائىرىسى شۇنچە كەڭ تۇرسا، ئايرىلىپ چىقسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ دېيىشى مۇمكىن، بۇ خىل قاراش خاتا. بىز مۇئەييەنلەشتۈرۈپ شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بىرلىشىش ھەممەيلەنگە پايدىلىق، ئايرىلىش زىيانلىق. «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ھەرگىزمۇ قۇرۇق تەسەۋۋۇر ئەمەس.

بىرىنچىدىن، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» نى مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسىي ـ تارىخىي شارائىتى بەلگىلىگەن. چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن بۇيان، جۇڭگو بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەن. ھەر قايسى مىللەتلەر ۋەتەننى ئېچىش ۋە قۇرۇش جەريانىدا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، خەنزۇ مىللىتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا ئالاقە قىلغان، ھەرقايسىسىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆزئارا ئەينەك قىلغان، سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى نۆۋەتلىشىپ يۈرگۈزگەن، ھەتتا قانداش بولۇپ بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا بۈگۈنكى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. ھازىر خەنزۇلار ئاساسىي گەۋدىلىك مىللەت بولغان 56 مىللەت بىر دۆلەتتە ياشاۋاتقان بىر گەۋدىنى شەكىللەندۈردى، باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇپ، ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرىۋاتىدۇ، ئايرىلىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. جۇغراپىيىلىك جايلىشىش، ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش، مەدەنىيەت تۇرمۇشى، مىللىي ھېسسىيات تەرەپلەردە زىچ باغلىنىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىش، ھەتتا ئۆرپ ـ ئادەتتە جەھەتتىمۇ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ئەينەك قىلدى، ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزئارا ئايرىلالمايدۇ، شۇنداقلا ئايرىلىشنىمۇ خالىمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» نى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، نوپۇس، بايلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى رېئال شارائىتى بەلگىلىگەن. ئۇزاقتىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىش جەريانىدا بىر خىل تەبىئىي باغلىنىشنى، يەنى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا تولۇقلاشچانلىق بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇشنى شەكىللەندۈردى. شەرقىي قىسىمدىكى خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار بىلەن غەربىي قىسىمدىكى ئاز





سانلىق مىللەتلەر رايونىنى ئېلىپ ئېيتساق، تەبىئىي بايلىق جەھەتتە شەرقىي رايونلار نامرات، غەربىي رايونلار باي، ئادەم كۈچى بايلىقى شەرقىي رايونلاردا زىچ، غەربىي رايونلاردا شالاڭ، ئەقلىي بايلىق شەرقىي رايونلاردا مول، غەربىي رايونلاردا ئاز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى شەرقىي رايونلاردا يۇقىرى، غەربىي رايونلاردا تۆۋەن، بۇ ھال ئوبيېكتىپ جەھەتتىن شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ھەم ئۆزئارا تايىنىش، ئۆزئارا تۈرتكە بولۇش، ھەم ئۆزئارا چەكلەش، ئۆزئارا چۈشەپ تۇرۇشتەك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەن. شەرقىي قىسىمنىڭ تەرەققىياتى غەربىي قىسىمدىن ئايرىلالمايدۇ. غەربىي قىسىمنىڭ تەرەققىياتىمۇ شەرقىي قىسىمدىن ئايرىلالمايدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر مەملىكەت ئىچىدىكى بىرلىككە كەلگەن بازارغا كىرىشتىن مۇستەسنا بولمايدۇ، ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى كۈنسېرى كۈچەيدى، ھەر قايسى مىللەتلەر، رايونلار پەقەت ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تايانغان، بىر ـ بىرىنى ئۆزئارا تولۇقلايدىغانلا بولسا، ئاندىن سىجىل، مۇقىم تەرەققىياتنى ساقلىيالايدۇ. يەنە كېلىپ دۆلەت زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكى، چېگرا رايوننىڭ مۇقىم بولۇشىدا ئاز سانلىق مىللەت ئامىسىغا تايىنىشقا تېخىمۇ توغرا كېلىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇزۇن كەتكەن چېگرا رايونىنىڭ كۆپىنچىسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەتەننىڭ چېگرا رايونىنى قوغداش، چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەرەپلەردە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشۇپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلغاچقىلا، ئىچكى جايلار ئاندىن ياخشى تەرەققىيات مۇھىتىغا ئىگە بولدى.

«ئۈچ ئايرىلالماسلىق» جۇڭگودا ئالىبۇرۇنلا ئەمەلىيەتكە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قاراش 20 يىلغا يېقىن جەريانىدا ئاندىن تەدرىجىي شەكىللەنگەن. 1981 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شۇجىچۇسى شىنجاڭ خىزمىتى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغاندا: «شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان خەنزۇ كادىرلار مۇنداق بىر توغرا قاراشنى، يەنى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن ئايرىلغاندا، شىنجاڭدا تۇرلۇك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ، دېگەن قاراشنى؛ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىمۇ مۇنداق بىر توغرا

قاراشنى، يەنى خەنزۇ كادىرلاردىن ئايرىلغاندا، شىنجاڭدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ، دېگەن قاراشنى تۇرغۇزۇشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. بۇ قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەنلا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت كەڭ كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئۇنى ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلدى. كېيىنچە بۇ قاراش يەنە تەرەققىي قىلدى، «خەنزۇ كادىرلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن سۆز «خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەنگە تەرەققىي قىلدى.

1990 - يىلى 9 - ئايدا، باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە: «ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتىمىز 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان. ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەت، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئۆزئارا بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. 1998 - يىلى 8 - ئايدا، باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» نى يەنە تەكىتلىدى. «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» قارىشى كەڭ تارقىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

«ئۈچ ئايرىلالماسلىق» مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ۋە رېئال ئەھۋالىنى ئوبرازلىق يىغىنچاقلاپ بەردى. ئۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە، باش شۇجى جياڭ زېمىن كۆرسەتكەندەك: «تارىخ ئىتتىپاقلاشقاندىلا روناق تېپىپ گۈللەنگىلى بولىدىغانلىقىمىزنى؛ بۆلگۈنچىلىك بولغاندا مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتىدىغانلىقىمىزنى قايتا - قايتا ئىسپاتلىدى. » ھەرقايسى مىللەتلەر پەقەت ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولغاندىلا، ئاندىن ئورتاق گۈللىنەلەيدۇ ۋە تەرەققىي قىلالايدۇ، دۆلىتىمىزدىنمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

**31. نېمە ئۈچۈن غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى دۆلەتنىڭ ئەڭ زور ئېتىبار بېرىش سىياسىتى دەيمىز؟**

جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىنىڭ زېمىنى كەڭ (پۈتۈن مەملىكەت يەر





كۆلىمىنىڭ 56% نى ئىگىلەيدۇ)، نوپۇسى نىسپىي ئازراق (پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 23% نى ئىگىلەيدۇ) بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاساسلىق توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىقتىسادى ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. لېكىن تارىخىي، تەبىئىي جۇغراپىيىلىك تەرەپلەردىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، غەربىي رايونلار بىلەن شەرقىي قىسىم دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە ئىقتىسادنىڭ سۈپىتى جەھەتتىكى پەرقلەر چوڭايدى. 1999 - يىلى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئاجايىپ ياخشى پۇرسەت يارىتىلدى. بۇ دۆلەتنىڭ غەربىي رايوندىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە قىلغان ئەڭ زور ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا، دۆلەت غەربىي رايونغا بولغان سېلىنمىنى ئاشۇرۇش، غەربىي رايونغا بىر يۈرۈش ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى بېرىش ئارقىلىق، غەربىي رايوننىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، شىنجاڭ دۆلەتنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى. دۆلەت شىنجاڭنىڭ يول مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش ۋە بەرپا قىلىش، ئۈستۈنلۈككە ئىگە كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقى، سۇ ئېنېرگىيە بايلىقىنى ۋە ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، رادىئو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇردى. 2001 - يىلى 2 - ئايدا، گوۋۇيۈەن «تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش لايىھىسى» نى تەستىقلىدى، بەش يىل ئىچىدە بۇنىڭغا جەمئىي 10 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ۋە ياخشىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىلىدۇ. دۆلەت يەنە «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش»، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى غەربتە قىرغىزىستانغا تۇتاشتۇرۇش، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ جىڭ ناھىيىسىدىن غۇلجىغىچە بولغان بۆلىكىنى ياساش قاتارلىق نۇقتىلىق تۈرلەردە ئىش باشلىدى. بۇ مۇقەررەر

هالدا شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئاساسىنى ناهايىتى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ زور مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ. «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىنى ئالساق، بۇ قۇرۇلۇشتا غەربتىن شەرققىچە بولغان تۇققۇز ئۆلكە، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، ئاپتونوم رايوننى كېسىپ ئۆتىدىغان تەخمىنەن 4200 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ (شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1200 كىلومېتىر كېلىدۇ) ، غەربنىڭ مول تەبىئىي گاز بايلىقى شەرقىي قىسىمغا يەتكۈزۈلىدۇ. پەرەز قىلىنىشىچە، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرۇبا يولى ئارقىلىق يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن يارىتىلىدىغان قوشۇلما قىممەت شىنجاڭ سانائىتىنىڭ قوشۇلما قىممىتىنىڭ 13% ئەتراپىغا توغرا كېلىپ، ھەر يىلى شىنجاڭنىڭ مالىيە باج كىرىمىگە نەچچە يۈز مىليون يۈەن قوشۇلىدۇ ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر يۈرۈش كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچى ئاممىسى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن نەپكە ئېرىشىدۇ. پەقەت 2002 ـ يىلىلا، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى بىر قانچە چوڭ تەدبىرلەرنىڭ بىرى، «ئاسفالىت يولنى ناھىيىلەرگە تۇتاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشى بولۇپ، بۇنىڭغا مەركەز 15 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىپ، غەربىي رايوندىكى بارلىق ناھىيىلەرنى تۇتاشتۇردى؛ ئىككىنچىسى، «توكنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى بولۇپ، دۆلەت بۇنىڭغا 22 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، غەربىي رايوندا ئىككىنچى تۈركۈمدە دېھقانچىلىق تورىنى ئۆزگەرتىشكە ئىشلەتتى، دېھقان ـ چارۋىچىلار ئاممىسى توك ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى توكنىڭ باھاسى تېخىمۇ مۇۋاپىق بولدى؛ ئۈچىنچىسى، «رادىئو ـ تېلېۋىزىيىنى كەنتلەرگە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى، يېقىندىن توك يەتكۈزۈلگەن 10 مىڭدىن ئارتۇق مەمۇرىي كەنت رادىئو ئاڭلىيالايدىغان، تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان بولىدۇ؛ تۆتىنچىسى، «تېرىلغۇ يەرلەر ئورنىدا ئورمانلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش» قۇرۇلۇشى، تېرىلغۇ يەرلەر ئورنىدا ئورمانلارنى، ئوتلاقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى مىسالغا ئالساق، دېھقانلار ھەر بىر مو يەردە تېرىلغۇ يەرلەر ئورنىدا ئورمانلارنى،





ئوتلاقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرسە، دۆلەتنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە سۇندۇرۇپ بەرگەن پۇلى، مايسا يېتىشتۈرۈش ياردەم پۇلى، شۇنىڭدەك داۋالىنىش، مائارىپ ياردەم پۇلى قاتارلىقلار بولۇپ 210 يۈەن بولىدۇ. ئىككىنچى يىلى ئاشلىق ۋە داۋالىنىش، مائارىپ ياردەم پۇلى بىلەن داۋاملىق تەمىنلەيدۇ. بۇ ياردەم 8 يىل داۋاملىشىدۇ. مۇشۇ تۈر بويىچىلا 2000 ـ يىلى دۆلەت شىنجاڭغا 26 مىليون يۈەن، 2001 ـ يىلى 30 مىليون ئەتراپىدا مەبلەغ سالدى. 2002 ـ يىلى شىنجاڭدا يەنە 2 مىليون مودىن كۆپرەك تېرىلغۇ يەرلەر ئورنىدا ئورمان ۋە ئوتلاقلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش سىياسىتى غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە تېزلىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت ياراتتى. 10 ـ بەش يىللىق (2001 ـ 2005 ـ يىللىق) پىلاننىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، شىنجاڭدا سۇ ئىشلىرى، قاتناش، ئېنېرگىيە، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاش؛ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ يامانلىشىشىنى كونترول قىلىش، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمنىڭ شەرقىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ سەۋىيىسى بىلەن بولغان پەرقىنى يەنە كېڭەيتىۋەتمەسلىك، نامراتلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىش، مۇشۇ ئاساستا، يەنە بىر قانچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈپ، قاتنىشى ئەپلىك، بوستانلىق كۆلىمى كېڭەيگەن، ئوخشاش بولمىغان كۆلەمدىكى بىر تۈركۈم زامانىۋى شەھەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە يېقىنلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادى گۈللەنگەن، جەمئىيىتى تەرەققىي قىلغان، سىياسىي جەھەتتە مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان، تاغ ـ دەريالىرى گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش دەسلەپكى قەدەمدە پىلانلاندى.

**32. نېمە ئۈچۈن بايلىقى مول بولغان شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئارقىدا قېلىشىنى ۋاقىتلىق ئەھۋال دەيمىز؟**

مەملىكىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى كەڭ كەتكەن تەبىئىي يايلاقلارغا (پۈتۈن مەملىكەت يايلاق كۆلىمىنىڭ 94% نى

ئىگىلەيدۇ)، مول ئورمان بايلىقىغا (ئورمان زاپاس مىقدارى تەخمىنەن پۈتۈن مەملىكەت ئورمان زاپاس مىقدارىنىڭ $\frac{1}{2}$ نى ئىگىلەيدۇ)، سۇ بايلىقىغا (سۇنىڭ زاپاس ساقلىنىش مىقدارى تەخمىنەن پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي مىقدارىنىڭ $\frac{1}{2}$ نى ئىگىلەيدۇ)، يەنە مول كان مەھسۇلات بايلىقى، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك بايلىقىغا ھەمدە ئۆزگىچە ساياھەت بايلىقىغا ئىگە. شىنجاڭ كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقى مول بولۇش بىلەن مەملىكەت بويىچە تېخىمۇ داڭ چىقارغان. بۈگۈنگە قەدەر شىنجاڭدا 138 خىل كان مەھسۇلات تۈرى، 4000 دىن كۆپرەك يەردە كان مەھسۇلات ئورنى بايقالدى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان مەلۇم زاپاس مىقدارغا ئىگە بولغان كان تۈرى 76 خىلغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغىنى 8 خىل، ئالدىنقى بەشىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى 25 خىل. مەسىلەن، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقىنىڭ مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ $\frac{1}{3}$ نى ئىگىلەيدۇ، كۆمۈرنىڭ مۆلچەرلەنگەن زاپاس مىقدارى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي زاپاس مىقدارىنىڭ 40% نى ئىگىلەيدۇ.

لېكىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى شەرقىي قىسىم دېڭىز بويىدىكى رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى نىسپىي ئارقىدا قېلىۋاتىدۇ، مەيلى ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ياكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سەۋىيە جەھەتتە بولسۇن ناھايىتى زور پەرقلەر بار. بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان بۇ خىل پەرق يەنىمۇ كېڭەيدى. بىر تەرەپتىن، مول تەبىئىي بايلىق تۇرۇپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئارقىدا قالغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ھەمدە نىسپىي نامرات بولغان خەلق تۇرمۇشى تۇرۇپتۇ. بۇ رېئاللىقنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟

بەزىلەر دۆلەتنىڭ ئاچقان بايلىقنى ئېلىپ كېتىشى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامرات بولۇشىنىڭ سەۋەبى دېيىشىدۇ. بۇنداق تونۇش ئىنتايىن خاتا. دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا بايلىقنى ئاچقاندا ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇپلا قالماستىن، يەنە شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنىمۇ نەزەردە تۇتۇش كېرەك دەپ ئېنىق بەلگىلىگەن. مەركەز ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا قۇرغان





كۆمۈرچىلىك، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، ئورمانچىلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى نىسبەت بويىچە ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر قىسمىنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قالدۇردى، ئېرىشكەن پايدىسىنىڭ بىر قىسمىنىمۇ شۇ يەرگە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەركەز يەنە مەركەزنىڭ كارخانىلىرى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ باج ئېلىشنى ئايرىش ئۇسۇلىنى يولغا قويدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا نەچچە يۈز مىليون يىل ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېچىلىشى دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، شۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە تۈرتكە بولۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. نېفىت بايلىقىنى ئېچىشنى مىسالغا ئالساق، شىنجاڭدا تارىم ئويمانلىقى، تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ نېفىتلىك ئېچىلغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەرقايسى نېفىت ئېچىش ئورۇنلىرىدا ساراي، مېھمانخانا، ماگىزىن ئاچتى، ترانسپورت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى، كۆكتات ۋە تۈرلۈك ئۇسكۈنە - ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلىدى. نېفىتلىكتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى داۋالاش ۋە تۇرمۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. 1989 - يىلدىن 1998 - يىلى 10 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىلا تارىم نېفىتلىكى تەكشۈرۈشكە قوماندانلىق قىلىش شتابى نېفىت بازىرىنى ئېچىۋېتىش، يەرلىكنىڭ ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىش، يەرلىكنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ئىشلىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، يەرلىككە جەمئىي 11 مىليارد 659 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرىم قىلىپ بەردى، بۇ ئومۇمىي سېلىنمىنىڭ 49.4% نى ئىگىلەپ، يەرلىك بىلەن نېفىت كارخانىسىنىڭ «بىرىكمە ئىگىلىكى» نى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى. ئەمەلىيەتتە، دۆلەت بايلىقنى ئاچقان بىلەن، بايلىق ساقلانغان جاي ئەڭ چوڭ پايدىغا ئىگە بولىدۇ.

گەرچە تەبىئىي بايلىق بىر دۆلەت، بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم تەرەققىيات شەرتى ھېسابلانسىمۇ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئۈستۈنلۈكى رېئال ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئايلىنالىشىدا. لېكىن ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن بايلىقنىڭ مول بولۇش دەرىجىسىدە مۇقەررەر باغلىنىش يوق. شياڭگاڭ، ياپونىيىنىڭ تەبىئىي بايلىقى ئىنتايىن كەمچىل بولسىمۇ،

ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى ناھايىتى تەرەققىي تاپتى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى تارىخ، جەمئىيەت، مەدەنىيەت قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، ئېچىۋېتىلگەن مۇھىت، ئاھالىنىڭ ساپاسى، ئادەم كۈچى بايلىقىدىن پايدىلىنىش، مەبلەغنىڭ يېتەكلىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈرئىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئارقىدا قېلىشىنى تارىخ بىزگە قالدۇرغان. 1949 ـ يىلى، مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 660 مىليون يۈەن بولۇپ، پەقەت پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %7.8 نىلا ئىگىلەيتتى. ئاشلىقتىن مو بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن پەقەت 65 كىلوگراملا ھوسۇل ئالاتتى. بەزى رايونلار ھەتتا ئوت ـ چۆپلەرنى ئۆرتەپ، يەرنى كولاپ تېرىشتەك ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا توختاپ قالغانىدى. بىر قىسىم رايونلاردا تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىشلىتىلمىگەن، زامانىۋى سانائەت يوق دېيەرلىك ئىدى، قاتناش ـ ترانسپورت، خەۋەرلىشىش ئىشلىرىمۇ ئىنتايىن قالاق ھالەتتە ئىدى. بىرمۇنچە رايونلاردا بىر پارچە خەتنى بىر ئاي، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ۋاقىتتا يەتكۈزگىلى بولاتتى. نۇرغۇن كىشى ماشىنا ۋە تېلېفون دېگەننى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق بىر يۈرۈش فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ يولغا قويدى؛ مالىيە، باج ئېلىش، پۇل مۇئامىلە، مەبلەغ سېلىش، تاشقى سودا قاتارلىق تەرەپلەردىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا نىسبەتەن ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى ھەمدە خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان تەرەققىي تاپقان رايونلارنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى ۋە تەشكىللىدى. 1980 ـ يىلدىن 1991 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىلا دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بەرگەن مالىيە ياردەم پۇلى جەمئىي 120 مىليارد يۈەنگە يەتتى. دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى





ئارقىسىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىمۇ ناھايىتى تېز بولدى، مەملىكىتىمىزنى نامرات، ئارقىدا قالغان ۋەزىيەتتىن تېزدىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، دۆلەت «گرادېنتلىق تەرەققىي قىلىش» ۋە رايونلارغا مايىل بولۇش سىياسىتىنى قوللىنىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى، بىر قىسىم رايونلارنى ئالدىن بېيىشقا ئىلھاملاندۇردى. شەرقىي قىسىم دېڭىز بويىدىكى رايونلار جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە، ئاھالىسىنىڭ ساپاسى يۇقىرى، تېخنىكا سەۋىيىسى ئىلغار، قاتناش، خەۋەرلىشىش ۋە شەھەر ئۇل مۇئەسسەسەلىرى تەرەققىي تاپقان، ئالدىن ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئارقىلىق كۆپلەپ تېخنىكا، مەبلەغ ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى جەلپ قىلىپ، تېزدىن تەرەققىي قىلىپ كەتكەن. شەرقىي قىسىمنىڭ تەرەققىياتى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىشقا ئاساس ۋە شارائىت يارىتىپ بەردى، مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىدۇ. «بايلىقنىڭ مول بولۇشى، ئىقتىسادنىڭ ئارقىدا قېلىشى» پەقەت ۋاقىتلىق ئەھۋال. ئىشىنىمىزكى، شىنجاڭ ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇزاققا قالماي شەرقىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يېتىشىۋالىدۇ.

**33. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قانداق يۈزلەندۇرۇش كېرەك؟**

پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئىقتىسادنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى جەريانىدا، كىشىلەر بەزى مىللەتلەردىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەدرىجىي ئازىيىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا يوقىلىۋاتقانلىقىنى بايقاۋاتىدۇ. ياشلار پادىچىلار شىمى كىيىشنى، ھامبۇرگ بولكىسى يېيىشنى، دىسكو ئويناشنى، چەت ئەل فىلىملىرىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھالبۇكى، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىگە قىزىقمايدۇ ياكى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى بىلىشمۇ ناھايىتى ئاز

بىلىدۇ. زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشتىمۇ ـ قانداق؟ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تاشلىنىپ قالدىمۇ ـ قانداق؟ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قانداق يۈزلەندۈرۈش كېرەك؟ بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە مىللەت دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

بىرىنچىدىن، بىزدە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە نىسبەتەن توغرا تونۇش بولۇشى كېرەك. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىتتا شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان بولۇپ، باشقىلار ئورنىنى ئالالمايدىغان ئالاھىدىلىك ۋە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى، ئۆزئارا ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكىنى تولۇقلاش ــ ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يولى. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغانلىق ھەرگىزمۇ ئۆزىنى ئىنكار قىلغانلىق بولماستىن، بەلكى ھازىرقى ئاساستا ئۆزگەرتىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، شۇ ئارقىلىق تېخىمۇ زور تەرەققىيات ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىق بولىدۇ.

زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ــ ئۇنىڭ ئېچىۋېتىش خاراكتېرى. بىر مىللەت پەقەت ئۆز ـ ئۆزىنى كەڭ ـ كۇشادە ئېچىۋېتىپ، باشقىلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ۋە تېخنىكىسىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنسىلا، ئاندىن تەرەققىي قىلالىشى مۇمكىن. لېكىن ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت بىلەن ئۇچراشقاندا، بەزىدە ناھايىتى قىيىنلىشى، ھەتتا ناھايىتى ئازابلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، كىچىكىدىن تارتىپ يايلاقتا چوڭ بولۇپ كەڭ زېمىندا ياشىغان بىر ياش چارۋىچى زامانىۋىلاشقان بىر زاۋۇتقا كىرىپ ئىشلىسە، ئۇ ھەر كۈنى ئىنتايىن چىڭ بولغان مەشغۇلات ۋاقتىغا تولۇق رىئايە قىلىپ، مۇقىم تەرتىپ بويىچە ئەمگەك قىلىشى، يەنە باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ كۆرسەتمىسىگە بويسۇنۇشى كېرەك. دەسلەپتە بۇنداق قىلىش ناھايىتى قىيىن بولىدۇ، ئەگەر شۇنداق ئىشلەشتىن ۋاز كەچسە پەقەت مەڭگۈ پادا بېقىشى مۇمكىن، بەلكى يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، زامانىۋى مەدەنىيەت ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى پۈتۈنلەي





ئىنكار قىلمايدۇ، شۇنداقلا تولۇق قوبۇل قىلىپمۇ كەتمەيدۇ، بەلكى تاللاپ قوبۇل قىلىدۇ. مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ كۆپىنچىسى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن زىددىيەتلىك بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى، نەپىس ئۆزگىچە مىللىي ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى، مول ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە باشقىلار، بۇلار زامانىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى ياخشىلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۇلارنى يېڭى جانلىقلىققا ئىگە قىلىدۇ، يەنە مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلىشىگە پايدىلىق بولىدۇ. «داۋانچىڭ قىزى» دېگەن ناخشا پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپلا قالماستىن، يەنە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىرمۇنچە ساياھەتچىلەرنى داۋانچىڭنى سەيلى ـ ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلىپ، شۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. ھالبۇكى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن ھازىرقى جەمئىيەتكە ماسلىشالمايدىغانلىرى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا مېڭىش جەريانىدا مۇقەررەر ھالدا شاللىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئەرلەر يەزىز، ئاياللار خار دېگەن قاراش، ئىنتائەتمەنلىك بىلەن كەمتەر بولۇش ئەخلاقى، پاسسىپ ھالدا تەقدىرگە تەن بېرىش ئادىتى، تار رايون ئېڭى قاتارلىقلار.

زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈزلىنىش جەريانىدا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىش پۇرسىتى مىسلىسىز كۆپىيىدۇ. تۈرلۈك مىللىي مەدەنىيەتتە ئۆزئارا چۈشىنىش، كەڭ قورساق بولۇش ۋە ھۆرمەت قىلىش كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى تېخىمۇ ئاسانلا ئىجادىيەت ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىدۇ. مەدەنىيىتى بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان مىللەت دائىم باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلغان مىللەت بولىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكا مەدەنىيىتىگە نېگىرلار، ئىندىئانلار ھەمدە باشقا كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى سىڭگەن، بىزنىڭ شىنجاڭمۇ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ مەدەنىيەتلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە، بۇ پايدىلىق تەرەققىيات شارائىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭدىكى بارلىق مىللەتلەر زامانىۋىلىشىشقا موھتاج، شۇنداقلا زامانىۋىلىشىشقا تەشنا. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن خالىي بولالمايدۇ. يا تەشەببۇسكار ھالدا تاللايدۇ، يا پەقەت

پاسسىپ ھالدا ماسلىشىدۇ. بىزدە شۇنداق تولۇق تەييارلىق بولۇش كېرەككى، مىللىي مەدەنىيەتنى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاللاپ ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

**34. نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش كېرەك دەيمىز؟**

پىلانلىق تۇغۇت تۇغۇتنى ئالدىن مۆلچەرلەش بولۇپ، بۇنىڭدىكى مەقسەت — نوپۇسنىڭ تېز دىن كۆپىيىشىنى چەكلەش، ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ۋە مۇھىت، بايلىق بىلەن ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن كېيىن، دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ تەخمىنەن يېرىمى دېگۇدەك تۇغۇتقا چەك قويۇش سىياسىتىنى ئېنىق ئىپادىلىدى. مەملىكىتىمىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى 1973 - يىلىدىن باشلاپ رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شىنجاڭدا 1975 - يىلدىن باشلاپ خەنزۇ ئاھالىسى ئارىسىدا، 1988 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى ئارىسىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. 1992 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي يولغا قويۇلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت چارىسى» دە، قانۇندا بەلگىلەنگەن توي قىلىش يېشىدىن ئۈچ يىل كېچىكىپ توي قىلغانلار (يەنى خەنزۇ پۇقرالاردىن ئەر 25 ياش، ئايال 23 ياشتا توي قىلغانلار، ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىدىن ئەر 23 ياش، ئايال 21 ياشتا توي قىلغانلار) كېچىكىپ توي قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ھۆكۈمەت كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شەھەر - بازارلاردىكى خەنزۇ ئاھالىلەردىن بولغان بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بىر پەرزەنتلىك؛ ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىدىن بولغان بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ئىككى پەرزەنتلىك؛ خەنزۇ دېھقان - چارۋىچىلىرىدىن بولغان بىر جۈپ ئەر - خوتۇن 1 — 2 پەرزەنتلىك، ئاز سانلىق مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرىدىن بولغان بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ئۈچ پەرزەنتلىك بولسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. يەنە بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلگەن ئاز بىر قىسىم كىشىلەر،





يۇقىرىقى ئاساستا يەنە بىر پەرزەنتلىك بولسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

بەزىلەر پىلانلىق تۇغۇت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنى بارغانسېرى ئازايتىۋېتىدۇ، بۇ ھال مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز، دېيىشىدۇ. يەنە يامان غەرەزلىك بىر قىسىم كىشىلەر پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، پىلانلىق تۇغۇت مەلۇم مىللەتنى يوقىتىدۇ دەپ بىلجىرلىدى. بۇ تولىمۇ بىمەنىلىك. بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئەزەلدىن نوپۇس سانىغا تايىنىپ ئۆلچىگىلى بولمايدۇ، بەلكى نوپۇسنىڭ ساپاسى ۋە تۇرمۇش سۈپىتى بەلگىلەيدۇ. ئىلگىرى نوپۇسنىڭ تەرەققىياتى پۈتۈنلەي تەبىئىي ھالدا تەڭشىلىپ تۇراتتى، ئۇرۇش، كېسەللىك، ئاچارچىلىققا ئوخشاش تۈرلۈك تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن، نوپۇسنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرى تۇغۇت نىسبىتى، يۇقىرى ئۆلۈم نىسبىتى ھالىتىدە تۇرۇپ كەلگەندى. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى شىنجاڭدا، سىياسىي زۇلۇم، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېكسپىلاتاتسىيە، ۋابانىڭ ئازابلىشى بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىشى ئاستا بولغان، ھەتتا تۆۋەنلەپ كەتكەن. مەسىلەن، ئىلقا ناھىيىسىدە موڭغۇللارنىڭ نوپۇسى پەقەت ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئالتە يىل ئىچىدە %23 ئازلاپ كەتكەن؛ ئالتاي ۋىلايىتىدە قازاقلار ئىلگىرى 100 مىڭغا يېقىن ئىدى. ئازاد بولغاندا پەقەت 50 مىڭغىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ قالغان. ئۈلۈغچات ناھىيىسىنىڭ ساقال جىلغىسىدا ۋابا تارقىلىپ باشقا يەرگە كەتكەن بىر ئادەم ئامان قالغاندىن باشقا، پۈتۈن جىلغىدىكى 60 تىن كۆپرەك ئائىلىدىكى 300 دىن كۆپرەك كىشىنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەپ، ھەتتا مېيىتلەرنى دەپنە قىلىدىغانمۇ ئادەم قالمىغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى تېخى 30 ياشقىمۇ بارمايتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، جەمئىيەت تىنچ بولۇپ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەر يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكتىن غەم قىلمايدىغان بولدى، داۋالاش - سەھىيە شارائىتىدا يەنە ناھايىتى زور ياخشىلىنىشلار بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستى. 1995 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 68.5 ياشقا يەتتى، بۇنى دۆلىتىمىز ئۇزناتقان سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىن، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بايلىق چەكلىك بولىدۇ، نوپۇسنىڭ ئېشىشىنىڭ ھەددىدىن زىيادە تېز

بولۇشى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىگە پايدىسىز بولىدۇ. شىنجاڭ تىپىك بوستانلىق ئىگىلىكىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئىنسانىيەت ياشىيالايدىغان بوستانلىق پەقەت دۆلەت زېمىنىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 4% نىلا ئىگىلەيدۇ. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئاجىز بەزى رايونلاردا، نوپۇسنىڭ ئېشىشى كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشتىكى يەر بايلىقىنى ئېغىر دەرىجىدە جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. 1988 ـ يىلى، ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى مەركەزلەشكەن خوتەن ۋىلايىتىدە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تېرىلغۇ يەر 1.8 مو، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا 1.5 مو، قەشقەر ۋىلايىتىدە 2.2 مو بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 3.3 مو تۆۋەن بولغان. شىنجاڭدا 1949 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە بولغان 30 يىل ئارىلىقتا جەمئىي 7 مىليون 983 مىڭ ئادەم تۇغۇلغان بولۇپ، ئەگەر ھەر بىر يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاھالىنى تەربىيىلەش خىراجىتىنى 2500 يۈەن بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ 30 يىلدا شىنجاڭدا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاھالىنى تەربىيىلەشكە كەتكەن خىراجەت تەخمىنەن 20 مىليارد يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ 30 يىلدىكى مىللىي دارامەتنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 35% نى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ يەر مەيدانى كەڭ، نوپۇسنىڭ ئومۇمىي مىقدارى بىر قەدەر ئاز بولسىمۇ، لېكىن پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش، نوپۇس سانىنىڭ ئېشىشىنى، نوپۇسنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئۆزگەرتىش، نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ۋە مۇھىت، بايلىقلارنى ئېچىش بىلەن ماسلاشتۇرۇش كېرەك.

پىلانلىق تۇغۇت يەنە ھەر بىر ئائىلىگە بەخت يارىتىدۇ. پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغاندىن كېيىن ئۆيدە بالا ئاز بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئانىنىڭ تۇغۇت ، بالا بېقىشتىكى ئېغىر يۈكلىرى ئازىيىدۇ، بۇ سالامەتلىككە ۋە شەخسنىڭ ئۆگىنىش، خىزمىتىگە پايدىلىق بولىدۇ؛ بالا تېخىمۇ ياخشى ئائىلە مۇھىتىغا ۋە ئىقتىسادىي شارائىتقا ئىگە بولۇپ ئوقۇيالايدۇ، بالىنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولىدۇ؛ ئائىلىدىكىلەرنىڭمۇ نۇرغۇن يۈكى ئازايغانلىقتىن، تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭ تۈزگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ۋە ئادىتىگە ئېتىبار بېرىلگەن بولۇپ سىياسەت





خېلى كەڭ بولغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى يەنە بىر قەدەر تېز تەرەققىيات سۈرئىتىنى ساقلايدۇ. يامان غەرەزدە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلغان ئايرىم كىشىلەرنىڭ مەقسىتى پارتىيە رەھبەرلىكىگە ھۇجۇم قىلىش، ئەمەلىيەتتە مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلىشىنى بوغۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت.

ھازىر كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، پىلانلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت سىياسىتىدىن ھەممە ئائىلە خەۋەردار بولدى، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ توي، تۇغۇت قارىشىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولدى، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تەبىئىي ئېشىشىنىڭ ھەددىدىن زىيادە تېز بولۇشى تۆۋەنلەشكە باشلىدى. 1975 ـ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە جەمئىي تەخمىنەن 3 مىليون ئادەم ئاز تۇغۇلۇپ، شىنجاڭ بويىچە نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1975 ـ يىلدىكى 33.10%، 24.36% تىن 2000 ـ يىلى 14.14% ۋە 9.61% كە چۈشتى، پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 98.61% كە، كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى 83.94% كە يەتتى. پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاھالىنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت ساپاسى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستى. مەملىكەت بويىچە 5 ـ قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىلدىكى 4 ـ قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە سېلىشتۇرغاندا، ھەر 100 مىڭ ئادەم ئىچىدە ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىنى ئالغانلارنىڭ سانى 1846 دىن 5141 گە كۆپەيگەن، ساۋاتسىزلار نىسبىتى 13.07% تىن 5.56% كە تۆۋەنلىگەن.

## 35. نېمە ئۈچۈن شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەتلىك رايون دەيمىز؟

ئىنسانىيەت كەڭ كۆلەمدە دېڭىز قاتنىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭ قەدىمكى شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۈگۈنى ئىدى، دۇنياغا مەشھۇر «يىپەك يولى» مۇشۇ يەردىن ئۆتەتتى. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، قەدىمكى دۇنيادىكى شەرق بىلەن غەربتىكى كۆپلىگەن قەبىلىلەر، توپلارنىڭ كۆچۈشى ۋە باردى ـ كەلدىلىرىنىڭ ئىزنالىرى بۇ يەردە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، شىنجاڭنى

ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونغا ئايلاندۇرغان.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي كىتابلىرىدا، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭدىكى قەدىمىي قەبىلىلەر ياكى مىللەتلەر بىر تۇتاش هالدا «غەربىي رۇڭلار» دەپ ئاتالغان. غەربىي خەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن سىماچيەن يازغان «تارىخىي خاتىرىلەر» دە، شىنجاڭ «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، غەربىي يۇرتتىكى قەدىمىي مىللەتلەر ئاساسەن ساكلار، توخرىلار، ئۇسۇنلار، چاڭلار، هونلار ۋە خەنزۇلار ئىدى.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر تازا بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن دەۋرلەر ئىدى. هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۇ مەزگىللەردە كۆچۈشى، باردى ـ كەلدىسى كۆپەيدى، يەنە بىر مۇنچە قەدىمىي مىللەتلەر، مەسىلەن، جورجان، قاڭقىل، ئابدال، ئازار قاتارلىقلار غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كىردى. بۇ مەزگىلدە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن قېچىپ، بىرمۇنچە خەنزۇلار خېشى رايونىغا كۆچتى ۋە خېشىدىن غەربىي يۇرتقا كەلدى. ئۇلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تېرىقچىلىق قىلىشقا كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن توپلىشىپ، تۇرپان رايونىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كەن، جاڭ، چۇ جەمەتى هاكىمىيىتىنى قۇردى. بولۇپمۇ مىلادىيە 498 ـ يىلى قۇرۇلغان چۇ قوجۇ پادىشاهلىق دۆلىتى 140 يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشتى.

سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە تۈرك، تۇبۇت قاتارلىق قەدىمىي مىللەتلەر غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا مۇهىم تەسىر كۆرسەتكەن. تۈركلەر هونلار، سىيانپىيلار، جورجانلاردىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي ئوتلاق رايونلىرىدا پائالىيەت قىلغان يەنە بىر قەدىمىي كۆچمەن چارۋىچى ئۇلۇس هېسابلىنىدۇ. تۇبۇتلەر زاڭزۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بولۇپ، 7 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكى رايونىدا پەيدا بولغان ۋە گۈللەنگەن، خېشى رايونىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي رايونىنى تالاشقان. 755 ـ يىلى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ئۆڭلۈك ـ سۈيگۈن توپىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ساقلاۋاتقان زور بىر تۈركۈم قوشۇنى ئىچكىرىگە يۆتكەلدى. تۇبۇتلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭنى ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى





ئىگىلىۋالدى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۇبۇتلەرنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ، غەربىي يۇرتتىن تەدرىجىي چېكىنىپ چىقتى، بۇ مەزگىلدە بىرمۇنچە تۇبۇت قەبىلىسى جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆچۈپ كىردى.

ئىككى خەن سۇلالىسىدىن سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىغىچە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان قەدىمىي مىللەتلەر غەربىي يۇرتقا ئارقا ـ ئارقىدىن كۆچۈپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ جايلىشىش قۇرۇلمىسىدا تۈپ ئۆزگىرىش بولمىدى. مىلادىيە 840 ـ يىلى، زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي يۇرتقا كىرىشى بىلەن بۇ خىل ۋەزىيەت ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

ئۇيغۇرلار ئەسلىدە «回纥» (خۇيخې) دەپ ئاتالغان بولۇپ، تېلى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا سېلېنگا ۋە ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشاپ، كېيىنچە تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىغا كۆچكەن. مىلادىيە 744 ـ يىلى ئۇيغۇرلار تەرەققىي قىلىپ زورىيىپ شىمالىي چۆللۈكتە ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. 840 ـ يىلى، ئۇيغۇر خانلىقى تەبىئىي ئاپەتنىڭ هۇجۇمى، هۆكۈمرانلىق گۇرۇھىدىكى ئىچكى نىزا، شۇنىڭدەك قىرغىزلارنىڭ هۇجۇمى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋەيران بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى غەربكە قاراپ كۆچتى. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۈچ تارماققا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىر تارمىقى خېشى كارىدورىغا كۆچۈپ كېيىنچە «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالدى، ئۇلار هازىرقى يۇگۇ (يۇغۇر) مىللىتىنىڭ مەنبەلىرىنىڭ بىرى؛ بىر تارمىقى هازىرقى جىمسار ۋە تۇرپان رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ «قوجو ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالدى، ئۇلار كېيىنچە قوجو ئۇيغۇر هاكىمىيىتىنى قۇردى؛ يەنە بىر تارمىقى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىغا كۆچۈپ، شۇ يەردىكى تۈرك تىللىق سۆزلىشىدىغان قارلۇق، ياغما مىللەتلىرى بىلەن بىرلىكتە قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇردى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى رايونلار قوجو ئۇيغۇر هاكىمىيىتى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا بولدى، شۇ يەردىكى ئاهالىلەرنىڭ غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلىشىش جەريانى باشلاندى.

مىلادىيە 1125 ـ يىلى لياۋ سۇلالىسى هالاك بولدى. لياۋ سۇلالىسىنىڭ پادىشاه جەمەتىدىن بولغان يەلۈي تاشىن ئەسكەر باشلاپ

غەربكە يۈرۈش قىلىپ قاراخانىيلار سۇلالىسىنى يوقىتىپ، غەربىي رايوندا قارا قىتان ھاكىمىيىتىنى قۇردى، بۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم قىتانلار غەربىي يۇرتقا كىردى.

13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىڭگىزخان قوشۇن باشلاپ غەربىي يۇرتقا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كىرىپ قارا قىتان خانلىقىنى يوقاتتى. 1225 ـ يىلى، چىڭگىزخان ئۆزى بويسۇندۇرغان جايلارنى پەرزەنتلىرىگە بۆلۈپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە چاغاتاي، ئوگدايلارنىڭ قامال قىلغان بىر قىسىم جايلىرى غەربىي يۇرت چېگراسى ئىچىدە بولدى. 15 ـ، 16 ـ ئەسىرلەرگىچە چاغاتاينىڭ ئەۋلادلىرى يەنىلا غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. يەنىلا ھەرقايسى جايلارنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىقىغا كۆپىنچە موڭغۇللار قويۇلدى. موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى، غەربىي يۇرتقا ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئېغىز بىر كەڭ دائىرىلىك، ئېغىز زىچ ئارىلىشىشلار بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەر يەنىمۇ ئاسسىمىلياتسىيىلەشتى، بىرىكتى، بۇ ئارقىلىق بەزى قەدىمىي مىللەتلەر يوقىلىپ، بەزى يېڭى مىللەتلەر بارلىققا كەلدى.

مۇشۇ مەزگىلدە بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلار بىر قىسىم قىتانلارنى، موڭغۇللارنى يەنىمۇ ئۆزىگە ئاسسىمىلياتسىيە قىلدى، قوشۇۋالدى ھەمدە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، تىل، مەدەنىيەت، دىن قاتارلىق تەرەپلەردىن بىرلىككە كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈردى. ئىككىنچىدىن، ئىلى دەرياسى ۋادىسى، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى يەرلىك ئاھالىلەرمۇ قوشۇلۇپ قايتىدىن تەشكىللىنىشتەك جەرياننى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆزبېك، قازاق مىللەتلىرىنى شەكىللەندۈردى.

بۇ مەزگىلدە قىرغىزلار ئويراتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى رايونلاردىن غەربتە ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى رايونلارغا ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يەنە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتۈپ ئۇچتۇرپان، قەشقەر ھەمدە غەربتىكى رايونلارغا يېتىپ باردى.

ئويراتلار ـ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي چۆللۈكتىكى موڭغۇللارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى، ئۇلار دەسلەپتە شىشخىد دەرياسى ۋە





يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى رايونلارغا جايلاشقان، كېيىنچە ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا، ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كېڭەيگەن. 17 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە، جۇڭغار، دۆربۈت، خوشۇت، تورغۇتتىن ئىبارەت تۆت قەبىلىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرگەن. كېيىنچە جۇڭغار قەبىلىسى قۇدرەت تېپىپ، تورغۇت قاتارلىق قەبىلىلەر باشقا يەرگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. 1680 ـ يىلى جۇڭغارلار جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

1759 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغارلارنى ۋە چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، ئىچكى جايلاردىن ۋە شەرقىي شىمالدىن مانجۇ، خەنزۇ، شىبە، موڭغۇل (چاخار قەبىلىسى)، سولۇن (داغۇر) قاتارلىق مىللەتتىن بولغان ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى شىنجاڭنى مۇداپىئە قىلىشقا ئارقا ـ ئارقىدىن يۆتكىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى يېڭى ئەزا بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەسلىدە موڭغۇللارنىڭ ئىدىل دەرياسى (ھازىرقى ۋولگا دەرياسى) غا كۆچۈپ كەتكەن تورغۇت قاتارلىق قەبىلىلىرىمۇ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. كېيىنچە يەنە رۇس، تاتار قاتارلىق مىللەت ئاھالىلىرى شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ قالدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، قىرغىز، مانجۇ، شىبە، تاجىك، داغۇر، ئۆزبېك، تاتار، رۇستىن ئىبارەت مۇقىم ئولتۇراقلاشقان 13 مىللەت بار بولدى. ئۇيغۇر مىللىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋەزىيەت ئاخىرقى ھېسابتا شەكىللەندى.

شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن بىرلا مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولماستىن، بەلكى كۆپ مىللەتلىك رايون ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان تارىخىي پاكىتلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

**36. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟**

مەملىكىتىمىزنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي كىتابلىرىدا

«غەربىي يۇرت» بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ، شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئومۇمىي ئاتىلىشى ئىدى. يازما ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەردىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا بىر مۇنچە قەبىلىلەر ۋە مىللەتلەر توپلىرى، ئاساسەن ساك، توخرى، ئۇسۇن، چاڭ، ھون ۋە خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ پائالىيەت قىلغان.

ساكلار ئەسلىدە كۆچمەن چارۋىچى بولۇپ، گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىدا ياشىغان، توخرىلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغانلىقتىن، غەربكە كۆچكەن، يىغىلىق دەۋرىدە ئاساسەن ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا پائالىيەت قىلغان. كېيىن توخرىلارنىڭ زەربە بېرىشى بىلەن پامىر رايونىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان.

توخرىلار ئەڭ دەسلەپتە خېشى كارىدورى ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچى بولۇپ ياشىغان، «مۇتىيەنزى تەزكىرىسى» دە «توخرىلار» دەپ ئاتالغان. توخرىلار قۇدرەت تاپقان مەزگىللەردە ھونلارنى مەغلۇپ قىلغان، ئۇسۇنلارغا ھۇجۇم قىلغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 177 ـ يىلى ھونلارنىڭ ئەسكەر چىقىرىشى بىلەن مەغلۇپ قىلىنىپ، غەربتىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپ، شۇ يەردىكى ساكلارنى قوغلىۋېتىپ ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان. كېيىن يەنە ھونلار بىلەن ئۇسۇنلارنىڭ بىرلىشىپ قىلغان ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، يەنە بىر قېتىم تۇخار (ھازىرقى ئامۇ دەرياسى) غا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان.

ئۇسۇنلار ئەڭ دەسلەپتە خېشى كارىدورى رايونىدا پائالىيەت قىلغان، كېيىنچە يېقىن قوشنىسى توخرىلارنىڭ مەغلۇپ قىلىشى بىلەن ھونلارنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان. ھونلارنىڭ قوللىشى بىلەن، توخرىلار ياشاۋاتقان يىراق جايغا سەپەر قىلىپ، توخرىلارنى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپ، ئۆزلىرى ئۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان. غەربىي خەن خانلىقى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىجۈن مەلىكە بىلەن جيېيۇ مەلىكىنى ئۇسۇن خانىغا خوتۇنلۇققا بەرگەن. قۇدىلىشىش خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇسۇنلارنىڭ دوستانە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

چاڭلار مەملىكىتىمىزدىكى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى، رىۋايەتلەردىكى يەن دىمۇ چاڭلارنىڭ ئەجدادى. ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە جياڭشۈي (ھازىرقى شەنشى جىشەننىڭ شەرقى) دە پائالىيەت قىلغان،





كېيىنچە بىر قىسمى شەرققە كۆچۈپ، خېلى بۇرۇنلا خۇاشيا مىللىتىگە، يەنى ھازىرقى خەنزۇلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. يەنە بىر قىسمى ئەسلىدىكى جايىدا قېپىغا قالغان ياكى گەنسۇ، چىڭخەي، شىزاڭ قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن. ئەمىنىيە، يىغىلىق دەۋرلىرىدە، يەنە بىر قىسىم چاڭلار خېشى كارىدورىدىن ئۆتۈپ چىلىيەنشەن، كۇئېنلۇن تاغلىرىنى بويلاپ داۋاملىق غەربكە قاراپ كۆچكەن، بۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتتا ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئىزلىرى قالغان.

ھونلار قەدىمكى زامانلاردا مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولۇپ، چىن، خەن سۇلالىلىرى مەزگىلىدە قۇدرەت تاپقان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 177 ـ يىلى، ھونلارنىڭ ئوڭ قول بىلىكخانى غەربكە يۈرۈش قىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، «چاكارلار كاھىبىگى» نى تەسىس قىلدى. ھونلارنىڭ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېيىنچە خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارنى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا كىرگۈزۈشىگە ئاساس سېلىپ بەردى. بۇ، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخىدا ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

خەنزۇلار غەربىي يۇرت رايونىغا خېلى بۇرۇن كىرگەن مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئېنىق خاتىرىلەنگەن ۋاقتى خەن ۋۇدى دەۋرى بولسىمۇ، لېكىن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بۇ ۋاقىتتىنمۇ خېلى بۇرۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. خەن ۋۇدى جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكى جايلار ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورناتتى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 101 ـ يىلىدا، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى بۈگۈر، لوپنۇر ئەتراپلىرىدا ئەسكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىغان. كېيىن، ھەرقايسى جايلارغا كېڭەيگەن. ھەرقايسى ئەسكەرلەرنىڭ تېرىقچىلىق قىلغان نۇقتىلىرى خەنزۇلار غەربىي يۇرتقا كىرگەندىن كېيىنكى ئەڭ دەسلەپ جايلاشقان رايونلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قورۇقچىبېگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، يا ئەمەل تۇتۇش، يا ئەسكەر بولۇش، يا تىجارەت قىلىش بىلەن

غەربىي يۇرتقا كىرگەن خەنزۇلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. كېيىنچە ھەرقايسى دەۋرلەردە خەنزۇلار ئۈزۈلمەي كېلىپ، غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

بۇ دەۋردە كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىدىكى ۋە كۆكئارتنىڭ شەرقىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ جىرالىرىدىكى ھەرقايسى جايلاردا، بولۇپمۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئوراپ ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاساس قىلغان بىر مۇنچە ئاھالە ۋە قەبىلە گۇرۇھلىرى بوستانلىقنى مەركەز قىلىپ، بىر بىرلەپ «شەھەر دۆلىتى» قۇردى. تارىختا بۇ «36 بەگلىك» دەپ ئاتالدى. بۇ ئاتالمىش «شەھەر دۆلىتى» نى ئاساسەن ساكلار، چاڭلار ياكى توخرىلار قۇرغان بولۇپ، ئۇلار ئىگىلىگەن يەر يا چوڭ، يا كىچىك، ئاھالىسى يا كۆپ، يا ئاز بولغان؛ چوڭراقلىرى بىر تەبىئىي رايون بولغان، كىچىكرەكلىرى بىر كەنتتىن ئېشىپ كەتمىگەن، ئاھالىسى ئەڭ كۆپ بولسا نەچچە ئون مىڭ، ئەڭ ئاز بولسا پەقەت نەچچە يۈز بولغان. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەر قايسى جايلارغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان قەبىلە ياكى مىللەت توپلىرى يېقىنقى زاماندىكى شىنجاڭدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا خېلى تەسىر كۆرسەتتى. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئاجىزلاشماي، شىنجاڭدىكى يېقىنقى زامان مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادى بولۇپ قالدى. مەسىلەن، ساكلارنىڭ تاشقورغاندا ياشاۋاتقان تاجىك مىللىتى بىلەن مەلۇم قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار، ئۇسۇنلار بولسا كېيىنكى قازاق مىللىتىنىڭ مەنبەلىرىنىڭ بىرى.

**37. ۋېي، جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟**

ۋېي، جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئىچكى جايلارغا ئوخشاشلا تالاش ـ تارتىش، بۆلۈنۈشتەك داۋالغۇش بولۇپ تۇرغان دەۋر ئىدى. شۇنداقلا بىر مىللەتنىڭ چوڭ كۆچۈش، چوڭ قوشۇلۇش دەۋرى ئىدى. بىر مەزگىللىك كەسكىن ئېلىشىشلار ئارقىلىق، غەربىي يۇرتتا پېشامشان، قۇجۇ، ئاگىنى، كۇسەن، سۇلى، ئۇدۇن قاتارلىق بىر نەچچە چوڭ كۈچ دائىرىسى شەكىللەندى. يەنە بۇنىڭ ئىچىدە ياپپانلارمۇ بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە،





جورجان، ئابدال، قاڭقىل، ئازار قاتارلىق شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرمۇ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەر قايسى جايلارغا ئارقا ـ ئارقىدىن كىردى. بولۇپمۇ زور تۈركۈمدىكى توڭغۇس سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ غەربىي يۇرتقا قاراپ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتىدۇ.

جورجانلار قەدىمكى توڭغۇسلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇپ، سىيانپىيلار بىلەن ھونلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. 5 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە موڭغۇل ئېگىزلىكىدە پەيدا بولغان ۋە گۈللەنگەن، سېلىنگا دەرياسى بويىدا بارگاھ قۇرغان ھەم ئۆزىنىڭ كۈچ دائىرىسىنى غەربتىن ئاگىنى ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغىچە كېڭەيتكەن.

ئابداللار، يەنە بىر خىل ئاتىلىشى «ئېفتالىت»، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا قوشلارنىڭ بىر قىسمى دەپ خاتىرىلەنگەن. باشقا ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەددىچىننىڭ شىمالىدا پەيدا بولغان، سىيانپىيلار بىلەن باغلىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن دېيىلگەن. مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئامۇ دەرياسى ۋادىسىنى ئىگىلەپ، قۇدرەتلىك يەرلىك ھاكىمىيەت قۇرغان، خانلىقنى دۆلەت نامى قىلغان. 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، پامىرنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى سۇلى، ئۇدۇن، كۇسەن، ئاگىنى قاتارلىق ھەرقايسى جايلار ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

ياپپانلار شىمالىي ھونلارنىڭ قالدۇق ئەۋلادلىرى. مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە، شىمالىي ھونلار غەربكە كۆچكەندە، بەزى قىرى ـ چۈرى ئاجىزلارنى يولتۇز يايلىقىغا قالدۇرۇپ قويغان، كېيىن ئۇلار پەيدىنپەي ھاكىمىيەت قۇرغان. دەسلەپتە جورجانلار بىلەن ئىتتىپاقداش بولغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئىككى تەرەپ تىنچلىقنى بۇزۇپ توختىماي ئۇرۇش قىلغان. ياپپانلار كېيىن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ جورجانلارغا ھۇجۇم قىلغان.

قاڭقىللار ئەينى ۋاقىتتىكى شىمالىي سۇلالە كىشىلىرىنىڭ شىمالىي چۆللۈك يايلىقىدىكى بىر قىسىم كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتىشىدۇر. چۈنكى ئۇلار ئولتۇرغان ھارۋىلارنىڭ چاقلىرىنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن داڭ چىقارغان. جەنۇبىي سۇلالە كىشىلىرى

ئۇلارنى «تۇرالار» دەپ ئاتايتتى. شىمالىي چۆللۈك قەبىلىلىرىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر بولسا ئۇلارنى «تېلىلار» دەپ ئاتايتتى. تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، قاڭقىللار شىمالدىكى قىزىل تۇرالارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولسا كېرەك. قاڭقىللارغا شىمالىي چۆللۈك دەۋرىدە جورجانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان. 487 - يىلى 100 مىڭدىن كۆپرەك قاڭقىل قەبىلە سەركەردىسى ئاپۇرغۇر ۋە ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى چۇڭچىنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن غەربكە، يەنى ھازىرقى ئۈرۈمچى ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىپ قاڭقىللار دۆلىتىنى قۇرغان. قاڭقىللار جورجان خانلىقىنىڭ قوغلاپ كەلگەن ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، جەنۇبتا ئاگنى، پىشامشان، كۇسەن، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارغا يۈرۈش قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي قىسمىدا دەۋر سۈردى، 490 - يىلى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ جورجانلارغا تاقابىل تۇرۇش مەقسىتىدە شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ باردى - كەلدىسى كۆپەيدى. كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي قاڭقىللار يەنە قوجۇ رايونىنى ئىشغال قىلدى. 541 - يىلى، ئابداللار بىلەن جەنۇبىي ئازارلارنىڭ ئىككى ياقتىن ھۇجۇم قىلىشى بىلەن، ئەمەلىي كۈچى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، ئاخىرى جورجانلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

ئازارلار سىيانپىيلاردىن بارلىققا كەلگەن. بۇ قەبىلىنىڭ مۇرۇن جەمەتىدىن بولغان سەركەردىنىڭ داڭقى چىققان ئىدى. 4 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، شەرقىي لياۋنىڭ سىيانپىيلىرىدىن ئايرىلىپ چىققان. كېيىنچە ھازىرقى گەنسۇ، چىڭخەينىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى رايونلارغا كۆچۈپ بارغان. قەبىلە ئادىمىمۇ تەدرىجىي ئاۋۇغان. 5 - ئەسىردە، ئازارلارنىڭ كۈچلىرى غەربىي يۇرتتىكى پىشامشان، چەرچەن، ئۇدۇنغىچە كېڭەيگەن. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قەبىلە تۇزۇپ كېتىپ، زور بىر تۈركۈم ئازارلار لوپنۇر كۆلى ئەتراپىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان.

غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ئىچكى جايلاردا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى توختىماي بولۇپ تۇردى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى نۇرغۇن خەنزۇلار ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن قېچىپ، خېشى كارىدورى ئارقىلىق تۇرپان رايونىغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تېرىقچىلىق قىلىشقا كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بىلەن بىرلىشىپ، قوجۇنى تېزدىن گۈللەندۈردى. 327 - يىلى ئۆپچۆرىسىدە خېشى كارىدورىدا قۇرۇلغان ئالدىنقى لياڭ خانلىقى ئاساسىدا قوجۇ





ۋىلايىتىنى قۇردى، تۆۋەندە تيەندى ناھىيىسى (ليۇجۇڭ شەھىرى)، خېڭجېي ناھىيىسى، گاۋنىڭ ناھىيىسى (بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى پىچان ناھىيىسى چېگراسى ئىچىدە) نى تەسىس قىلدى، ناھىيىنىڭ قارمىقىدا يېزا، تۈتۈن تەسىس قىلدى. بۇ ئىچكى جايلاردىكى ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنىڭ غەربىي يۇرتقا كۆچۈرۈلۈپ كېلىنىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭقۇر بولدى. 5 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، قوجۇ رايونىدىكى يۇقىرىلار چۇجا دېگەن كىشىنى قوجۇ ۋاڭى قىلىپ تىكلىدى. بۇ بولسا توققۇز دەۋر، 140 نەچچە يىل دەۋر سۈرگەن «قوجۇ چۇ جەمەتى خانلىقى» دۇر. چۇ جەمەتى خانلىقى خەنزۇلارنىڭ غەربىي يۇرتتا قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ رايوندا خەنزۇچە يېزىق ئىشلىتىلگەن.

مىلادىيە 3 — 5 - ئەسىرلەر غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر كۆچۈپ ۋە يۆتكىلىپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى، شىمالىدىكى ۋە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ زور دەرىجىدە ئايرىلىپ چىقىشى ۋە زور دەرىجىدە قوشۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئالدى بىلەن چىن سۇلالىسى، ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ئاجايىپ جانلانغان توخرى، ھون، ئابدال، قوش، قاڭقىل قاتارلىق بەزى مىللەتلەرنىڭ توپلىرى باشقا مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلارنىڭ نامى تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرۈلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە يېڭىدىن بىرلەشكەن مىللەتلەر ئالدىنقىلارنىڭ ئورنىنى ئېلىپ تارىخ سەھنىسىدە كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

### 38. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟

مىلادىيە 581 - يىلى سۈي سۇلالىسى قۇرۇلۇپ، ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەردە 300 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ئۆزئارا ئۇرۇشۇشلار ۋە جەنۇبىي سۇلالە بىلەن شىمالىي سۇلالىنىڭ تىركىشىش ۋەزىيىتى ئاخىرلاشتى. سۈي سۇلالىسى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، غەربىي يۇرتتا پىشامشان، چەرچەن، ئېۋېرغولدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا نىسبەتەن ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى يولغا قويدى.

617 - يىلى تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سودا يولىنى

ئېچىش ئۈچۈن، غەربىي يۇرتقا باسقاق قويۇشقا باشلىدى. غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىر يېڭى دەۋرگە كىردى. بۇ مەزگىلدە تۈرك تىللىق تۈركۈمدىكى قەبىلىلەر (تۈرك، قارلۇق، ياغما، تېلى، قىرغىز، ئۇيغۇر) تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەر قايسى جايلارغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەنزۇ، سوغدى ھەمدە تۇبۇت (ھازىرقى زاڭزۇلارنىڭ ئەجدادى) قاتارلىق مىللەتلەرمۇ گاھ ئۇزاق، گاھ قىسقا ۋاقىت مۇھىم رول ئويناپ، غەربىي يۇرتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ جايلىشىش قۇرۇلمىسىنى يەنە ئۆزگەرتتى.

تۈركلەر مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي يايلاقلىرىدا ياشىغان قەدىمىي كۆچمەن چارۋىچى مىللەت، ئەڭ دەسلەپتە يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن قۇجۇنىڭ شىمالىي تېغىغا، يەنى تەڭرى تېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، بۇغدا تېغى ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن. بۇ چاغدا قۇجۇ رايونى جورجانلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي تۈركلەرمۇ جورجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى ھەمدە ئالتۇن تاغ (ھازىرقى ئالتاي تېغى) رايونىغا كۆچۈرۈلۈپ، جورجانلارنىڭ «سوقۇۋالغان قولى» غا ئايلىنىپ قالدى. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، «ئالتۇن تاغ» نىڭ شەكلى «دوبۇلغا» غا ئوخشىغانلىقتىن، تۈرك دېگەن ئىسىم ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولغان. تۈركلەر قەبىلە باشلىقى ئاشىنا تۇمەننىڭ باشچىلىقىدا، تېلى قەبىلىسىنى بويسۇندۇرۇپ ئەمەلىي كۈچىنى ھەدەپ ئاشۇردى. 552 ـ يىلى، تۇمەن جورجانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، شىمالىي چۆللۈك رايونىدىكى ئۆتىكەن تېغى (ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ دۆلەت چېگراسى ئىچىدىكى خاڭگەيشەن) نى تايانچ قىلىپ، قۇللۇق تۈزۈمدىكى قۇدرەتلىك تۈرك خانلىقىنى قۇردى. شۇ يىلى تۇمەن ئىنىسى ئىستەمىنى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىشقا چىقاردى، بۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلار ۋە غەربتىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسىم رايونلىرى ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى. 582 ـ يىلى، تۈرك خانلىقى ئىچكى ئازازلىق تۈپەيلىدىن شەرقىي تۈرك، غەربىي تۈرك دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. غەربىي يۇرت غەربىي تۈركلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولدى. 657 ـ يىلى، غەربىي تۈركلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى، ئەسلىدە شىمالدا





ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا چېچىلىپ ئولتۇراقلاشقان شەرقىي تۈركلەر شۇ يەردىكى باشقا مىللەتلەرگە تەدرىجىي ھالدا قوشۇلۇپ كەتتى ۋە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى، غەربىي تۈركلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى غەربىي يۇرتتىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى ھەمدە مۇشۇ رايوندىكى يېقىنقى زاماندىكى مىللەتلەرنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

تۈرك خانلىقى يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئەسلىدە تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان بەزى قەبىلىلەر ياكى قەبىلە گۇرۇھلىرى ئىسكەنجىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىغا ماڭدى. مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ۋاقىتتا، غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ياغما، قارلۇق، قىرغىز، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئەسلىدە تۈرك خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى. قارلۇقلار كېيىنچە ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇردى؛ قىرغىزلار تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق كېيىنچە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قىرغىزلارنىڭ ئەجدادى بولۇپ قالدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلار ئىچىدە يەنە خەنزۇ ۋە تۇبۇت قاتارلىقلار بار. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇلار ئاساسەن ئېۋىرغول ئايمىقى، بېشبالىق ۋە قۇجۇ ئايمىقىغا، يەنى ھازىرقى قۇمۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچى، سانجى رايونلىرىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. تاڭ سۇلالىسى بۇ يەرلەردە ئىچكى جايلاردا يولغا قويۇلغان ئايماق، ناھىيە تۈزۈمىنى قوللىنىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن ئەمەلدار ئەۋەتىپ ئىدارە قىلغان، ئەينى ۋاقىتتا بۇ يەرلەردە يولغا قويۇلغان يەر تۈزۈمى، ئالۋان ـ ياساق، باج ۋە ھاشار تۈزۈمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولغان. يەنە كۆسەن قاتارلىق جايلاردىمۇ بۇ تۈزۈم يولغا قويۇلغان. خەنزۇلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشى ئەينى ۋاقىتتا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى نۇرغۇن يەرلەرنى قاپلىغان.

«ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭى» دىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى قوغداۋاتقان ئەسكىرىي كۈچى ئاجىزلاپ، چۇشكۇنلەشكەندە، تۇبۇتلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خېشىنى، لوڭيۇ ھەمدە غەربىي يۇرتنىڭ

بىر قىسىم رايونلىرىنى ئىشغال قىلدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ رايونلارغا قىلغان ھۆكۈمرانلىقى يېرىم ئەسىر داۋاملاشتى.

مىلادىيە 840 ـ يىلى شىمالىي چۆللۈكتە قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى. ئۇيغۇرلاردىن قېپقالغانلىرى نەچچە تارماققا بۆلۈنۈپ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلارغا كۆچۈپ كىردى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۇچا، تۇرپان رايونلىرىغا كىرگەن ئۇيغۇر خان جەمەتىنىڭ ئەزالىرىدىن پان تېكىن قۇجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى قۇردى. بۇ ھاكىمىيەت 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇللار غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئۇيغۇر خان جەمەتى ئەزالىرى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ يۈكچاڭ رايونىغا كۆچتى. بۇ ئارىلىقتا، تۇرپان رايونىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان خەنزۇلار ۋە باشقا يەرلىك مىللەت قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆچۈپ كىرگەن مىللەتلەر قارلۇق، ياغما قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇردى. بالاساغۇننى پايتەخت، تالاس شەھىرىنى قوشۇمچە پايتەخت قىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر ئەتراپىدىكى جايلارمۇ ئۇنىڭغا تەۋە ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سامانىيلار خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، پايتەختىنى قەشقەرگە كۆچۈردى. 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، پادىشاھ ئوغۇلچاقنىڭ جىيەن ئوغلى ساتۇق ئىسلام دىنىنى ئەڭ بۇرۇن قوبۇل قىلدى، كېيىنچە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنى بۇغراخان دەپ ئاتىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار مانى ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئىشىنىپ، غەربىي يۇرتتا بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشىغا تۆھپە قوشقان.

## 39. سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟

تاڭ سۇلالىسى ۋە كېيىنكى لياۋ، كېيىنكى تاڭ، كېيىنكى جىن، كېيىنكى خەن، كېيىنكى جۇ سۇلالىلىرىدىن كېيىن ئۇيغۇرلاردىن باشقا، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قىتان، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن غەربىي يۇرتقا كىردى، بولۇپمۇ 13 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ھەمدە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى تەڭرى تېغىنىڭ





جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ھەمدە مىللىي مەدەنىيەت ۋە پسىخىك ساپاسىنىڭ ئوخشاشلىققا يۈزلىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭدىكى يېقىنقى زامان مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخىي جەريانىغا مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

سۇڭ، لياۋ، جىن دەۋرلىرىدە، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلاردا ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلار، ياغمىلار قۇرغان قاراخانىيلار خانلىقى، قۇجۇ ئۇيغۇر پادىشاھلىقى قاتارلىق يەرلىك ھاكىمىيەتتىن باشقا، يەنە 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ۋايجىراخان جەمەتى قۇرغان «ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى» ھەمدە قىتانلار قۇرغان غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتى بار ئىدى. «ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى»، يەنە بىر خىل ئاتىلىشى «خوتەن مىرزا جەمەتى خانلىقى» نى تۇبۇت كۈچلىرى غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن ۋايجىراخان جەمەتى قۇرغان. بۇ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، خان ۋىسارا تەڭرىخان ۋەزىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ئاساسلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان «كېيىنكى جىن سۇلالىسى» غا سالامغا ئەۋەتكەن. 938 ـ يىلى كېيىنكى جىن سۇلالىسى ئەلچى ئەۋەتىپ، ۋىسارا تەڭرىخانغا «ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانى» دېگەن ئىنئامنى بەرگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى «ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى» كونترول قىلغان دائىرە غەربتە سۇلى، شەرقتە چەرچەن، شىمالدا چوڭ چۆللۈك، جەنۇبتا كۇئېنلۇن تاغلىرىغىچە ئىدى. بۇ، ئوردىدىكىلەر ۋە ئاۋام بۇددا دىنىغا سادىق بولغان، مەدەنىيەت گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ، ھازىرغىچە دۇنخۇاڭدىكى موگوكو مىڭ ئۆيلىرى تام سۈرەتلىرىدە يەنىلا ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان كۆرۈنۈشلەر بار. 11 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ۋىسارا قەبىلىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى بۇددا دىنى پادىشاھلىقىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قاراخانىيلار خانلىقى بوزۇپ ئۆزىگە قوشۇۋالدى.

تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، مەيلى قاراخانىيلار خانلىقى، قۇجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى بولسۇن ياكى ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت قىلغان. مەسىلەن، قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ

كۆپىنچىسىگە «تابغاچ خان» دېگەن نام بېرىلگەن. ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەشلەر «تابغاچ خان» نىڭ «جوڭگو خانى» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. يەنە ئالايلۇق، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى پەندى ـ نەسىھەت شەكلىدىكى ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» دە: «ئەگەر قىتان سودا كارۋانلىرىنىڭ يولى توسۇلۇپ قالسا، سانسىزلىغان تاۋار ـ دۇردۇن قەيەردىن كېلىدۇ؟» دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك بىلەن بولغان قويۇق ئىقتىسادىي سودا ئالاقىسىنى ئوبرازلىق بايان قىلىپ بەرگەن.

1125 ـ يىلى، ئېلىمىزنىڭ شىمالىي رايونىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھاكىمىيىتى لياۋ سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلىش ھارپىسىدا، لياۋ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ جەمەتى يوللىغ تاشىن قەبىلىلەرنى باشلاپ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىن چېكىنىپ چىقىپ، غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ، قوچو ئۇيغۇرلىرىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسىنى غەربتىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە كېڭەيتتى. 1131 ـ يىلى، يوللىغ تاشىن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مۇھىم شەھىرى بالاساغۇننى ئىگىلەپ، غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى قۇردى. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ قارمىقىدىكى دائىرە غەربىي جەنۇبتىن ئامۇ دەرياسىغىچە، غەربىي شىمالدىن بالقاش كۆلىگىچە، شەرقى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەلتەنەتلىك ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ قالدى. بۇ خانلىق 1218 ـ يىلى غەربكە يۈرۈش قىلغان موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى.

موڭغۇللار تاڭ سۇلالىسىدە «موڭغۇل سىۋىرلار» دەپ ئاتىلاتتى، 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چىڭگىزخان تەڭداشسىز، ئالاھىدە سىياسىي ئىقتىدارى ئارقىلىق شىمالىي چۆللۈك يايلاقلىرىدىكى ھەرقايسى موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قۇدرەتلىك گەۋدىگە ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، موڭغۇل خاندانلىقى ئۆزىنىڭ قارمىقىدىكى دائىرىنى غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىچە كېڭەيتتى. 1209 ـ يىلى چىڭگىزخان قىسىملىرىنى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلغانلىقتىن، زور تۈركۈمدىكى موڭغۇللار غەربىي يۇرتقا كىردى. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلار موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى. موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى غەربىي





يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاخىرقى مەزگىلدە، موڭغۇللار خان جەمەتى ئىچكى نىزالار سەۋەبىدىن، غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشقا چولىسى تەگمىدى، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلار چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى قۇرغان چاغاتاي خانلىقىنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالدى. چاغاتاي خانلىقى غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، بولۇپمۇ 1347 ـ يىلى چاغاتاي خانلىقى بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى تۇغلۇق تېمۇرخان ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، شەخسەن ئۆزى قول ئاستىدىكى 160 مىڭ موڭغۇلنى باشلاپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ھۆكۈمران خان جەمەتىنىڭ قوللىشى بىلەن، ئىسلام دىنىنى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىڭ سۇلالىسى قۇرغان قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىپ، قۇمۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى خانبالىقلار بۇددا دىنىدىن ۋاز كېچىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئۆزگەرتتى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش، قوشۇلۇش دەرىجىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمىي غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئاڭ فورماتسىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، مىللەتلەرنىڭ يەنىمۇ بۆلۈنۈشى ۋە قايتىدىن تەشكىللىنىشى تېزلىشىپ، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، خۇيزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق يېقىنقى دەۋردىكى مىللەت بولۇپ شەكىللەندى.

**40. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟**

مىلادىيە 1680 ـ يىلى، غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى موڭغۇل جۇڭغار قەبىلىسى يوقىلىپ، موڭغۇل چاغاتاي خانىنىڭ ئەۋلادلىرى غەربىي يۇرتتىكى باشقا مىللەتلەرگە ئارىلىشىپ كەتتى. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى، شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلار جۇڭغار قەبىلىسى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇراتتى. جۇڭغار «سول قانات» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ چىڭ سۇلالىسىدىكى ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تۆت قەبىلىسىنىڭ بىرى. ئويرات موڭغۇل ئويرات

ياكى غەربىي موڭغۇل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جۇڭغار قەبىلىسى دەسلەپتە ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى رايونلاردا كۆچۈپ يۈرۈپ، كېيىن ئىلى دەرياسى ۋادىسىغىچە كېڭەيدى ھەمدە بۇنى مەركەز قىلىپ، تۆت تەرەپكە كېڭەيدى. باتۇر قونتەيجى دەۋرىدە، جۇڭغارنىڭ ھەربىي ئەمەلىي كۈچى قۇدرەت تاپتى. گېلدەن ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان دەۋردە، ئۇنىڭ كۈچى ئويرات موڭغۇللىرى تۆت قەبىلىسىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ تەسىر كۈچى دائىرىسىنى جەنۇبقىچە كېڭەيتىپ، تەكلىماكان ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق رايونلارنى قوشۇۋېلىشنى تاماملىدى.

جۇڭغار تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى تىزگىنلىگەندىن كېيىن، ئەمەلىي كۈچى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ، غەربىي شىمالنى ئىشغال قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا ئېغىر تەھدىت سالدى. چىڭ خاندانلىقى كۆپ يىل ئەسكەر ئەۋەتىپ جازا يۈرۈشى قىلدى، 1759 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى) غا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار ۋە چوڭ - كىچىك غوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈردى.

چىڭ سۇلالىسى ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت — مانجۇ مىللىتىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان فېئودال خاندانلىق بولۇپ، چېگرا رايوندىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە تۆھپە قوشتى، بۇ مەزگىلدە، غەربىي شىمالنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش، شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىب تېپىشى ۋە جايلىشىشى يېڭىباشتىن تەرتىپكە سېلىندى. مەسىلەن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن مانجۇ، خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل (چاخار قەبىلىسى)، شىبە، سولۇن (داغۇر) قاتارلىق ئارمىيە - خەلق شىنجاڭغا كېلىپ ئۇزۇن مۇددەت ئورۇنلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا كۆچۈرۈلدى. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قىسمەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىلىغا كېلىپ يەر تېرىشقا كۆچۈرۈلدى؛ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى چېگرا بويىدىكى قازاق، بۇيرۇت (قىرغىز)، قوقەن (بۈگۈنكى ئۆزبېك مىللىتى) قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بويسۇنۇشى قوبۇل قىلىندى؛ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن تورغۇت موڭغۇل قەبىلىلىرى





ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ۋەھاكازا. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي مەمۇرىي تەدبىرلىرى شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبىنى كۆپەيتىپ، يېقىنقى زاماندىكى شىنجاڭدا كۆپ مىللەت ئورتاق راۋاجلىنىدىغان ئەندىزىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلدى. يېقىنقى زاماندىن بۇيان، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەمدە مىنگو دەۋرىدىكى ئۆتكەن ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭدا يەنە رۇس، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر كۆپەيدى، شۇنىڭدەك قازاق، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر يېقىنقى زامانىدىكى جۇڭگو - رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا چېگرا ھالقىغان مىللەتكە ئايلاندى. بۇلار شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە سىياسەت بەلگىلەش، ئېلىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە يېقىنقى زاماندىكى شىنجاڭدا كۆپ مىللەتلىك ئەندىزىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، مانجۇ، شىبە، داغۇر، تاجىك، تاتار، ئۆزبېك، رۇستىن ئىبارەت بۇ 13 مىللەتتىن تەركىب تاپقان يېقىنقى زاماندىكى شىنجاڭدا، كۆپ مىللەتنىڭ جايلىشىش ئەندىزىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

## 41. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئېلىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا قانداق تۆھپىلەرنى قوشتى؟

چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن كېيىن، ئېلىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتكە ئايلىنىپ، ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلدى. جۇڭگوغا ئوخشاش مۇشۇنداق ئۇزۇن مۇددەت بىردەكلىكنى ساقلاپ قالالىغان، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى قەدىمىي ھەمدە ئۈزۈلۈپ قالمىغان دۆلەت دۇنيا تارىخىدا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ ھالەتنىڭ شەكىللىنىشى، روشەنكى، جۇڭگونىڭ ئۆزگىچە تارىخى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۈچلۈك ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى بىلەن ناھايىتى زور مۇناسىۋەتلىك. ئېلىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش

مۇساپىسىدە، مەملىكەت ئىچىدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىسىنى قوشتى.

ھەممىگە ئايانكى، جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشى ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياننى باشتىن كەچۈردى. ئۇ نۇرغۇن قىسمەنلىكنىڭ بىرلىككە كېلىشى، ئارقىدىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئارقىلىق تەدرىجىي ئورۇندالغان. خۇددى چىن شىخۇاڭنىڭ ئالتە بەگلىكنى تۈزەپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگىنىگە ئوخشاش، ھونلارنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاق رايونلىرىنى قىسمەن بىرلىككە كەلتۈرۈشى، ئوخشاشلا خەن سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش چوڭ ئەندىزىسىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر ھالقا ھېسابلىنىدۇ. غەربىي خەن خانىدانلىقى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى، ئەينى ۋاقىتتىكى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئۇسۇن ئېلى دەريا ۋادىسىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىنى قىسمەن تەرتىپكە سېلىشنى ئورۇندىدى؛ ھونلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارنى باشقۇرۇشى، ئەمەلىيەتتە خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئاساس سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ۋېي، جىن جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدە جورجانلار، قاڭقىللار، تۈركلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيىتى سۇي، تاڭ دەۋرىدە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلارنى سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئورۇنداش ئۈچۈن شارائىت ياراتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، شىمالىي چۆللۈك يايلاق بەلۋاغلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى قىسمەن باشقۇرۇشى، شۇنىڭدەك تۇبۇتلەرنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى تىزگىنلىشى، ئارقىدىنلا قىتانلار قۇرغان قاراقىتان ھاكىمىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشى، ئەمەلىيەتتە يەنە موڭغۇل يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا غەربىي يۇرتتىكى ئۆلكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىكى بۈيۈك بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى. يۈەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چىڭگىزخانىنىڭ





ئەۋلادلىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى جوڭغار قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلارغا قوماندانلىق قىلىشى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندى.

بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى جەريانىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى خەلقلەرگە نىسبەتەن باشتىن ـ ئاخىر مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ ۋە بىرىكىش كۈچىنى ساقلاپ كەلدى. شەرقىي خەن دەۋرىدىكى بەنچاۋ 36 كىشىلىك كىچىك ئەترەتنى باشلاپ شۇ جايدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ھەرقايسى جايلارنى قايتۇرۇۋالدى؛ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي قوشۇنى غەربىي يۇرتقا كىرگەندە، ھەرقايسى مىللەتلەر بەس ـ بەستە ئەل بولدى؛ موڭغۇللار دەسلەپتە شىمالىي چۆللۈكتە گۈللەندى. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇلارغا تەۋە بولدى؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قۇرۇلغان يەكەن، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى سەركەردىلەر ئۆزلۈكىدىن ئەلچى ئەمەلدارلارنى پادىشاھقا سوۋغا تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ تەۋە بولغانلىقىنى بىلدۈردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى يوقاتقان چاغدا، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى چاي تۇتۇپ ۋە تاماق توشۇپ، ئاخبارات يوللاپ، بەس ـ بەستە ياردەم بەردى، چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ليۇ جىنتاڭ بىر پارچە ھۆكۈمەت ئالاقىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «قەشقەردىكى سەللە ئورىۋالغانلار (ئۇيغۇرلار) ھەم بۆرۈتلار (قىرغىزلار) نىڭ ئاقساقاللىرى ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بىلەن بىللە قاچاق ئوغرىلارنى ئاختۇرۇپ يوقاتتى»، «بۇ بار كۈچى بىلەن ئېلىشىشقا ياتىدىغان ئېسىل خىسلەت». بۇنداق خىلمۇ خىل مىساللار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئىنتىلىش ۋە يېقىن بولۇشتەك يېقىنلىق مۇناسىۋىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشى

ۋە مۇستەھكەملىنىشكە ئەگىشىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دۆلەت ئىگىلىكى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تاڭ سۇلالىسىدا «ئۆتلۈك ـ سۆيگىن توپىلىڭى» پارتلىدى، شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇر سۇيىنگىل خاقان بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئوغلى يابغۇنى 4000 دىن ئارتۇق خىل ئەسكەرلەرنى باشلاپ بېرىپ توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشقا ئەۋەتتى. زور قوشۇن فۇفېڭغا يېتىپ بارغان چاغدا، ئۇنىڭغا ياردەمگە بارغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى گوزىيى ئۇنى ئارام ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىشقا نەسىھەت قىلىدۇ. يابغۇ بولسا «دۆلەت خېيىمخەتەرگە يولۇققاندا، يىراقتىن كېلىپ ياردەم بېرىۋاتقان يەردە، يەپ ـ ئىچىپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى» دەپلا دەرھال ئالدىنقى سەپكە يۈرۈپ كېتىدۇ. توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشقا قاتنىشىش جەريانىدا، يەنە غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ زور مىقداردىكى ئەسكىرى بار بولۇپ، تارىخىي كىتابلاردىكى ئاتالمىش «ئەنشى ۋە غەربىي يۇرتتىكى ئامما» دېيىلگەنلەر شۇلارنى كۆرسىتىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، تۇرپان ئىنانچىخانى ئىمىن غوجا جۇڭغار توپىلىڭى ۋە چوڭ ـ كىچىك غوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىش كۈرىشى داۋامىدا، مەيدانى قەتئىي بولۇپ، كۆپ قېتىم ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسىتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى، بۈگۈنكى كۈندە تۇرپاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىمىن مۇنارى (يەنە سۇلايمان مۇنارى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەل ئۇنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ياسالغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا تىرىشىپ بەس ـ بەستە ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنسۇ ناھىيىسىدىكى ئاتىكىخان دېگەن ئايال يولدىشى ھايات ۋاقتىدا قالدۇرۇپ كەتكەن 27 يامبۇنى ئىئانە قىلغان. نۇرغۇن ئەمگەكچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئازغىنە تۇرمۇش خىراجىتىدىن تېجەپ قالغان پۇللىرىنى ئىئانە قىلدى. بىر تامچى ئىئانە توپلاش ئاپپاراتىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ۋەتەننى سۆيۈش نىيىتىم بولسىمۇ، پۇل ئىئانە قىلىشقا قۇربىم يەتمىدى، بۈگۈن باشقىلارغا ئىشلەپ ئىرىشكەن 3500 سەر پۇلدىن 3000 سەر پۇلنى ئىئانە قىلىپ، قېپقالغان 500 سەر پۇلغا ئىككى نان سېتىۋېلىپ قورسىقىمنى توقلىدىم». ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى ئاتاقلىق ئۇسسۇل سەنئەتچىسى قەمبەرخان، دارۋاز (ئېگىز





بوشلۇقتا ئارغامچىدا ماڭىدىغان) ئارتىسى سىدىق ھاشىم قاتارلىق سەنئەتكارلار يەنە ئىستىخىيىلىك ھالدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئىئانە توپلاش ئۈچۈن ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭ ئىنتايىن زور ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىدى. 1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1940 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىئانە قىلغان پۇلى جەمئىي 3 مىليون 220 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كۆمۈش تەڭگىگە يەتكەن. 1939 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىئانە قىلغان پۇلدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا 10 دانە كۈرەشچى ئايروپىلان سېتىۋېلىپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ نامىنى «شىنجاڭ ناملىق» دەپ ئاتاپ، ۋۇخەننى قوغداش ئۇرۇشىغا قاتناشتۇرغان.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ۋەتەنگە بولغان بۇنداق ئېتىراپ قىلىش تۇيغۇسى ۋە كۈچلۈك قىزغىن سۆيۈشى، شۇنىڭدەك نامايەندە قىلغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ غايەت زور ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ئېلىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىش تەرەققىياتى جەريانىدا مۇھىم ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇردى. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگونىڭ تارىخىنى بۈگۈنكى كۈندە ئېلىمىزنىڭ چېگراسى ئىچىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ھەر قايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزگىچە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

## 42. نېمە ئۈچۈن يېقىنقى زاماندىكى ھەر مىللەت شىنجاڭ خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك؟

1840 ـ يىلى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر، بولۇپمۇ چار رۇسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى بىر قاتار تەڭسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالاشقا مەجبۇرلاپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كەڭ زېمىننى لەھەڭدەك يۇتۇپ كەتتى، ھەر مىللەت خەلقى بوزەك قىلىنىش ۋە خورلىنىشقا ئۇچرىدى. ئورتاق تەقدىر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ۋەتەن بىلەن زىچ باغلىدى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ھايات ـ ماماتىغا خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرەش داۋامىدا، ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئورتاق قارشى تۇرۇپ،

كۆچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

1855 ـ يىلى شىنجاڭ تارباغاتايدىكى ھەر مىللەت خەلقى چاررۇسسىيىنىڭ ئېلىمىزنىڭ چېگراسى ئىچىدىكى يارغۇن ئالتۇن كانىنى تالان ـ تاراج قىلىشىغا قارشىلىق كۆرسىتىش، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن، چاررۇسسىيىنىڭ شۇ جايدا تەسىس قىلغان سودا چەمبىرىكىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش مۇقەددىمىسىنى ئاچتى.

1865 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا قوقەن خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپ بەگ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئەنسىزلىكى ۋە سىرتنىڭ تاجاۋۇزى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنى باشقۇرۇشقا سەل قارىغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەسكەر باشلاپ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلدى ھەمدە ئەكسىيەتچىل تاجاۋۇزچى ھاكىمىيەتنى قۇردى. تاجاۋۇزچىلارغا قارىتا، ھەر مىللەت خەلقى ئۆزىنىڭ يۇرتىنى قوغداش ئۈچۈن، قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. قەشقەردە، شۇ جايدىكى مىڭلىغان قىرغىز ئاممىسى ياقۇپ بەگ تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن جان تىكىپ كۆرەش قىلدى. يېڭىسارda تاجاۋۇزچىلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، شۇ جايدىكى ھەر مىللەت ئارمىيە ـ خەلق باتۇرلارچە كۆرەش قىلىپ، شەھەرنى 40 كۈن ساقلىدى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. 1867 ـ يىلى ياقۇپ بەگ خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۆرىشىدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن، شۇ جايدىكى ئاھالىدىن 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈردى. بايلىق موللا موسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» دېگەن كىتابىدىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ياقۇپ بەگ تاجاۋۇزچى ھاكىمىيىتىنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىغان. قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قىرغىز، خەنزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت ئاممىسى بەس ـ بەس بىلەن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۆرەشكە ئاتلانغان.

ياقۇپ بەگ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىۋالغان مەزگىلدە، چاررۇسسىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەر چىقىرىپ، ئېلىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى تىنىم بىلمەي، 50 نەچچە كۈن قارشىلىق كۆرسىتىپ،





تاجاۋۇزچىلار بىلەن جان تىكىپ كۆرەش قىلدى. ئىلى دەرياسى ئۇرۇشىدا جەمئىي 3000 دىن ئارتۇق ئارمىيە ـ خەلق جەڭگە قاتنىشىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۆرەشتە بىرلىشىشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى.

1875 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى زور قوشۇن ئەۋەتىپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالدى، بۇ ھەربىي ھەرىكەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك ماسلىشىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى. ئىلىدىن يىراق بولغان شىبە مىللىتى 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەشكىللەپ ئۆزى ئىشلەپچىقارغان زاپاس ئاشلىقنى گازارمىغا يەتكۈزۈپ بەردى. چىڭ ئارمىيىسى داۋانچىڭدا ياقۇپ بەگ قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغان چاغدا، شەھەر ئىچىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ھاياتىنىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئاخباراتنى چىڭ ئارمىيىسى گازارمىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىپ چىڭ ئارمىيىسىنىڭ مەزكۇر شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىش جېڭىگە كۈچلۈك ياردەم بەردى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇرغۇن شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش جېڭىدە، ناھايىتى كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئاممىسى ياكى يول باشلىغۇچى بولۇپ، ياكى بولمىسا ئارمىيىگە ئەگىشىپ جەڭگە قاتنىشىپ، چىڭ ئارمىيىسىنىڭ ھەرىكىتىگە كۈچلۈك ماسلاشتى. موللا مۇسا سايرامىنىڭ كىتابىدىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇمەزگىلدە كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى خەلقلەر تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا ئاتلىنىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى تاقاپ، چىڭ ئارمىيىسىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتكەن. ئاتۇش ئەتراپىدىكى قىرغىزلار تاجاۋۇزچىلارنىڭ مەزكۇر رايوندىن قېچىپ كېتىشىگە توسۇپ زەربە بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۆزلۈكىدىن ئۈستىگە ئالغان. تاشقورغاندىكى تاجىكلار ياقۇپ بەگنىڭ قولچۇماقلىرىنى تۇتۇپ چىڭ ئارمىيىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ھەمدە چىڭ ئارمىيىسىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، ئىتتىپاقلىشىپ تاجاۋۇزچىلارنى چېگرادىن قوغلاپ چىقارغان. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى تۈپەيلىدىن، چىڭ ھۆكۈمىتى بىر يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپلا ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزچى ھاكىمىيىتىنى ئۇزۇل ـ كېسىل گۇمران قىلغان.

يېقىنقى زاماندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىنى قوغداش ئۈچۈن، بىرنىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، قانلىق جەڭ قىلىپ، چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلار

بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. بىز بۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارىي قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

## 43. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟

«ئۇيغۇر» — مىللەتنىڭ نامى، ئۇ «بىرلىشىش»، «ئۇيۇشۇش»، «ئىتتىپاقلىشىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق كېڭىشىشى بىلەن خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇ نام قوللىنىلغان. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ھازىر 8 مىليون 256 مىڭ 700 كىشىگە يەتتى (2000 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە).

ئۇيغۇرلار ئېلىمىزدە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللەت. مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى «袁纥» (يۈەنخې) دېگەن نام بىلەن ئەڭ دەسلەپتە خەنزۇچە قەدىمىي كىتابلاردا پەيدا بولغان چاغدا، يەنىلا ئاچىز كۆچمەن قەبىلە ئىدى. 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، كۆچلۈك تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇراتتى. 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، «回纥» (خۈيخې) لار باشقا قەبىلىلەرگە قوشۇلۇپ كېتىپ، پەيدىنپەي روناق تېپىشقا باشلىغان. 646 ـ يىلى، «回纥» (خۈيخې) لارنىڭ سەردارى تومىد تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىرتاردۇش خانلىقىنى يوقىتىشىغا ياردەملەشكەن. ئىككىنچى يىلى، تاڭ سۇلالىسى «回纥» (خۈيخې) دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، تومىدنى مەرىپەت قۇچقان ئۇلۇغ سانغۇن دەپ تەرىپلەپ، دەشتى ماكان تۇتۇقى قىلىپ بەلگىلىگەن. 744 ـ يىلى «回纥» (خۈيخې) لارنىڭ كۆل بىلگە ئىسىملىك يەنە بىر سەردارى تۈرك خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۆزىنى «قۇتلۇق كۆل بىلگە خاقانى» دەپ ئاتىۋالغان ھەمدە بارگاھىنى بۈگۈنكى موڭغۇل ياپلىقىدىكى ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئۆتۈكەن تېغىدا قۇرغان. «回纥» (خۈيخې) خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتىكى بۈيۈك تاڭ خانىدانلىقىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىگە ئىنتايىن





ھېرىسمەن بولۇپ، پات ـ پات ئەلچى ئەۋەتىپ پادىشاھقا سوۋغا تەقدىم قىلىپ بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇنىڭغا «سۈيىنگىل خاقان» دېگەن ئوتتۇغات نامىنى بەرگەن، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئىنتايىن كۆپەيگەن. 788 ـ يىلى، «回纥» (خۈيخې) تۇنمو خاقانى تاڭ سۇلالىسىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى «回纥» خېتىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ چاققان، جەسۇر، خۇددى شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلىدىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان «回鹘» خېتىگە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى «回纥» خېتىنى «回鹘» خېتىگە ئۆزگەرتىشكە قوشۇلغان. 840 ـ يىلى، يىل بويى يۇز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن ۋە ئىقتىسادى غايەت زور زىيانغا ئۇچرىغانلىقتىن، بۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكى نىزا يۈز بېرىپ، سىياسىي ۋەزىيەتتە قالايمىقانچىلىق كۆرۈلگەنلىكتىن، تاشقى كۈچلۈك مىللەت قىرغىزلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى تالان ـ تاراج قىلىشقا ئەۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن شىمالىي چۆللۈكتىكى 回鹘 خانلىقى پارچىلىنىپ يوقالغان.

شىمالىي چۆللۈكتىكى 回鹘 خانلىقى تۇزۇپ كەتكەندىن كېيىن، قېپقالغان قىسمى تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسمى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولغان، كېيىن پەيدىنپەي شۇ جايدىكى باشقا مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەندىن باشقا، قالغان قىسىملىرى پادىشاھ جەمەتى ئەزاسى پان تېكىننىڭ باشلامچىلىقىدا، بۈگۈنكى غەربىي شىمالنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن. بىر قىسمى بۈگۈنكى پامىرنىڭ غەربىدىكى جايلارغا كۆچۈپ كېلىپ، كېلولۇ قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، قاراخانىيلار خانىدانلىقىنى قۇرغان؛ بىر قىسمى كۇچا، تۇرپان، جىمسار رايونلىرىغا كۆچۈپ، قوچو ئۇيغۇرلار ھاكىمىيىتىنى قۇرغان؛ يەنە بىر قىسمى بۈگۈنكى خېشى كارىدورى ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئىلگىرى بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇر قاتارلىق باشقا مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. بۇ مەزگىلدە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىللەتلەر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىل ـ

يېزىقىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تارقىلىشى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مىللىي پسىخىكىسىنىڭ دەل ئۇيۇشۇشىغا پايدىلىق بولغان. ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، بۇرۇن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقان يەرلىك مىللەتلەر، مەسىلەن، ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان ساكلار، ئۇدۇنلار، سۇلىلار، ھەيتىلا تۇرپان، قاتارلىق رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەنزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. تارىختا چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇرلار شۇ جاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىپ، دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلىشىنى كۈچلۈك تۈردە ئىلگىرى سۈرگەن.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار (تەرجىمە نامى «畏兀儿») ئالدى بىلەن موڭغۇللارغا ئەل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنلىكتىن، زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ، ئەمەل تۇتۇپ، تالانتلىق كىشىلەر كەينى - كەينىدىن يېتىشىپ چىقىدىغان دەۋر شەكىللىنىپ، ليەنشىيەن، مىڭسەرس قاتارلىق سىياسىئونلار، تاتا تۇڭغا، ئەنسارى تۇتۇق، گارناداس قاتارلىق تىلشۇناسلار، گۇەن يۈنشى، ليەنخۇيشيەن قايا قاتارلىق ئەدىپ - تارىخشۇناسلاردىن ئىبارەت بىر تۈركۈم تالانتلىق كىشىلەر مەيدانغا كەلگەن. لۇمىڭشەن «تېرىقچىلىق - پىلىچىلىك ئاساسلىرى» نى تەھرىرلەپ، ياڭجۇ بۇخا يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانبالىقىنى ياساشقا قاتنىشىپ تۆھپە قوشقان.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىڭ دەۋرىدە، موڭغۇل شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىل بولۇپ، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئىسلام دىنىنى مەجبۇرىي يولغا قويغانلىقتىن، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى زور كۆپ ساندىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. موڭغۇللار ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىپ، شۇ جايدىكى مىللىي ئىگىلىك تۈزۈمى ۋە تۇرمۇش ئادىتىنى قوبۇل قىلىپ، كۆپ قىسىم موڭغۇللار پەيدىنپەي ئۇيغۇر قاتارلىق شۇجايدىكى مىللەتلەر تەرىپىدىن قوشۇلۇپ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى





«مۇسۇلمانلار دىنى» دەپ ئاتىغانلىقتىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇرلارنى «مۇسۇلمانلار» دەپ ئاتاپ، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، مەركەزلەشكەن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى «مۇسۇلمانلار يۇرتى» دەپ ئاتىغان. قىسقىسى، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە تىل - يېزىقى، پائالىيەت رايونى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئورتاق پسىخىكىغا ئىگە يېڭى تىپتىكى يېقىنقى زامان مىللىتى بولۇپ تەرەققىي قىلدى.

ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۈگۈنكى كۈندىكى ئېلىمىزدىكى يۇگۇ مىللىتى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتى ئوخشاش مەنبەلىك بولۇپ، قەدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ. «يۇگۇ» بىلەن «ئۇيغۇر» ئوخشاش ئاھاڭداش، ئوخشاش بولمىغان خەنزۇچە تەرجىمە نامىدۇر، لېكىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن يۇگۇ مىللىتى ئوتتۇرىسىدا ھەرقايسى تەرەپلەردە ناھايىتى زور پەرق بار. مەسىلەن، ئۇيغۇر مىللىتى ئەرەب ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلغان ئېلىپبەلىك يېزىقنى ئىشلىتىدۇ. تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. يۇگۇ مىللىتىنىڭ «غەربىي قىسمىدىكىلىرىنىڭ تىلى يۇغۇر تىلى» بولۇپ، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان، «شەرقىي قىسمىدىكىلىرىنىڭ تىلى ئېنگىل تىلى» بولۇپ، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى موڭغۇل تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان. يۇگۇ مىللىتى خەنزۇ يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ. قىسمەن ئاھما لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تامامەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. پاختا تېرىش ۋە قوغۇن - تاۋۇز تېرىقچىلىقى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، خوتەننىڭ گىلەمچىلىكى، قاش تېشى نەققاشچىلىقى، قەشقەرنىڭ داڭلىق ئەتلىسى (بويالغان يىپەك) ئۆزىنىڭ روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنىڭ قول سانائەت ھۈنەرۋەنچىلىكى تېخىمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە راۋاجلاندى.

ئۇيغۇرلار ناخشا ئېيتىشقا ۋە ئۇسسۇل ئويناشقا ماھىر، «12 مۇقام» (12 يۈرۈش كاتتا مۇزىكا) ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تىپىك ۋەكىللىك ئەسىرى بولۇپ، مۇزىكا، ناخشا ۋە ئۇسسۇل بىر گەۋدىلەشكەن، ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ سەنئەت جەۋھىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن تەمبۇر، راۋاب، دۇتتار، غىجەك، سۇناي، داپ قاتارلىقلار بار. تەنتەربىيىدە ماھارەت كۆرسىتىشتە ئەڭ داڭلىق بولغىنى «دارۋاز» يەنى ئېگىز بوشلۇقتا ئارغامچىدا مېڭىش. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى يەرلىك قىيىن، مۇرەككەپ كېسەللىكلەرنى داۋالاش جەھەتتىمۇ ئالاھىدە داۋالاش ئۈنۈمىگە ئىگە.

## 44. خەنزۇلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟

خەنزۇ خۇاشيا مىللىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، هازىرقى نامى بىلەن ئاتالغان (ئاۋۋال سۇلالىسىنىڭ نامى بىلەن، كېيىن مىللەتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان)، ئۇ ئېلىمىزدىكى ئاساسىي گەۋدە مىللەت. خەنزۇ تىلى بۈگۈنكى كۈندىمۇ جۇڭگونىڭ ئورتاق قوللىنىدىغان تىلى. ھەر خىل ماتېرىياللاردىكى ئىسپاتلار خەنزۇلار شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراقلاشقان مىللەتنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چىن دەۋرىدىكى قەدىمىي كىتابلار، مەسىلەن، «جۇ سالنامىسى»، «تاغ - ئېرىقلار قۇرئى»، «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» دە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە توغرىسىدا نۇرغۇن مول مەزمۇنلار بار.

غەربىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، يەنە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، تەكرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا خەنزۇلارنىڭ پائالىيەت ئىزنالىرى قالغان، مەسىلەن، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 105 - يىلى شىجۈن مەلىكە بۈيرۇققا بىنائەن ئۇيسۇنغا ياتلىق قىلىنغان. نەچچە يۈز ھەمراھ خادىملار بىرلا ۋاقىتتا ئۇيسۇنغا يېتىپ بارغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى غەربىي خەن ھۆكۈمىتى يەنە بۈگۈر، لوپنۇر ئەتراپىدىكى جايلاردا يالۋاچ چېرىكچى تەسىس قىلىپ، ئەسكەرلەرنى باشلاپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. غەربىي تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، زور تۈركۈمدىكى خەنزۇلار ئارقا - ئارقىدىن تەكرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەر





قايسى جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى چېگرا قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر، بەزىلىرى ئارمىيىگە ئەگىشىپ كەلگەن ئائىلە تاۋابىئاتلار ياكى سۈرگۈن قىلىنغان جىنايەتچىلەر، يەنە سودىگەرلەرمۇ بار، ۋەھاكازا. ئەينى ۋاقىتتا تۇرۇشلۇق كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، خەلقنى ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا ۋۇجى چېرىكچىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئارمىيىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرغان. بۇنىڭ بىلەن، نۇرغۇن كوماندىر - جەڭچىلەر پۈتۈن ئائىلىدىكىلىرىنى بىللە ئېلىپ بارغان ياكى شۇ جايدا نىكاھلىنىپ، شۇ يەردە ماكانلاشقان. خەنزۇلار يېزا ئىگىلىك مىللىتى بولۇپ، غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كېلىپ، شۇ جايدىكىلەرگە ئىلغار يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى ۋە تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى ئېلىپ كەلگەن. مەسىلەن، ئورۇقچىلىق، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇش تېخنىكىسى قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا ئىگىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قول سانائەت تېخنىكىسىمۇ خەنزۇلارنى ۋاسىتە قىلىپ غەربىي يۇرتقا كىرگەن. مەسىلەن، كىرورەندا تېپىلغان خەنزۇ يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكتە «توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر» نىڭ بارلىقى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. بۇ شۇ جايدا مەخسۇس ياساش ئۇستىلىرىنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ۋېي، جىن جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇرۇشى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى. ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن خەنزۇلار خېشى رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن. يەنە خېشىدىن ئايلىنىپ غەربىي يۇرتقا كەلگەن. ئۇلار خەن سۇلالىسىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەسكەرلەرنىڭ پۇشتى بىلەن بۈگۈنكى تۇرپان رايونىغا توپلىشىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كەن جەمەتى، جاڭ جەمەتى، ما جەمەتى، چۈ جەمەتى ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرغان، بۇنىڭ ئىچىدە قوچۇدىكى چۈ جەمەتى خاندانلىقى 140 نەچچە يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. قوچۇ دۆلىتى ۋېي، جىن سۇلالىلىرىنىڭ كونا تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مەمۇرىي تۈزۈلمە، ئىجتىمائىي تۈزۈمدە جىن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كەلگەن. مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئىچكىرى جايلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئوردا ئىچىگە لۇ يۈەنگوڭ، ۋېن جېڭيۇ،

كۆكچىلارنىڭ سۈرىتى سىزىلغان. تۇرمۇش ئادىتى بولسا شۇ جاينىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئازراق ئۆزگەرگەن، «جۇنامە. قۇجۇ ھەققىدە-قىسسە» دە ئېيتىلغان «ئەرلىرىنىڭ كىيىنىشلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئوخشايدۇ، ئاياللىرى ئازراق خەنزۇغا ئوخشايدۇ» دېيىشلەر ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈش ھېسابلىنىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانىدانلىقىنىڭ رونىق تېپىشى ۋە غەربىي يۇرتتا سىياسىي جەھەتتىكى بۈيۈك بىرلىكنىڭ ئىشقا ئېشىشى تۈپەيلىدىن، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خەنزۇلارنىڭ سانى يەنە كۆپىيىپ، خەنزۇ مەدەنىيىتى يەنىمۇ راۋاجلانغان. ئىلگىرىكى ئۈچ ئايماق (ئىۋىرغۇل ئايمىقى، قۇجۇ ئايمىقى، بېشبالىق ئايمىقى) تىكى خەنزۇلارنىڭ سانى زور مىقداردا كۆپەيگەندىن باشقا، ئەنشىدىكى تۆت بازار (كۇسەن، قاراشەھەر، ئۇدۇن، سۇلى) دا خەنزۇ ئارمىيىسى تۇرۇۋاتقانلىقتىن ھەمدە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلىنغانلىقتىن، بۇ رايوندىكى خەنزۇلارنىڭ سانىمۇ كۆپىيىپ بارغان. ئىچكىرى جايلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئۆرپ ـ ئادىتى غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى جايلاردا تېخىمۇ كەڭ تارقالغان. تۇرپان رايونىدا قېزىپ چىقىرىلغان زور تۈركۈمدىكى تاڭ دەۋرىدىكى خەنزۇچە پۈتۈكلەر ئۇنىڭ كۈچلۈك تارىخىي ئىسپاتى.

بەش دەۋردىكى لياۋ، سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى مەزگىلىدە، ئىچكىرى جايلاردىكى ئوردا ۋەزىيىتى مۇقىم بولمىدى. غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەنزۇلار سانىنىڭ كۆپىيىش ـ كېمىيىشىمۇ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مىلادىيە 840 ـ يىلى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، قۇجۇ رايونى پەيدىنپەي ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ھەربىي ـ سىياسىي مەركىزىگە ئايلاندى. ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر تىلىنى يولغا قويغانلىقتىن، شۇ جايدىكى خەنزۇلارنىڭ قوش تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتكە ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى، قېزىپ چىقىلغان ئۇيغۇرچە خەت ـ ئالاقىدىكى «ئۇستاز دىڭخۇينىڭ قول ئېلىش توختامى»، يەنى خەنزۇ دىڭخۇينىڭ بىر پارچە قول ئېلىش توختىمى بولۇپ، ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان. بۇ شۇ جايدىكى خەنزۇلارنىڭ پەيدىنپەي ئۇيغۇرلىشىۋاتقانلىقىنى، خەنزۇلار سانىنىڭ بۇنىڭغا ئەگىشىپ





كېمىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. غەربىي لياۋ دەۋرىگە كەلگەندە، قىتانلار پادىشاھ جەمەتىدىن يوللىغ تاشىن قەبىلىسىنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ كېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. يوللىغ تاشىن ۋە قەبىلىسىنىڭ خەنزۇلاشقىنىغا ئۇزۇن بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدىمۇ نۇرغۇن خەنزۇلار بولغان. شۇڭا، لىۋ يېنىڭ «غەربىي يۇرت ئەلچىسى خاتىرىسى» دە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: ماناس دەرياسىنىڭ غەربىدىن شىمالغا قاراپ ماڭغاندا، بېشبالىقنىڭ جەنۇبىدىن سوزۇلغان 500 چاقىرىم دائىرىدە، «دوخانلار»، ئالمىلىق شەھەر (بۇگۇنكى ئىلى) ئەتراپلىرىدا «خۇيخېلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، يەنە جەنۇبتا چىمور شەھىرى بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قىنلار بولغان». بۇ خەنزۇلار ياكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگەن خەنزۇلارنىڭ ئەۋلادى، ياكى يوللىغ تاشىن بىلەن بىللە غەربكە كۆچۈپ كېلىپ بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى بەزى جايلاردا جۇڭگو ۋە خەنزۇلارنىڭ «قىتان» دەپ ئاتىلىشى لياۋ سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. موڭغۇللارنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، جەڭگە ئاتلىنىش، تېرىقچىلىق قىلىش سەۋەبى تۈپەيلىدىن، ئىچكىرى جايلاردىكى ناھايىتى كۆپ خەنزۇلار غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەن. مەسىلەن، ھۆججەتتە بايان قىلىنغان بېشبالىقتا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان «يېڭى قوشۇمچە ئەسكەرلەر» جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر بولۇپ، ھەممىسى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى خەنزۇلار ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، زور تۈركۈمدىكى چىڭ ئارمىيىسىنى شىنجاڭغا كىرىشكە ئەۋەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى زور بىر قىسمى خەنزۇلاردىن تەركىب تاپقان «يېشىل لاگېر ئەسكەرلىرى» بولغان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، تېرىقچىلىق قىلىپ چېگرانى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىچكىرى جايلاردىكى زور تۈركۈمدىكى خەنزۇ دېھقانلار ئاممىسىنى تەشكىللەپ غەربكە يۆتكىلىپ ئولتۇراقلىشىشقا سەپەرۋەر قىلغان، تەتقىقات ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1779 ـ يىلغا قەدەر بولغان 10 يىل ئىچىدە ئىچكىرى جايلاردىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن دېھقانلار 10 نەچچە مىڭ ئائىلە، 50

مىڭدىن ئارتۇق كىشىگە يەتكەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى باركۆل، گۈچۈڭ، مورى ۋە ئۈرۈمچى، سانجى، ماناس قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي يولى بويلىرىدىكى خەنزۇلارنىڭ سانى تېز كۆپەيگەن. 1884 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، باج ـ سېلىق مەنبەسىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە ئىچكىرى جايلاردىن زور تۈركۈمدىكى ئارمىيە ـ خەلقنى شىنجاڭغا تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللىگەن. بۇنىڭ بىلەن خەنزۇلارنىڭ سانى يەنە بىر قېتىم شىددەت بىلەن كۆپەيگەن. ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن خەنزۇلار ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ۋە شۇ جايدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىش جەريانىدا، مەيلى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتلەردە بولسۇن، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە گومانتارلىق مەنزىرە شەكىللەنگەن. ھازىر شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 7 مىليون 23 مىڭ 900 كىشىگە يېتىدۇ (2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە).

## 45. قازاقلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟

شىنجاڭدىكى قازاقلار ئاساسلىقى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن، ھازىر ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى (تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى باشقۇرىدۇ)، مورى ۋە باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىرى بار. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى قازاقلار نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي سانى 1 مىليون 277 مىڭ 500 كىشىگە يەتكەن.

قازاقلار قەدىمكى زاماندىكى كۆپلىگەن قەبىلىلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ تەدرىجىي قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان مىللەت، قەدىمكى زاماندىكى ساك، ئۇيسۇن، ھون، سوغدى، ئالان (ئاۋارسى)، كېرەي، نايمان، قىپچاق، تۇغلۇق، قارلۇق، مېركىت، قوڭرات قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قازاقلارنىڭ مەنبەسىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن، بۈگۈنكى قازاقلار ئىچىدە نامى ئۇيسۇن (ئۈيسۈن) دەيدىغان قەبىلە بار. شۇڭا شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭ تارىخىدا پەيدا بولغان ناھايىتى نۇرغۇن قەدىمىي قەبىلىلەر ياكى مىللەتلەر قازاقلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە





تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان. «تارىخىي رەشىدى» قاتارلىق تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا: مىلادىيە 15 ـ ئەسىردە، چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى جوجى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى قۇرغان قىپچاق خانلىقى پارچىلىنىپ كەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا غەربتىن ۋولگا دەرياسىغىچە، شەرقتىن ئېرتىش دەرياسىغىچە بولغان ئاق ئوردا خانلىقى قىپچاق خانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ باشلىقى ئوبۇلخەيرى خان سىرتقا قارىتا بويسۇندۇرۇشنى كېڭەيتىپ، ئىچكىرىگە قارىتا شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويۇپ، ئوردا ۋە ئاۋام خەلق ئارىسىدا نارازىلىقنى پەيدا قىلدى. 1456 ـ يىلى، ئوبۇلخەيرى خاننىڭ قول ئاستىدىكى باشلىقلاردىن كېرەي خان بىلەن جانىبېك خان ئۆزىگە تەۋە قەبىلىلەرنى باشلاپ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا كۆچۈپ كەتتى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئېسەن بۇقا خان ئۇلارنى چۇخې دەرياسى ۋە تالاس يايلىقى رايونلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى، بۇ كىشىلەر ئۆزىنى «قازاق» دەپ ئاتىغان، بۇ «پاناھلىق ئىزدىگۈچىلەر» ياكى «ئايرىلىپ كەتكۈچىلەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئوبۇلخەيرى خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا داۋاملىق قېپقالغانلار بولسا ئۆزلىرىنى «ئۆزبېك» دەپ ئاتىدى. بۇ ئىككى قىسىم ئاق ئوردا خانلىقىدىكى رەئىيەتلەر كېيىن ئىككى مىللەتكە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى قەبىلىلەرنىڭ نامى يەنىلا ئوخشاش بولماقتا. كېيىن ئۇلار يەنە ئۆزلۈكسىز تۈردە جەنۇبقا كۆچۈپ بارغان نۇرغۇن كۆچمەن مىللەت قەبىلىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، نوپۇسى كۆپىيىپ، چارۋىچىلىق رايونى بالقاش كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يايلاق ۋە جەنۇبىتىكى چۇخې دەرياسى، تالاس دەريا ۋادىلىرىغىچە، تاكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاشكەنت، ئەنجان قاتارلىق جايلىرىغىچە كېڭىيىپ، «قازاق» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان يېڭى مىللەت ئورتاق گەۋدىسى پەيدىنپەي شەكىللەندى.

16 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، قازاق خانلىقى ئۆزىنىڭ تۇرۇۋاتقان جايى ۋە قەبىلىسىگە ئاساسەن چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك دېگەن (ئۈچ يۈز ئۈچ قىسىم، يەنى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك چېدىر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) گە بۆلۈندى: ئوتتۇرا يۈز سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى ۋە شىمالىدىكى رايونلارغا جايلاشقان. چوڭ يۈز تالاس يايلىقى ۋە چۇخې دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان، كىچىك يۈز سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى ۋە ئۇلار

دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا جايلاشقان. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارنى بېسىقتۇرغان چاغدا، قازاق خانلىقىدىكى ئوتتۇرا يۈز ۋە چوڭ يۈز چېگراسىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن. 1757 ـ يىلى، ئوتتۇرا يۈزدىكى ئابلايخان ئۆز ئىختىيارى بىلەن چىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى. ئۇنىڭ تەسىرى ئاستىدا، چوڭ يۈز ۋە كىچىك يۈزنىڭ خانلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن چىڭ سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلىپ، قازاق خانلىقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندى. جۇڭغار بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا بوش قالغان چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، چىڭ سۇلالىسى قازاقلارنىڭ مۇشۇ جايلاردا چارۋىچىلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوتتۇرا يۈزدىكى قازاقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلى ۋە تارباغاتايغا كۆچۈپ بارغان. چوڭ يۈزدىكى قازاقلار بولسا ئالتاي ۋە باركۆل يايلاقلىرىغا كۆچۈپ بارغان. 1864 ـ يىلى، جۇڭگو ـ رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىز شەرتنامە «جۇڭگو ـ رۇسىيە غەربىي شىمال چېگراسىنى ئايرىش شەرتنامىسى» نىڭ ئىمزالىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى جۇڭگو ـ رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى چېگرانىڭ ئايرىلىشىغا ئەگىشىپ، چاررۇسىيە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئەسلىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان، كېيىن چېگرا ئايرىلغاندىن كېيىن، رۇسىيىگە تەۋە بولغان قازاقلاردىن رۇسىيىگە تەۋە بولۇشنى خالىمىغانلار ئارقا ـ ئارقىدىن چېگرا ئايرىلغاندىن كېيىنكى جۇڭگو چېگراسى ئىچىگە كۆچۈپ كەلدى. 1884 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالتاي رايونىدىكى قازاقلار قوبدۇ مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە (1905 ـ يىلى مەركەزنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولغان) بولغاندىن باشقا، قازاقلار شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. 1919 ـ يىلى (مىنگونىڭ 8 ـ يىلى)، ئالتاي رايونى مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق بولۇشتىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلدى، بۇ رايوندا تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقان قازاقلار تەبىئىي ھالدا شىنجاڭنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولدى.

قازاقلار ئاساسلىقى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، پەسىل بويىچە چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى يۆتكەپ، يىل بويى





چۇۋۇشقا ۋە ئېلىپ يۈرۈشكە بولىدىغان يۇمىلاق شەكىللىك كىگىز ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. قىش پەسلىدە ئادەتتە چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى كېسەكتىن ياسالغان ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. ھازىر زور كۆپ ساندىكى چارۋىچىلار ئولتۇراقلىشىشقا باشلاپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

قازاق چارۋىچىلارنىڭ كىيىم ـ كېچىكىنىڭ كۆپىنچىسى قوي تېرىسى ياكى تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن، بولۇپمۇ قىشلىق كىيىم ـ كېچەكلىرى شۇنداق، ئات مىنىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كىيىملىرى بىر قەدەر كەڭ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۈت مەھسۇلاتلىرى ۋە گۆش ئۇلارنىڭ ئاساسىي يېمەكلىكى ھېسابلىنىدۇ. قازاقلار كىشىلەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ، سۆزلىرى يۇمۇرلۇق كېلىدۇ، ناخشا ئېيتىش ۋە ئۇسسۇل ئويناشقا ماھىر كېلىدۇ. ئاقىن (خەلق ناخشىچىسى) — نەزمىچىلەر قازاقلارنىڭ ئۆزىگە خاس سەنئەت شەكلى بولۇپ، ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاقىن نەزمىسى يايلاقتىكى سەنئەت ۋە ئىقتىسادىي سودا كاتتا يىغىن ھېسابلىنىدۇ. ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش قازاق چارۋىچىلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش تەنھەرىكىتىدۇر.

قازاقلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى داڭلىق بولۇپ، كىگىز ئۆيدىكى ئاسما كىگىز، گىلەم ۋە كارىۋات شىرداقلىرىدا يۇڭ يىپ بىلەن ئېلىپ توقۇلغان گۈزەل نەقىشلەر بولىدۇ، ئاياللىرى قالپاق ۋە كىيىم ئۈستىگە ھەر خىل كۆركەم نەقىشلەرنى كەشتىلەيدۇ. ياغاچ جابدۇق، سۆڭەك ئەسۋابلىرى ۋە مېتاللارنىڭ ئۈستىگە ئويغان ۋە قۇيغان گۈزەل نەقىشلەر بولسا ئەرلەرنىڭ ئوبدان ئىگىلىگەن ھۈنىرى بولۇپ، ھەر خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىدە يايلاق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى تولۇپ تاشىدۇ.

## 46. خۇيزۇلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟

شىنجاڭدا جەمئىي 813 مىڭ خۇيزۇ بار (2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە)، نوپۇس سانى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاقتىن قالسا تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

خۇيزۇلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى خۇي خۇي مىللىتى، ئۇ جۇڭگونىڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، مىللەت قۇرۇلمىسى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى شارائىتىدا شەكىللەنگەن ئۆزىگە خاس مىللەت بولۇپ، خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدۇ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، خۇيزۇلارنىڭ مىللەت

مەنبەسى ناھايىتى مۇرەككەپ. دەسلەپكى تاڭ، سۇڭ، دەۋرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا سودىگەرلىك قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئەرەب، پارس سودىگەرلىرى، ئەلچىلىرى شۇ يەردىكى خەنزۇلار ياكى باشقا مىللەتلەر بىلەن نىكاھلىنىپ، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ، كۆپەيگەن ياكى كېڭەيگەن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى دەسلەپكى خۇيزۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. سۇڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن شېنكونىڭ «مىڭشى باغچىسى پۈتۈكلىرى» دە تۇنجى قېتىم «خۇي خۇي» دېگەن سۆز ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ھازىرقى زامان كىشىلىرى تەتقىق قىلىپ، بۇ سۆز «خۇيخې» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دەپ قارىغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، خۇي خۇيلار «غەربىي يۇرتلۇقلار» ئىچىدىكى ئاساسلىق مىللەت بولۇپ، بىرقەدەر يۇقىرى سىياسىي ئورۇنغا ئىگە بولغان، قەدىمدە «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خۇي خۇيلار ھەممىلا يەرگە تارالغان» دېگەن ئېيتىشلار بولغان. شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى خۇيزۇلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن تەڭ قەدەمدە بولغان، ئەڭ پارسلار، ئەرەبلەرنىڭ پامىرنىڭ شەرقىدىكى مىللەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى، ھەتتا نىكاھلىنىشىنى ئېلىپ ئېيتساق، غەربىي يۇرت رايونى ئىچكىرى جايلارنىڭكىدىن تېخىمۇ بالدۇر بولغان دېيىشكە بولىدۇ. يۈەن، مىڭ دەۋرىدە، غەربىي يۇرتتىكى خۇيزۇلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپەيگەن، بولۇپمۇ مىڭ دەۋرىدە، خۇيزۇلار غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىغان. مەسىلەن، تۇرپاندىكى خۇي خۇيلارنىڭ باشلىقى يامۇلەن، قۇمۇلدىكى خۇي خۇيلارنىڭ باشلىقى شىيىي خۇسەن ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي مۇنبەردە دەۋران سۈرگەن شەخسلەر ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ تەرەققىياتىدا يەنە بىر مۇھىم باسقۇچ بولدى. نۇرغۇن خۇيزۇلار چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەمگەك كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، گەنسۇ، شەنشى قاتارلىق جايلاردىن زور تۈركۈمدىكى خۇيزۇلارنى شىنجاڭغا كېلىپ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كۆچۈرۈپ كەلگەن. بۇ





دەۋردە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ناھايىتى زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى، بۇنى شەنشى، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن بۇ زور تۈركۈمدىكى خۇيزۇ خەلقىنىڭ تىرىشىپ تېرىقچىلىق قىلىشى ۋە جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىشىدىن ئايرىلمايدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. مىڭگو يىللىرىدا، شەنشى، گەنسۇ رايونلىرىنىڭ تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىشى، ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دىنىي مەزھەپلەرنىڭ كۈرىشى ۋە باشقا ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن خۇيزۇلارنىڭ سانى داۋاملىق كۆپىيىپ، جايلىشىش دائىرىسى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تارقالدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاساس قىلدى، قىسمەنلىرى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا بىلەن شۇغۇللاندى.

خۇيزۇلار ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە نوپۇسى بىر قەدەر كۆپ بولغان مىللەت. ئۇنىڭ ئولتۇراقلىشىشى چوڭ دائىرىدە تارقىلىپ، كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى شىنجاڭدىكى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ مەركەزلەشكەن رايونلاردۇر.

خۇيزۇلار ئومۇميۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، دىنىي ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى، ئولتۇرۇش - قوپۇش ۋە توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، كىيىم - كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى جەھەتتە، ئەرلىرى بېشىغا كىچىك ئاق شاپاق دوپپا، ئۈستىگە پېشى قىسقا چاپان كىيىدۇ، ئاياللىرى بولسا مارجان، ئۈزۈك، بىلەيزۈك ۋە ھالقا تاقايدۇ، ياش قىزلار كۆركەم كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىشنى، پاسونى ئوڭ پېشى چوڭ بولۇشنى، ئالدى پېشى ۋە كۆكسىگە گۈل كەشتىلەشنى، كىيىمگە كۆپرەك جىيەك تۇتۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە، شىنجاڭدىكى خۇيزۇلار غەربىي شىمال رايونىدىكى خەنزۇلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قوشۇمچە قىلغان بولۇپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇلار ئۇن تامىقى، ياغدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىك، لەڭپۇڭ ۋە راڭپىزا قاتارلىق تەملىك ئاددىي تاماقلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئادەتتە قارا چاي ئىچىشنى، چايغا چىلان ۋە شېكەرنى قوشۇپ ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ، چىنە - چەينەكلەرگە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

## 47. قىرغىزلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟

قىرغىز مەزكۇر مىللەتنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، «قىرىق قىز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، خەنزۇچە تارىخىي كىتاب «يۈەن تارىخى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «قىرغىزلار دەسلەپتە خەنزۇلار رايونىدىكى قىرىق قىز ئۇس ئوغۇللىرى بىلەن توي قىلغان، شۇڭا، بۇ مەنىدىكى ئىسىم قوللىنىلغان». بۇ رىۋايەت قىرغىزلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدا باشلىنىشى ئۇزۇن بولغان قويۇق مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

قىرغىزلار ئېلىمىزنىڭ شىمالىي يايلىقىدىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بىر مىللەت، خەن دەۋرىدىكى ھۆججەتلەردە «گېكۇن»، «خاككاسلار» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى يەنە «خاككاسلار»، «چىڭسۇ»، «قىرغىزلار» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. قىرغىزلار ئەڭ دەسلەپتە شىمالىي چۆللۈك يايلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ھەرىكەت قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ھون، سيانپېي، تۈرك قاتارلىق شىمالدىكى كۈچلۈك قەبىلىلەرگە بېقىندا بولغان. تاڭ سۇلالىسى پەيدا بولغان ۋە گۈللەنگەندىن كېيىن، قىرغىزلارنىڭ باشلىقى پادىشاھقا سوۋغا تەقدىم قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تاڭ سۇلالىسىغا مەنسۇپ بولغان. تاڭ تەيزۇڭ ئۇنى تارتۇقلىغان ھەمدە خاككاس تۇتۇق مەھكىمىسىنى شۇ جايدىكى ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قويغان. ئۇنىڭ باشلىقىنى «تاڭ سۇلالىسىنىڭ سول قول باش سانغۇنى قوشۇمچە تۇتۇق ھىراۋۇل» قىلىپ تەيىنلىگەن. قىرغىزلارنىڭ تەسىر كۈچى كېيىن پەيدىنپەي زورىيىپ، قىرغىز خانلىقى قۇرۇلغان. مىلادىيە 840 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، شىمالىي چۆللۈكتىكى كەڭ رايوننىڭ زومىگىرىگە ئايلانغان. بۇ مەزگىلدە، قىرغىزلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇقلىشىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، پادىشاھقا سوۋغا تەقدىم قىلغان. تاڭ سۇلالىسى «قىرغىزلارنىڭ پادىشاھقا سوۋغا تەقدىم قىلىش خەرىتىسى» نى سىزىپ چىققان ھەمدە ئوردا باش ۋەزىرى لى دېيۇ يازغان كىرىش سۆزدە بۇ ئىش خاتىرىلەنگەن. تاڭ ۋۇزۇڭ، شۈەنزۇڭ دەۋرىدە، ئوتۇغات خاقانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، قىرغىزلارنىڭ پائالىيەت رايونىنى باشقۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. قىتانلار شىمالىي رايوندا باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، قىرغىزلار لياۋ سۇلالىسىگە بەيئەت





قىلغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يازما ھۆججەتلەردە ئۇنىڭ نامى «گىلىكىس»، «جىرجىس» دەپ ئاتالغان. بۇ ئاھاڭ تەرجىمىسى بۈگۈنكى كۈندىكى خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بىلەن بىر قەدەر يېقىن كېلىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇلار ئاساسلىقى بۈگۈنكى يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى رايونلارغا جايلىشىپ پائالىيەت قىلغان. قىرغىزلار يۈەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ چوڭ خانى لىۋ خاۋلىنى «زالىم ھەكىم» لىقنى ئۇستىگە ئېلىپ سىياسىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەن. تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، 15 - ۋە 16 - ئەسىرلەردە، بىر قىسىم قىرغىزلار ئەينى ۋاقىتتىكى شىمالىي چۆللۈكتىكى كۈچلۈك مىللەت ئويراتلارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن، تەڭرى تېغى ئەتراپىدىكى رايونلارغا كۆچۈپ كەلگەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاق رايونلىرىدا كۆچۈپ پائالىيەت قىلىۋاتقان قىرغىزلار ئىنتايىن جانلىنىپ كەتتى، ئۇلار يايلاق ياكى زېمىن تالىشىۋاتقان موڭغۇللار، قازاقلار بىلەن دائىم زىددىيەتلىشىپ، ھەتتا بىر قەدەر چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بىر مەھەل ئەينى ۋاقىتتا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى چاغاتاينىڭ ئەۋلادى بولغان موڭغۇل ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلىش بىلەن نام چىقارغانلىقتىن، يايلاقتا ئىنتايىن مۇھىم سىياسىي رولنى ئوينىغان. غەربىي موڭغۇللار قىرغىزلارنى «بۇيرۇتلار» دەپ ئاتىغان. بۇنىڭ مەنىسى «ئېگىزلىكتىكى كىشىلەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چىڭ سۇلالىسىدىكى ھەر خىل ھۆججەتلەردە بۇ نام قوللىنىلغان. بۇيرۇتلار شەرقىي، غەربىي ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. شەرقىي بۇيرۇتلار ئۇچتۇرپان، ئاقسۇنىڭ غەربىي شىمالى، ئىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا كۆچۈپ بارغان؛ غەربىي بۇيرۇتلار قەشقەرنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي قىسمى، يەركەننىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا كۆچۈپ بارغان. شەرقىي، غەربىي بۇيرۇتلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان. چىڭ سۇلالىسى بۇيرۇتلارنىڭ چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلىرىنى يەرلىك ئىشلارنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن. بۇيرۇتلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، غەربىي شىمال چېگراسىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇيرۇتلار كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق

قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر خۇڭ لياڭجى «ئىلى خاتىرىلىرى نەزمىسى» دە مۇنداق دېكلاماتسىيە قىلغان: «باسماي تۇرۇپ يېرىم كۈنلۈك تۆگىلىك يولنى، چاقىرىپ ئەكىلىپمۇ بولماس بۆيرۈتنى، باقار ئۇلار تالاي ـ تالاي كالىنى ـ قوينى، ھەيدەپ كەلسە ماللىرى توسىدۇ يولنى، ئۈچ كۈنگىچە ئۆتۈش مۇمكىن بولماس ئادەمگە، كەلگەن چاغدا بۆيرۈت مىلى شەھەر غەربىگە»، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، ئىچكى ـ تاشقى مالىمانچىلىق توختىمىدى، بولۇپمۇ «جۇڭگو ـ رۇسىيە غەربىي شىمال چېگراسىنى ئايرىش شەرتنامىسى» ۋە «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» قاتارلىق تەڭسىز شەرتنامىلەرنىڭ ئىمزالىنىشىغا ئەگىشىپ، چارروسىيە بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى جۇڭگو زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى، بىر قىسىم بۆيرۈتلۇقلارنىڭ پائالىيەت قىلىدىغان رايونلىرىنىمۇ چارروسىيە ئىشغال قىلىۋالدى. 1884 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قىرغىزلارغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى.

ئېلىمىزدىكى قىرغىز مىللىتى چېگرا ھالقىغان مىللەتكە تەۋە بولۇپ، بۈگۈنكى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئاساسىي گەۋدە مىللەت بىلەن ئوخشاش مىللەت، بۇنىڭدا تەرجىمە نامىلا ئوخشىمايدۇ خالاس. شىنجاڭدىكى قىرغىزلار نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي سانى 159 مىڭ 600 كىشى (2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا) بولۇپ، ئاساسلىقى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ئاتۇش شەھىرى ۋە ئاقتۇ، ئاقچى، ئۇلۇغچات ناھىيىلىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. «مۇزلۇق تاغنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتالغان مۇز تاغ چوققىسى ئۇنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، مەنزىرىسى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك.

شىنجاڭدىكى قىرغىزلار ئاساسلىقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاز ساندىكىلىرى موڭغۇللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تىبەت بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، يەنە قەدىمكى زاماندىكى سامان دىنىنىڭ قالدۇقلىرىنى ساقلاپ قالغان.

قىرغىزلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا چارۋىچىلىق ئاساس





قىلىنىدۇ. تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتى كۆپىنچە بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئۇلار ئەدەتتە كىگىز ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. ياسىلىش شەكلى رايونغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا تۇرمۇش كۆچۈرگەنلەرنىڭ يۇمىلاق بېگىزسىمان ئېگىز كېلىدۇ. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكىلەرنىڭ بولسا يېرىم شار شەكلىدە، پاكار كېلىدۇ، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە ئاساسلىقى كالا، ئات، قوي ۋە تۆگە گۆشىنى ۋە ھەر خىل سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمال قىلىدۇ. كىيىم ـ كېچەك جەھەتتە ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى قالپاق بولۇپ، ئەرلىرى بىر يىل تۆت پەسىلدە بېشىغا چىبەرقۇتتىن تىكىلگەن يۇمىلاق دوپپا كىيىدۇ. يازدا دوپپىنىڭ سىرتىغا يەنە بىر خىل ئاق رەڭلىك قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن كىگىز قالپاقنى كىيىدۇ، قالپاقنىڭ ئاستىنقى گىرۋەكلىرىگە قارا تىۋىتتىن جىيەك تۇتۇلۇپ، يۇقىرىغا ئۆرۈلىدۇ ھەمدە ئوڭ ـ سول تەرىپىدىن ئېغىز ئېچىلىدۇ. قالپاقنىڭ ئۈستى تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئۈستى پۆپۈك ياكى مەرۋايىت بىلەن زىننەتلىنىدۇ ياكى تۈلكە تېرىسى، پاقلان تېرىسى بىلەن تىكىلىدۇ. قالپاقنىڭ گىرۋىكى بىر قەدەر كەڭ بولىدۇ. ئاياللارنىڭ كىيىم ـ كېچىكى ۋە زىننىتى جەھەتتە ئادەتتە ياش ئاياللار رەڭلىك ياغلىق ئورايدۇ، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان ئاياللار ئاق رەڭلىك ياغلىق چىگىدۇ. كىچىك قىزلار قىزىل رەڭلىك دۇخاۋىدىن ئىشلەنگەن يۇمىلاق دوپپا كىيىشنى ياكى قاما تېرىسىدىن تىكىلگەن قىزىل رەڭلىك چوڭ يۇمىلاق قالپاقنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، قالپاقنىڭ ئۈستىگە مەرۋايىت ۋە ھاگغىرت پېيى ئېلىپ قويۇلىدۇ. ئاياللىرى ئالتۇن، كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىنى ئېسىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنى يامانلىقنى ياخشىلىققا ئايلاندۇرۇش ئۇنۇمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

قىرغىزلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ئىنتايىن مول، مەشھۇر «ماناس» قىرغىز مىللىتىنىڭ تارىخىي داستانى بولۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن خەلق ناخشىچىلىرىنىڭ تالانتى ۋە ئەقىل ـ پاراستى مۇجەسسەملەشكەن، ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت باغچىسىدىكى ئاجايىپ گۈل.

## 48. موڭغۇللارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟

موڭغۇللار تاڭ دەۋرىدە «موڭغۇل شىرۋىلار» دەپ ئاتالغان. 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چىڭگىزخان شىمالىي

چۆللۈك يايلىقىدىكى موڭغۇللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «بۈيۈك موڭغۇل قەدىمىي دۆلىتى» نى قۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، قۇبلاي پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۈەن سۇلالىسىنى قۇردى. موڭغۇللار يىپيېڭى قىياپەت بىلەن تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولدى.

1219 ـ يىلى، موڭغۇللار غەربكە يۈرۈش قىلغان، غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى جايلار موڭغۇللارغا تەۋە بولغان. ھەربىي ـ سىياسىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن، موڭغۇل تەڭرىقۇتى بوستانلىق تېرىلغۇ يەرلەرنى، يەنى ئىلگىرىكى غەربىي لياۋ سۇلالىسى بۆلۈپ بەرگەن يەرلەرنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ بىۋاستە باشقۇرغاندىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ يايلاق رايونلىرىنى موڭغۇل «ئالتۇن ئوردا خانلىقى» (چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادىنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ پادىشاھى زۇڭچىنىغا ئىنئام قىلىۋەتكەن. كېيىن، مۇشۇ ئاساستا پەيدىنپەي چاغاتاي خانلىقى، ئوگداي خانلىقى، قىپچاق خانلىقى ۋە ئىلخان خانلىقى، يەنى مەشھۇر «تۆت چوڭ خانلىق» شەكىللەنگەن. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى يايلاق رايونلىرىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان چاغاتاي خانلىقى، ئوگداي خانلىقى ئوتتۇرىسىدا خانلىق تالىشىش كۈرىشى ئەۋج ئالدى، ئىككىسى بىر قانچە قېتىم ھەربىي ئەمەلىي كۈچ جەھەتتە ئېلىشىش ئارقىلىق، 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئوگداي خانلىقى ئاخىرقى ھېسابتا چاغاتاي خانلىقىغا قوشۇلۇپ كەتتى. موڭغۇل «ئالتۇن ئوردا خانلىقى» دىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىشى ۋە ئىسلاملىشىش دەرىجىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، موڭغۇللارنىڭ باتۇر ـ چەبدەس ئالاھىدىلىكى پەيدىنپەي يوقالدى. 1347 ـ يىلى، چاغاتاي خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. پامىرنىڭ شەرقىدىكى چاغاتاي خانىنىڭ پۇشتى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى قۇردى. موڭغۇل خانلىقى ئىسلام دىنىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرگەنلىكتىن، غوجىلارنىڭ تەسىر كۈچى باش كۆتەردى ھەمدە ئوردا ھاكىمىيىتىگە ئارىلاشتى، موڭغۇل خانلىقىنىڭ نوپۇزى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى. 17 ـ ئەسىردىن كېيىن، شىمالىي يايلاقتا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئايرىم موڭغۇل قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملىق ساقلاپ قالغاندىن باشقا، چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئەۋلادى ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسى شۇ جايدىكى مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى. شۇڭا،





ھازىرقى زاماندىكى شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ قان تومۇرىدا بىر قىسىم موڭغۇللارنىڭ قېنى بار دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە موڭغۇللار دەپ ئاتالغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئاساسلىقى مىڭ دەۋرىدە شىمالىي چۆللۈك يايلاق رايونىدىن كەلگەن يەنە بىر موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇلار ئويرات موڭغۇللىرىدىن ئىبارەت، ئۇلار «غەربىي موڭغۇللار»، «ئويرات موڭغۇللىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

«ئويرات موڭغۇللىرى» (خەنزۇچىدا «يېقىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) يۈەن دەۋرىدىكى «ئويرات» تىن كەلگەن بولۇپ، مىڭ دەۋرىدە «ئۇيراتلار» دەپ ئاتالغان. 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، غەربكە كۆچۈپ بارغان ئويراتلار پەيدىنپەي جۇڭغار، دۆربۈت، خوشۇت، تورغۇت قاتارلىق تۆت قەبىلىنى شەكىللەندۈرگەن. جۇڭغار قەبىلىسى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا پائالىيەت قىلغان، تورغۇت قەبىلىسى تارباغاتاي رايونىدا پائالىيەت قىلغان، دۆربۈت قەبىلىسى ئېرتىش دەرياسى ۋادىسى ۋە ئالتاي يايلىقىدا پائالىيەت قىلغان. خوشۇت قەبىلىسى بولسا ئۈرۈمچى رايونىدا پائالىيەت قىلغان. خوشۇت قەبىلىسى بولسا ئۈرۈمچى رايونىدا پائالىيەت قىلغان. تۆت قەبىلە ئىچىدە، جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ تەسىر كۈچى كۈچلۈك بولغان ھەمدە ئاشكارا ھالدا چىڭ سۇلالىسى بىلەن قارشىلاشقان. جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ روناق تېپىشى ۋە توپىلاڭ كۆتۈرۈشى چىڭ سۇلالىسىغا تەھدىت پەيدا قىلدى، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەر چىقىرىپ بىر قانچە قېتىم جازا يۈرۈشى قىلدى. تاكى 18 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى ئاخىرقى ھېسابتا جۇڭغار توپىلىڭىنى بېسىقتۇردى. ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇش جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ نوپۇسىنى ئازايتىۋەتتى. بەلكى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى ئىنتايىن زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. چىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭغارنى تىنجىتقاندىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ قەبىلىلىرىگە قارىتا دالالەت سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئەسلىدىكى ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ ئائىلىسىگە قايتىشىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بەردى ھەمدە مانجۇنىڭ سەككىز خوشۇنلۇق تۈزۈمى بويىچە ئۇلارنى «ئويراتلار لاگېرى» قىلىپ تەشكىللەپ، ئويرات تۆت قەبىلىسىنىڭ نامى ۋە ئالاھىدىلىكى بىلەن ئاتالغان جۇڭغارنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى.

«ئويراتلار لاگېرى» نى تەشكىل قىلغاندىن باشقا، 1771 ـ يىلى ۋولگا

دەريا ۋادىسىدىن كەلگەن تورغۇت قەبىلىسىدىكىلەرنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جاي تاللاپ ئورۇنلاشتۇرغان ھەمدە ئايماق ـ خوشۇن تۈزۈمى بويىچە باشقۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ يىللىرىدا يەنە جاڭجياكۇدىن 1800 ئائىلىلىك چاخار موڭغۇل ئەمەلدار ـ ئەسكەرلەرنى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ ئىلىنى مۇداپىئە قىلىشقا يۆتكىگەن. ئۆيراتلار لاگىرى، تورغۇتلار، چاخار موڭغۇللىرى بۈگۈنكى كۈندىكى شىنجاڭدىكى موڭغۇللارنىڭ بىۋاسىتە مەنبەسىنى شەكىللەندۈردى، ئۇلار شىنجاڭدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، چېگرا رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشتى.

نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى موڭغۇللار نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي سانى 156 مىڭ 900 (2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا) غا يېتىدۇ، شىنجاڭدا تەسىس قىلىنغان موڭغۇل ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەمۇرىي ئورۇنلىرىدىن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 478 مىڭ 680 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ $\frac{1}{4}$ نى ئىگىلەيدۇ، ئۇ جۇڭگودا يەر كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورۇن ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ «خۇاشيادىكى بىرىنچى ئوبلاست» دېگەن نامى بار.

## 49. تاجىكلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟

تاجىكلار ئېلىمىزدىكى بىر قانچە ياۋروپا ئىرقىدىكىلەرگە تەۋە بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، چېگرا ھالقىغان مىللەتكە مەنسۇپ. شىنجاڭدىكى تاجىكلار ئاساسلىقى پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان، باشقىلىرى بولسا يەكەن، پوسكام، ئاقتۇ ۋە گۇما قاتارلىق ناھىيىلەرگە جايلاشقان.

تاجىكلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ بىر تارمىقى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى بىر قانچە ئەسىرلەردە، تاشقورغان





رايونىدا شەرقىي قىسىم ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەردىكى كۆچمەن چارۋىچىلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئەينى ۋاقىتتا بۇ رايوندا پائالىيەت قىلىۋاتقان كۆچمەن مىللەت — ساكلار تاجىكلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن مەلۇم قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولۇشى كېرەك. ئارخېئولوگ خىزمەتچىلىرى تاشقورغاندىكى «شىياڭ بۇبۇ» قەبرىسىدىن قېزىپ چىققان ساكلارغا دائىر نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. خەن دەۋرىدىكى ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن «سارىقول»، «ئىرۇ» دېيىلگەنلەر مۇشۇ رايوننى كۆرسىتىدۇ. ئېلىمىزنىڭ تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن راھىب شۈەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە «مەن قۇياشنىڭ ئەۋلادى» دېگەن خاتىرە بار. بۇنىڭدا تاشقورغان رايونىدىكى قەدىمىي ئاھالىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن كەلگەن مەلىكە بىلەن قۇياش ئىلاھىنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان ئەۋلادى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. بۇ رىۋايەت ئەمەلىيەتتە بۇ رايوندىكى ئاھالە بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ئوتتۇرىسىدىكى دەسلەپكى مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. مىلادىيە 2 ـ 3 ـ ئەسىرلەردە، شۇ جايدىكى ئاھالە قۇرغان «كاۋانتا دۆلىتى» پامىر رايونىدىن ئۆتىدىغان شەرقىي غەربىي قاتناش مۇھىم يولىنى ساقلىغان. ۋېي، جىن دەۋرىدىكى راھىبلارنىڭ سەپەر خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا بۇ يەردە يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىۋاتقان، دىنغا ئاز ئېتىقاد قىلىدىغان راھىبلاردىن 1000 دىن ئارتۇق كىشى بولغان. ئۇنىڭ شەرقىي قىسمىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، بۇ يەردە «كۆكيارت قورۇلى» تەسىس قىلىپ ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرغان. خەلق رىۋايەتلىرىدىكى «تاجىك» دېگەن سۆز «خان تاجىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تاجىك تىلىدىكى «تاشقورغان» دېگەن سۆز «تاش بىلەن قوپۇرۇلغان شەھەر قورغىنى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار ۋە چوڭ ـ كىچىك غوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن، 1759 ـ يىلى، تاشقورغاندىكى تاجىكلارنىڭ باشلىقى بارلىق نوپۇسىنىڭ يەرلىرىنى مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالغان. چىڭ سۇلالىسى بۇنىڭ بىلەن «سېلقورلار مەھەللىسى» نى تەسىس قىلغان، بۇ يەركەن خان ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان. 19 ـ

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قۇقەن ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، تاجىك خەلقى قانلىق جەڭ قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، كۆرساك قاتارلىق مىللىي قەھرىمانلار مەيدانغا چىقىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرا رايونىنى قوغداش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، پامىر ئېگىزلىكىدىكى بۈركۈت دەپ ئاتالدى.

1950 ـ يىلى، تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، جاپا ـ مۇشەققەتنى بولۇشىچە تارتقان تاجىك خەلقى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشتى. 1954 ـ يىلى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ، تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلدى. 2000 ـ يىلىغا قەدەر شىنجاڭدىكى تاجىكلارنىڭ نوپۇسى 39 مىڭ 600 كىشىگە يەتتى.

شىنجاڭدىكى تاجىكلار ئاساسلىقى چاۋچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، قوشۇمچە يېزا ـ ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاياللىرى ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، كىيىملىرىنىڭ رەڭگىنىڭ ئوچۇق، بولۇپمۇ قىزىل رەڭلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، بېشىغا يۇمىلاق گۈل كەشتىلەنگەن دوپپا كىيىدۇ، سىرتقا چىققاندا ئاق رەڭلىك ياكى قىزىل رەڭلىك ياغلىق چېگىدۇ. ئەرلىرى كۆپىنچە ياقىسى يوق، ئۇدۇل پەشلىك ئۇزۇن سىرتقى كەمزۇل كىيىدۇ، قارا تىۋىتلىق يۇمىلاق ئېگىز قالپاق كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، قالپاقنى تۆۋەنگە چۇشۇرگەندە ئىككى قۇلاق ۋە يۈزنى ئەتكىلى بولىدۇ، كىيىم ـ كېچەكنى قارا، ئاق، كۆك رەڭدە بولىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە سۈت، گۆش ۋە ئۇن تامىقى ئاساس قىلىنىدۇ. كىگىز ئۆي ياكى يايلاقلاردىكى كېسەك ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ياغاچ ـ تاش قۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ چاسا شەكىللىك، ئۆگزىسى تەكشى بولىدۇ.

تاجىكلار ناخشا ئېيتىش ۋە ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ. خەلق ناخشىسىدا يالغۇز كىشىلىك ۋە قوش ئاۋازلىق ناخشا ئېيتىش ئاساس قىلىنىدۇ، ئۇسسۇل ئويىنىغاندا بۈركۈت ئۇسسۇلىنى ئاما ھەممىدىن بەك ياقتۇرىدۇ. بۈركۈت تاجىكلارنىڭ ئىچىدە قەھرىمانلىقنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ، بۈركۈت ئۇسسۇلىنى ئىككى ئادەم ئوينايدۇ، ئۇسسۇل





ئوينىغۇچىلار بۈركۈتنىڭ قاناتلىرىنى كېرىپ پەرۋاز قىلىش، ئايلىنىپ شۇڭغۇش قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنى دورايدۇ، ئوبرازى ئەينەن، ئۇسسۇل قىياپىتى سۇباتلىق، كۈچلۈك بولىدۇ. تاجىكلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان چالغۇ ئەسۋابى نەي بولۇپ، بۇ بۈركۈتنىڭ سۆڭىكىدىن ياسىلىدۇ.

تاجىكلار قائىدە ـ يوسۇنغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەپ، بالىلارغا كۆيۈنىدۇ، ياشلىرى ياشانغانلار بىلەن كۆرۈشكەندە قولىنىڭ دۈمبىسىگە سۆيۈپ قويىدۇ، ياشانغانلار بولسا ياشلارنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ، يۈزىگە سۆيۈپ قويىدۇ، ئەرلىرى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئاياللىرى ئەرلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئەرلىرىنىڭ ئالقىنىغا سۆيۈپ قويىدۇ. تاجىكلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا، روزا ھېيت، قۇربان ھېيتنى ئاساسىي بايرام قىلغاندىن باشقا، يەنە ئۆزىنىڭ مىللىي بايرىمى بار.

## 50. شىبەلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟

ئېلىمىزدىكى شىبەلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىدا چوڭ دائىرىدە تارقاق، كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ۋەزىيىتى پەيدا بولدى. شىنجاڭدىكى شىبەلەر ئاساسلىقى تەڭرى تېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، بۇمۇ مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى ھېسابلىنىدۇ.

شىبەلەرنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، «شىبە» مەزكۇر مىللەتلەرنىڭ ئۆز نامى، «شىبە» توغرىسىدىكى سۆزنىڭ مەنىلىرىدىن «رۇيشۇ» «شىبە» ياكى «دەيگۇ» دېگەن ئېيتىلىشلار بار، يەنە بەزىلەر يەر نامىنى، يەنى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئولتۇراقلاشقان خەيلارنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى شىۋشەن تېغى، قەدىمىي توبالاردىكى سىيانپى ئۇنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدىكى شىبەلەر ئاساسلىقى نېنجياڭ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى چۇر دەرياسى، تاۋخې دەريا ۋادىسىدا پائالىيەت قىلغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا مانجۇغا تەۋە بولغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا خوشۇن ئەسكەرلىرى قىلىپ تەشكىللىنىپ (ئالدى بىلەن موڭغۇل سەككىز خوشۇنغا كىرگەن، كېيىن مانجۇلارنىڭ سەككىز خوشۇنى قىلىپ تەشكىللەنگەن)، خېيلوڭجياڭ،

جىلىنغا يۆتكەلگەن. 1764 ـ يىلى، ئىلى رايونىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، چىڭ هۆكۈمىتى شىڭجىڭ (هازىرقى لياۋ نىڭدىكى شېنياڭ)، كەييۈەن، لياۋ ياڭ، فۇشۇن قاتارلىق جايلاردىن شىبە ئەمەلدار ـ ئەسكەرلەردىن 1020 ئادەم، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى قوشقاندا جەمئىي 3275 ئادەمنى شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرانى مۇهاپىزەت قىلىشقا يۆتكىگەن. ئۇلار ئىلىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىدىكى هازىرقى چاپچال رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىلى شىبە لاگېرى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا سەككىز نىدۇ بولۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، بوز يەر ئېچىش ۋە پونكىت، قاراۋۇلخانىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان. شىبەلەر لاگېرى هەربىي، مەمۇرىي، ئىشلەپچىقىرىش بىر گەۋدىلەشكەن هەربىي، سىياسىي تەشكىلات. ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك شىبە ئارمىيە ـ خەلقى چاپچال رايونىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، چوخۇر ئۆستىڭدىن سۇ باشلاپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزى تېرىقچىلىق قىلىپ ئۆزىنى بېقىپ، ئىككى يىلدا 10 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرنى تېرىغان. تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش، چېگرا مۇداپىئە خادىملىرىنىڭ تۇرمۇش ئېهتىياجىنى يەنىمۇ قاندۇرۇش ئۈچۈن، شىبەلەر لاگېرىنىڭ باش بۇغى تۇبۇتنىڭ باشلامچىلىقىدا، 400 دىن ئارتۇق شىبە باشلىرى ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، چاپچال تاغ ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىن ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاش ئۈچۈن، شەرق ـ غەرب ئۇزۇنلۇقى 200 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان، چوڭقۇرلىقى بىر جاڭ، كەڭلىكى بىر جاڭ ئىككى چى كېلىدىغان چوڭ ئۆستەڭ («شىبە ئۆستىڭى» دەپ ئاتىلىدۇ) نى چاپتى، تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، ئۇ شىبە خەلقىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، چېگرانى قوغداشنىڭ دەلىلى بولۇپ، يەنىلا مۇهىم سۇغۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. 1828 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى جاهانگىرنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرغاندا، شىبەلەر لاگېرىدىكى ئەمەلدار ـ ئەسكەرلەر ئۇرۇشقا پائال قاتنىشىپ، چىڭ ئارمىيىسىنىڭ باشقا ئەمەلدار ـ ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە قارا تېكىن تېغىدا جاهانگىرنى تىرىك تۇتقان. 1871 ـ يىلى رۇسىيە ئىلىنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن شۇ ۋاقىتتا شىبەلەر لاگېرىنىڭ ۋەزىرى خالىبىنا رۇسىيىلىكلەر تاپشۇرغان ئىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرغان هەمدە ئارمىيە ـ خەلقنى تەشكىللەپ،





رۇسىيە ئىشغالىيەتچى ئارمىيىسىنىڭ ئەهۋالىنى مەخپىي هالدا چىڭ سۇلالىسىغا يوللاپ بەرگەن. شىبە خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن مۇهىم تۆهپىلەرنى قوشتى.

2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى شىبەلەر نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي سانى 39 مىڭ 900 كىشىگە يەتتى.

شىنجاڭدىكى شىبەلەر ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شامان دىنى ۋە تىبەت بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. زور كۆپ ساندىكىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتى مانجۇلارنىڭكىگە ئوخشاش.

شىبەلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكى جەهەتتە، ئەرلىرى كۆپىنچە چوڭ پەشلىك نىمچە ۋە پېشى قىسقا كۆڭلەك كىيىدۇ، يۇمىلاق دوپپا كىيىدۇ، ئىشتاننىڭ پۇشقىقىنى بوغۇۋالىدۇ. ئاياللىرى ئادەتتە چىپاۋ (ئىككى يېنىدا چېكى بار ئايالچە ئۇزۇن كۆڭلەك)، گۈل كەشتىلەنگەن لاتا خەي كىيىدۇ. هالقا، ئۈزۈك ۋە بىلەيزۈك قاتارلىق زىنىەت بۇيۇملىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، يېمەك ـ ئىچمەك جەهەتتە گۈرۈچ ۋە ئۇننى ئاساسىي يېمەكلىك قىلىدۇ، سۈت چاي ۋە باشقا سۈت بۇيۇملىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىت گۆشى يېمەيدۇ، هەر خىل قوغداش ئىلاهىنى بېشىدا كۆتۈرۈش شىبەلەرنىڭ مۇهىم ئۆرپ ـ ئادىتى، هەر يىلى بايرام ئۆتكۈزگەندە، هەرقايسى ئائىلىلەر كوچىغا كۆيدۈرۈپ ئىلاهقا باش ئۇرىدۇ.

شىبە خەلقى مەدەنىي تەنتەربىيە پائالىيىتىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئوقيا ئېتىش ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشلارنىڭ هەممىسى ياخشى كۆرىدىغان پائالىيەت. شىبەلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بايرىمى — «18 ـ ئاپرېل بايرىمى» بار. بۇنىڭدا مىلادىيە 1764 ـ يىلى شىبەلەر لاگېرىدىكى 3000 دىن ئارتۇق ئەمەلدار ـ ئەسكەرلەر ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ شەرقىي شىمالدىن شىنجاڭنىڭ ئىلى دەريا ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ زور ۋەقە خاتىرىلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ هەر قايسى جايلىرىدىكى شىبەلەر هەر خىل خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ.

### 51. مانجۇلارنىڭ ئاساسىي ئەهۋالى قانداق؟

مانجۇلارنىڭ قەدىمىي ئاتا ـ بوۋىلىرىنى ئىككى مىڭ نەچچە يىل

ئىلگىرى جۇ، چىن دەۋرىدە شەرقىي شىمال رايونىدا پائالىيەت قىلغان «سۇشېنلار» دىن، خەن دەۋرىدىكى «ئېفتالىتلار» دىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى «ئۇچىلار» دىن، سۇي، تاڭ دەۋرىدىكى «قارا سۇ موغاللىرى» دىن، سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن، مىڭ دەۋرىدىكى «جۇرجىت» لاردىن ئىزدەپ تېپىشقا بولىدۇ. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇرجىتلار جيەنجۇ، خەيشى ۋە دۇڭخەي (ياۋايى ئادەملەر دەپ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەن. 1616 ـ يىلى، جيەنجۇنىڭ سول قول باشلىقى نۇرخاچ جۇرجىتلارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خاتۇئالا (ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنبىڭ ناھىيىسى) دە بۈيۈك جىن دۆلىتىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭ نامىنى «كېيىنكى جىن» دەپ ئاتىدى. 1635 ـ يىلى، پادىشاھ خۇاڭ تەيجى مىللەتنىڭ نامىنى مانجۇلار دەپ بېكىتىپ، قىسقارتىپ «مانجۇ» دەپ ئاتىدى. ئىككىنچى يىلى خانلىق ۋە دۆلەتنىڭ نامى بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى قىلىپ بەلگىلەنگەن. 1644 ـ يىلى چىڭ ئارمىيىسى گۈەندۇڭغا كىرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جۇڭگو تارىخىدا ئەڭ ئاخىرىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن فېئودال خاندانلىقىنى ئورناتتى. مانجۇلار شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە موڭغۇللاردىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ فېئودال خاندانلىقىنى قۇرغان مىللەت بولۇپ قالدى.

مانجۇلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاز ساندىكىلىرى رېخېدا تۇرۇۋاتقان سەككىز خوشۇندىن كەلگەندىن باشقا، كۆپ ساندىكىلىرى شەنشى، گەنسۇ رايونلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان سەككىز خوشۇندىن يۆتكىلىپ شىنجاڭغا كىرگەن. مانجۇلار شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ئاساسلىقى ئىلى، ئۈرۈمچى، باركۆل، گۇچۇڭ (ھازىرقى چىتەي) ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان. چۈنكى مانجۇ ھۆكۈمران مىللەت بولغاچقا، ئىلى جياڭجۈنى، ئۈرۈمچى باش بۇغى، قەشقەردىكى مەسلىھەتچى ئامبال ۋە ھەر قايسى جايلاردىكى خان ئامبال، ئاقلاقچى خان ئامبال قاتارلىق شىنجاڭدىكى مۇھىم ھەربىي ـ سىياسىي ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسىنى مانجۇلار ئۈستىگە ئالغان. ئەينى چاغدا، ئومۇمەن چىڭ ئارمىيىسى ئورۇنلاشقانلىكى جاينىڭ





ھەممىسىدە «مانجۇلار شەھىرى» قۇرۇلۇپ، مانجۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان. «ئۈرۈمچىدىكى ئىشلار» دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، 1795 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىكى مانجۇ لاگېرىدىكى ئەسكەرلەردىن 3376 كىشى، ئەر ـ ئايال، قېرىلار ۋە بالىلارنى قوشقاندا، 15981 كىشى بولغان. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي ئىشلار مەركىزى بولغان ئىلى رايونىدا مانجۇ ئەمەلدار ـ ئەسكەرلىرىنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ بولغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، مانجۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ جايدىكى باشقا مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر شىنجاڭدىكى مانجۇلارنىڭ نوپۇسى 22 مىڭ 900 كىشىگە يېتىدۇ (2000 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا)، ئاساسلىقى ئۈرۈمچى، ئىلى، سانجى، قۇمۇل، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلارغا مەركەزلەشكەن. مانجۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى دىنى شامان دىنىدىن ئىبارەت.

مانجۇلار ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى جەھەتتە، ئاياللىرى چىپاۋ كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، يەڭ، ياقا ۋە پەش قاتارلىق جايلار زىننەتلىنىدۇ، كىيىمنىڭ ماتېرىيالى كۆپىنچە تاۋار ـ دۇردۇن بولىدۇ، چىپاۋنىڭ سىرتىغا يەنە كەنجەك قاپلىنىدۇ. ئەرلەرنىڭ كىيىم ـ كېچىكى ئادەتتە نىمچە ماگازا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى ئوچۇق، بېلىگە بەلۋاغ باغلايدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە ئۇن تامىقىنى ئاساس قىلىدۇ، ياخشى كۆرىدىغان تائاملىرى خەنزۇلارنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

## 52. ئۆزبېكلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟

ئۆزبېكلەر ئېلىمىزدىكى كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلىدىكى ئەزالارنىڭ بىرى بولۇپ، چېگرا ھالقىغان مىللەتكە مەنسۇپ، شىنجاڭدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن كەلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئىنتايىن قويۇق بولدى. ئۆزبېكلەرنىڭ شەكىللىنىشى بىر ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى باشتىن كەچۈردى، ئۇ قەدىمكى نۇرغۇن قەبىلىلەر، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ئاساسىدا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن. مىلادىيە 14 ـ ئەسىردە، كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى موڭغۇللارنىڭ

ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇراتتى. چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قۇرغان تۆت چوڭ خانلىق ئىچىدە، قىپچاق خانلىقى (ئالتۇن ئوردا خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ تەسىر كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغان. ئىلىمىزنىڭ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا ئېيتىلغان «يۆجىبى» ، «يۆزۇبەي» دېگەنلەر «ئۆزبېك» نامىنىڭ دەسلەپكى مەنبەسى بولۇشى كېرەك. 15 ـ ئەسىردە قىپچاق خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۆزبېكلەر ئىتتىپاق بولۇپ شەكىللەنگەن. 1451 ـ يىلى، مۇھەممەد شايبانى «شايبان خانلىقى» نى قۇرغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، شايبانى خانلىقى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا زومىگەرلىك قىلىۋاتقان تېمۇر ئىمپېرىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان، بۇنىڭ بىلەن زور تۈركۈمدىكى ئۆزبېكلەر بۇنىڭغا ئەگىشىپ كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تېرىقچىلىق رايونلىرىغا كىرگەن، كۆچمەن ئۆزبېكلەر شۇ جايدىكى يەرلىك قەبىلىلەر بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن، يېقىنقى زاماندىكى ئۆزبېك مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان.

ئۆزبېكلەرنىڭ زور تۈركۈمدە شىنجاڭغا كېلىشى يەنىلا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بولدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇ يەرگە سودىگەرچىلىك قىلغىلى كەلگەن سودىگەرلەر ئىدى. ئۇلار چاي، يىپەك، فار فور قاچا، تېرە قاتارلىق سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنى «قوقەنلىكلەر» ، «ئەنجانلىقلار» دەپ ئاتىغان. شۇنىڭدىن كېيىن، يەنە بەزى قول سانائەتچىلەر، زىيالىيلار، دىنىي خىزمەتچىلەر ۋە دېھقان ـ چارۋىچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا تىرىكچىلىك قىلغىلى كەلگەن. 19 ـ ئەسىردىن كېيىن، شىنجاڭغا كەلگەن ئۆزبېكلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ بارغان. خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، 1877 ـ يىلى، جەنۇبىي شىنجاڭدا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۆزبېكلەر ئاھالىسىدىن 2000 ئائىلە بولغان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى پاراكەندىچىلىك ۋە تەبىئىي ئاپەتنىڭ شۇ جايدىكى ئاھالىلەرگە كەلتۈرۈپ بەرگەن ئېغىر بالايىئاپەتلىرى تۈپەيلىدىن، يەنە بەزى ئاھالىلەر شىنجاڭغا ئۇرۇغ ـ تۇغقان ۋە ئەل ـ ئاغىنىلىرىگە تايىنىشقا كېلىپ، ئادەم سانى يەنىمۇ كۆپەيگەن. ھازىر شىنجاڭدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ نوپۇسى 13 مىڭ 900





كىشى (2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا) گە يېتىدۇ.

شىنجاڭدىكى ئۆزبېكلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى مەيلى ئەر ـ ئايال ياكى قېرى ـ ياش بولسۇن، ھەممىسى كىچىك گۈللۈك دوپپا كىيىدۇ. گۈللۈك دوپپىنىڭ رەڭگى چىرايلىق، تىكىلىشى نەپىس، نۇسخىسى ۋە نەقىش خىللىرى بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ. ئەر ـ ئاياللىرى كۆپىنچە يانتۇ ياقىلىق، ئوڭ پەشلىك، تۈگمىسى يوق، ئۇزۇنلۇقى تىزىغىچە كېلىدىغان خالات كىيىدۇ، يەنە بېلىگە ئۈچ بۇرجەكلىك كەشتىلەنگەن لۆڭگە باغلايدۇ. ياش ئاياللار كەڭ، كۆپ قىزىلىق ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىدۇ، بالباغ باغلىمايدۇ، ئۇزۇن كۆينەكنىڭ سىرتىغا قىسقا چاپان ياكى كەنجەك كىيىدۇ، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە ئۇن ۋە گۈرۈچنى ئاساسىي يېمەكلىك قىلىدۇ، كۆپىنچە كالا، ئات، قوي گۆشى يەيدۇ ۋە سۈتتىن ئىشلەنگەن بۇيۇملارنى ئىستېمال قىلىدۇ.

ئۆزبېكلەر مۇزىكا ئاڭلاش ۋە ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇزىكا مېلودىيىسى ئايلىنىشچان ۋە ئەگرى ـ بۈگرى، سۈرئىتى بىرقەدەر تېز كېلىدۇ. ئۆزى ئېيتىپ ئورۇنداش ياكى تەڭكەش قىلىپ چېلىپ يالغۇز ئورۇندىغۇچىلار كۆپ بولىدۇ، ئۇسسۇل لەرزان ئوينىلىدۇ، كۆپىنچە يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل، قوش كىشىلىك ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ، ئۇلارنىڭ داپ ئۇسۇلى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇلارنىڭ خەلق مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتە ئازراق پەرقى بار.

## 53. رۇسلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟

رۇسلار ئېلىمىزدە نوپۇسى بىرقەدەر ئاز بولغان مىللەتلەرنىڭ بىرى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنىلا جۇڭگودا بار بولغان بىرقانچە تىل ئىچىدە ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان مىللەت. شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدىكى رۇسلارنىڭ ئادەم سانى 10 مىڭ 900 كىشى (2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا) گە يېتىپ، جۇڭگودىكى رۇسلار ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، ئاساسلىقى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان.

ئېلىمىزدىكى رۇسلار بىلەن بۈگۈنكى كۈندىكى رۇسىيە فېدېراتسىپ

جۇمھۇرىيىتىدىكى رۇسلارنىڭ ئىرقى ئوخشاش بولۇپ، چېگرا ھالقىغان مىللەتكە مەنسۇپ. شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدىكى رۇسلارنىڭ ھەممىسى غەربىي قىسىم چېگراسىنىڭ سىرتىدىن كۆچۈپ كەلگەن. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاز ساندىكى رۇسلار شىنجاڭنىڭ بەزى رايونلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. لېكىن تېخىمۇ كۆپلىگەن رۇسلارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى بولسا 1840 ـ يىلىدىن كېيىن بولدى، بولۇپمۇ 1851 ـ يىلى «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى ـ تارباغاتاي سودا نىزامى» ۋە 1881 ـ يىلى «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، رۇسلار جۇڭگودا نۇرغۇن ئىمتىيازلارغا ئىگە بولغانلىقتىن، زور تۈركۈمدىكى رۇسىيىلىكلەر ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا كىردى. ئۇلار ياكى سودىگەرلىك قىلدى، مەسىلەن، ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق رايونلاردا سودا چەمبىرىكى قۇردى. ياكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئاھالىلەر نۇقتىسىنى قۇردى. بۇ كىشىلەر ئىچىدە بەزىلىرى كېيىن دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەر قېپقېلىپ ماكانلاشقان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، يەنە بىر تۈركۈم رۇسلار ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا كىردى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەغلۇپ بولغان ئاقلار ئارمىيىسى ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق بولۇپ، بۇ كۆچمەن خەلقلەر ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە نىسبەتەن ناھايىتى زور زەربىنى پەيدا قىلغان. مىنگو دەۋرىدىكى ياڭ زېڭشىن يېڭى ھۆكۈمىتى بىر قەدەر سالماق، پۇختا سىياسەتنى يولغا قويۇپ، بۇ كۆچمەن خەلقلەرنى ئىلى، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرغان. شۇ جايدىكى كىشىلەر ئۇلارنى «ئەل قىلىنغان مىللەت» دەپ ئاتىغان. ئۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنتلەر «ئەل قىلىنغان كەنت» دەپ ئاتالغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسى ئىچىدىكى بەزى رۇسلار شىنجاڭغا كۆچۈپ كىردى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى كىشىلەر ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن ئۆزىنى قاچۇرغانلاردىن باشقا، كۆپ ساندىكىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن، ئەينى يىللاردا شەرقىي شىمالدىن سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىغا كىرگەن جۇڭگولۇقلارنىڭ جورىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، دەسلەپكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ كىشىلەر 10 مىڭدىن





ئارتۇق بولغان. نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى رۇسلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارنىڭ ئائىلى ۋە پەرزەنتلىرىدىن ئىبارەت. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن كېيىنكى 100 نەچچە يىل ئىچىدە، ئۇزۇن مۇددەت شىنجاڭدىكى مىللەتلەر بىلەن تۇرمۇش ئالماشتۇرۇش جەريانىدا، يۇرتىدىن ئايرىلغان بۇ رۇسلار ئاخىرقى ھېسابتا شىنجاڭدا خۇشال ـ خۇرام ياشىغان ھەمدە ئۆزىنى جۇڭگولۇق دەپ قاراپ، شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بىللە ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشتى.

شىنجاڭدىكى رۇسلارنىڭ كۆپىنچىسى پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتى بۈگۈنكى رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدىكى رۇسلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش كېلىدۇ.

## 54. داغۇرلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟

«داغۇر» شۇ مىللەتنىڭ ئۆز نامى بولۇپ، دەسلەپتە شەرقىي شىمالدىكى چوڭ ھىنگان تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تاۋئېرخې دەريا بويلىرىدىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا، ئىلىم ساھەسىدە شۋاي تەلىماتى، قىتان تەلىماتى، موڭغۇل تەلىماتى قاتارلىق نۇقتىئىنەزەرلەر بولۇپ، ئادەتتە لياۋ دەۋرىدىكى قىتانلارنىڭ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى جەريانىدا جەزمەن كۆپلىگەن قەدىمىي شىمالىي مىللەتلەرنىڭ تەركىبى قوشۇلۇپ كەتكەن دەپ قارالغان. داغۇر دېگەن نام ئەڭ دەسلەپتە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە كۆرۈلگەن، 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرى، خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا يۇقىرى ئېقىمىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا ئولتۇراقلاشقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپتە شۇ جايدىكى ئېۋېنكى، ئېلۇنچۇن قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن بىللە «سولون قەبىلىسى» دەپ ئاتالغان ھەمدە ئېۋېنكى بىلەن بىللە مانجۇ سەككىز خوشۇنغا كىرگۈزۈلگەن. كاڭشىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا پەيدا بولغان «داخۇلى»، «داخۇر» قاتارلىقناملار ئوخشاش بولمىغان خەنزۇچە تەرجىمىدىن ئىبارەت. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت بۇ مىللەتنىڭ ئارزۇسىغا

ئاساسەن، ئومۇمىي نامىنى «داغۇر مىللىتى» گە ئۆزگەرتكەن.

1763 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1000 نەپەر داغۇر، ئېۋېنكي ئەمەلدار ـ ئەسكەرلىرىدىن تەركىب تاپقان سولۇن لاگېرىنى خېيلۇڭجياڭدىن ئىلىغا يۆتكىگەن. ئۇلار چېگرا رايونىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى قوشۇن قىلىپ تەشكىللەنگەن ھەمدە لەشكەر بېشى ئامبىلى تەسىس قىلىپ، ھازىرقى قورغاس دەرياسى ئەتراپىدا تېرىقچىلىق قىلىش، چېگرا رايونىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. سولۇن لاگېرى بىلەن ئۆيرات لاگېرى، چاخار لاگېرى ۋە شىبە لاگېرىغا ئوخشاش، ئىلى جياڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، داغۇرلار شىنجاڭدىكى كۆپ مىللەت توپى ئىچىدىكى بىر ئەزاغا ئايلاندى. ئەينى ۋاقىتتىكى «سولۇن لاگېرى» ئوڭ ـ سول ئىككى قاناتقا بۆلۈنگەن، سول قاناتتىكى تۆت خوشۇندا سولۇنلۇقلار، ئوڭ قاناتتىكى تۆت خوشۇندا داغۇرلار بولغان، ئۇلار تېرىقچىلىق قىلىش، چېگرا رايونىنى قوغداشتىن باشقا، يەنە قەشقەر بىلەن تارباغاتاي (چۆچەك) نى نۆۋەتلىشىپ مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. 1889 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي شىمالنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، تارباغاتاي يېڭى شەھىرىنى بەرپا قىلغان. شەھەر قۇرۇش ئەمگىكىگە جەمئىي 300 — 400 يۈز ئائىلىلىك داغۇرلار قاتناشقان. 1891 ـ يىلى يېڭى شەھەر قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار يېڭى شەھەرگە كۆچۈپ كىرىپ ئولتۇراقلاشقان. 1895 ـ يىلى، تارباغاتايدا يېڭى مانجۇ لاگېرى قۇرۇلدى، داغۇرلار يېڭى مانجۇ لاگېرىغا كىرگۈزۈلدى، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى يەنىلا ھەربىي رايوننى ساقلاش، چېگرانىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت بولدى. 1909 ـ يىلى ، تارباغاتاي شەھىرىدىكى داغۇرلار شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئارسىز ئەتراپىغا كۆچۈشكە باشلىدى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، يېڭى مانجۇ لاگېرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى. تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن يەر بۆلۈپ بېرىلدى، داغۇرلار ئۆي سېلىپ ماكانلىشىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىدى.

2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭدىكىداغۇرلار جەمئىي 6400 كىشىگە يەتتى. ھازىر ئاساسلىقى شىمالىي شىنجاڭنىڭ چۆچەك





رايونىدا ئولتۇراقلاشتى، شىنجاڭدىكى داغۇرلار ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەر ئۇيغۇرچە، قازاقچە ۋە خەنزۇچىنى بىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مانجۇ يېزىقىنى قوللانغان، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئومۇميۈزلۈك ھالدا خەنزۇ يېزىقىنى قوللانغان. ئاساسلىقى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئاز ساندىكى كىشىلەر تىبەت بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

داغۇرلار تەڭرى (خۇدا) ۋە ئابىدە (تاغ ئۈستىدە تاش ۋە كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان يۇمىلاق دۆۋە) ئالدىدا نەزىر ـ چىراغ قىلىپ، تەبىئەت دۇنياسىنى چوقۇنىدىغان ئوبيېكت قىلىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. خەلقنىڭ ئۆيلىرى ھويلا شەكلىدىكى ئۆيلەر بولۇپ، ئولتۇراق ئۆينىڭ نۇسخىسى ⇑ خەت شەكلىدە بولىدۇ، ئائىلە سايمانلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مانجۇلارنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

داغۇرلار ئۇسسۇل ئويناش، ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئويناپ، يەنە بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن توۋلاپ، قەيسەر ـ مەردانىلىقىنى نامايان قىلىدۇ. خەلق مۇزىكا ئەسۋابلىرىدىن ئاساسلىقى «كۇمۇلىيەن» قاتارلىقلار بار. ياسالغان خەلق ھۈنەر بۇيۇملىرىمۇ ئۆزگىچە بولىدۇ. ئاياللىرى كەشتە توقۇشقا ماھىر كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدە نەقىشى كۆركەم بولغان كەشتە كەم بولمايدۇ، ئەرلىرى تېرىدىن كۆرپە تىكىشكە ئۇستا كېلىدۇ، ئويۇپ ياسىغان ياغىچى ئىنتايىن نەپىس كېلىدۇ، تەنتەربىيىدە ماھارەت كۆرسىتىش جەھەتتە، ئاساسلىقى ئات بەيگىسى، كۈچ سىنىشىش ۋە ئوقيا ئېتىشىش قاتارلىقلار بار. «خوككېي توپى» داغۇر ئەرلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى ماھارەت كۆرسىتىش پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

## 55. تاتارلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قانداق؟

تاتارلار ئېلىمىزدەك بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىچىدىكى ئەزالارنىڭ بىرى، تاتارلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ھازىرقى نامى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى «دادەن» (鞑靼) دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، كېيىن تارىخىي كىتابلاردا پەيدا بولغان «دادەن» (达旦)، «دادا» (达达)، «دادەن» (达靼) قاتارلىق ناملارنىڭ تاتارلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردىكى خەنزۇچە باشقىچە تەرجىمە قىلىنىشىدۇر. ئەسلىدە ئۇ تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى بىر قەبىلىنىڭ نامى ئىدى، كېيىن پەيدىنپەي كۈچىيىپ، تاڭ سۇلالىسىغا

كەلگەندىن كېيىن دادەن ( 鞑靼 ) دېگەن بۇ نام پەيدىنپەي ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك رايونىنىڭ شىمالىي يايلاق رايونىدىكى كۆچمەن قەبىلىلەرگە بولغان ئومۇمىي ئاتىلىشقا ئايلاندى. موڭغۇللارنىڭ گۈللىنىشى تاتارلارنى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئالدى. موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا قاتارلىق جايلار موڭغۇللارنى «دادەن» ( 鞑靼 ) دەپ ئاتىدى. مىڭ دەۋرىدىكى تارىخىي كىتابلاردىكى «دادەن» ( 鞑靼 ) شەرقىي قىسىمدىكى موڭغۇللار قەبىلىلىرىنى كۆرسەتكەن. ئەمەلىيەتتە، يېقىنقى زاماندىكى تاتارلار قەدىمكى زاماندا ۋولگا دەرياسى ئەتراپىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان بورگارلار، قىپچاقلار ۋە تۈركلەشكەن موڭغۇللارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت قوشۇلۇپ تەرەققىي قىلىشىدىن شەكىللەنگەن بىر مىللەت. 15 ـ ئەسىردىكى موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى قۇرغان ئالتۇن ئوردا خانلىقى يوقالغاندىن كېيىن، ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى قاتارلىق جايلاردا قۇرۇلغان قازان خانلىقىنىڭ باشلىقى ئۆزىنى موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى دەپ قاراپ، ئۆزىنى «تاتار» دەپ ئاتىغان.

شىنجاڭدىكى تاتارلار ئاساسلىقى 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ، 30 ـ يىللىرىدا ۋە كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن رۇسىيە چېگراسىدىكى قازان، زەيسان قاتارلىق جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەن، بۇ كىشىلەر ئىچىدە بەزىلەر چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ ئېغىر باج ـ سېلىق ۋە ھەربىي مەجبۇرىيەت يۈكىدىن ئۆزىنى قاچۇرغانلار، يەنە بەزىلىرى سودا بىلەن شۇغۇللىنىشنى مەقسەت قىلغانلار بار. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، تاكى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشىنىڭ ھارپىسىغا قەدەر سودا پائالىيىتى يەنىلا شىنجاڭدىكى تاتارلار شۇغۇللىنىۋاتقان ئاساسىي كەسىپ بولۇپ قالدى.

شىنجاڭدىكى تاتارلار ھازىر ئاساسلىقى ئالتاي، سانجى، ئىلى، ئۈرۈمچى ۋە چۆچەك قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان بولۇپ، نوپۇس ئومۇمىي سانى 4700 كىشى (2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا) گە يەتتى.

تاتارلار ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىكى، سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئاز ساندىكى كىشىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كىيىم ـ كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى جەھەتتە، شەھەر ـ بازار بىلەن يېزا ـ كەنتنىڭ ئازراق پەرقى بولىدۇ، شەھەرلەردىكى تاتارلارنىڭ كۆپىنچىسى قارا، ئاق رەڭلىك كەشتىلەنگەن گۈللۈك كىچىك دوپپا كىيىدۇ، ئىچىگە يېڭى كەڭ، ياقىسى ئۆرە، ياقىسى مەيدىسىگىچە ئوچۇق بولغان گۈل كەشتىلەنگەن ئاق كۆڭلەك كىيىدۇ، سىرتىغا قارا رەڭلىك تۈز يانچۇقلۇق قىسقا جىلىتكە ياكى قارا رەڭلىك ئۇدۇل پەشلىك





ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىدۇ، بېلىگە كەمەر باغلايدۇ، پۇتىغا ئۇزۇن قونجىلىق ئۆتۈك كىيىدۇ، ئاياللىرى بولسا بېشىغا گۈل كەشتىلەنگەن كىچىك دوپپا كىيىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە داكا ياغلىق ئورايدۇ، كۆپىنچە ئاق، سېرىق ياكى بېغىر رەڭلىك، قاتلاق ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىدۇ، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاياللار ياغلىق چېگىشنى، ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە، ئۇن ۋە گۈرۈچنى ئاساسىي يېمەكلىك قىلىدۇ، كالا، قوي گۆشى ۋە ھەر خىل قوغۇن ـ تاۋۇز، سەي ـ كۆكتاتلارنى قوشۇمچە يېمەكلىك قىلىدۇ. تاتار ئاياللىرى تاماق ئېتىشكە ئۇستا كېلىدۇ، ھەر خىل شەكىلدىكى مېزىلىك، تاتلىق، تەملىك تورتلارنى ياسىيالايدۇ.

تاتارلار ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشقا ماھىر كېلىدۇ، خەلق ئۇسسۇلى جانلىق بولۇپ، جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ھېسسىياتقا تولۇپ تاشقان بولىدۇ، ئەرلەرنىڭ ئۇسسۇلىدا تېپىپ زوڭزىيىش، سەكرەش قاتارلىق پۇت ھەرىكەتلىرى بولۇپ، كۆپىنچە چاۋاك چېلىش بىلەن قەدەمنى سۈرۈش بىرلەشتۈرۈلىدۇ، ئاياللچە ئۇسسۇلدا بولسا قول ۋە بەل ھەرىكەتلىرى ئاساس قىلىنىپ، ئۇسسۇل قىياپىتى جانلىق، ئوچۇق كېلىدۇ. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيتنى ئۆتكۈزگەندىن باشقا، «سابان تويى» تاتارلار ئامىمىسى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بايرام ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى تەبرىكلەش، كۈز پەسلىدە مول ـ ھوسۇل ئېلىشنى تىلەش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

# دىنغا دائىر بىلىملەر

## 56. دىن دېگەن نېمە؟ دىن قانداق پەيدا بولغان؟

دىن — بىر خىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسە. ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، دىن بىر خىل ئىدېئولوگىيە، «ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيا قاراش». ئېنگېلس مېغىزلىق قىلىپ: «بارلىق دىنلار كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تاشقى كۈچلەرنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى خىيالىي ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ خىل ئىنكاستا پانىي دۇنيادىكى كۈچلەر بۇ كۈچلەردىن تاشقىرى كۈچلەرنىڭ شەكلىنى ئالغان بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ، دىنىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان ئەڭ مۇپەسسەل ھۆكۈمدۇر، لېكىن دىن پەقەت بىر خىل ئىدېئولوگىيىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت سىستېمىسى، شۇنداقلا دىنىي تەشكىلاتلار ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر تۈرلۈك ئالاھىدە ئىجتىمائىي گەۋدىدۇر. يەنى دىنىي شەكىللەندۈرىدىغان ئامىللارنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان دىنىي قاراشتىن سىرت، يەنە دىنىي ھېسسىيات بىلەن كەچۈرمىش، دىنىي ھەرىكەت ھەمدە دىنىي تەشكىلاتلار ۋە تۈزۈملەردىن ئىبارەت. يۇقىرىقى ئامىللارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، دىن دېگەن ئاساسىي ئۇقۇمنى مۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ: دىن — ئالەمدىن تاشقىرى، تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئاڭ، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش، چوقۇنۇش قىلمىشى بولۇپ، بۇ خىل ئاڭ ۋە قىلمىش ئومۇملاشتۇرۇلغان ھەمدە قېلىپلاشتۇرۇلغان، تۈزۈملەشتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي مەدەنىيەت سىستېمىسىدىن ئىبارەت.

دىن ئەزەلدىنلا بار نەرسە بولماستىن، بەلكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندىن كېيىن پەيدا بولغان. دىن پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى نەچچە مىليون يىللىق ئۇزاق تارىختا، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى دېگەندەك تەرەققىي قىلمىغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى تەبىئەتكە بېقىنىش ھالىتىدىن ئايرىپ چىقالمايتتى، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى ھەمدە ھايات ـ ماماتلىق قاتارلىق دۇنيا قاراش توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى تېخى ئوتتۇرىغا قويالمايتتى. شۇڭا، ئۇ ۋاقىتلاردا مۇرەككەپ بولغان دىنىي قاراشلارنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىگە كىرگەندىن كېيىن، ئادەملەرنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى،

بولۇپمۇ ئابستراكت تەپەككۇر ئىقتىدارى خېلى تەرەققىي قىلىپ، بەزى ئادەتتىكى ئۇقۇملارنى يەكۈنلىيەلەيدىغان بولدى. بۇ ۋاقىتتىكى ئىنسانلاردا دىنىي قاراش شەكىللىنىشنىڭ شەرتلىرى ھازىرلانغان. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ئابستراكت تەپەككۇر بولغاندىلا، ئاندىن دىنىي قاراش پەيدا بولىدۇ ھەمدە مۇقەررەر ھالدا دىن بارلىققا كېلىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى مۇرەككەپ تەبىئىي مەنبە ۋە بىلىش مەنبەسىگە ئىگە. دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسى تەبىئەت كۈچىنىڭ بېسىمى بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەبىئەت كۈچلىرى بېسىمى ئالدىدا ئاجىز كېلىپ قالغان، شۇنىڭدەك ئامالسىز قالغان ئەھۋال ئاستىدىكى خىيالىنىڭ نەتىجىسى. ئىپتىدائىي ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىنتايىن ئاجىز بولغاچقا، ئىپتىدائىي ئادەملەر تەبىئەت دۇنياسىغا قارشى كۈرەش قىلىشقا ئامالسىز قالغان، يەنى تەبىئەتنى بويسۇندۇرالمىغان، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سىرلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنى، شەيئىلەرنى، شۇنىڭدەك ئادەملەردىكى چۈش كۆرۈش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا قورقۇنچ ۋە قۇرۇق خىياللار پەيدا بولۇپ، تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئۈستىدە تەبىئەتتىن تاشقىرى بىر خىل كۈچ بار، بۇ خىل تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ تەبىئەت دۇنياسىنى تىزگىنلەپ ۋە ئىدارە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنىمۇ تىزگىنلەپ ۋە ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، دېگەن تونۇشقا كەلگەن.

دىن قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى ئىپتىدائىي ئادەملەردىكى چۈش كۆرۈشكە بولغان تونۇش بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار ئادەم نېمە ئۈچۈن چۈش كۆرىدۇ، ئۆلگەن كىشى نېمە ئۈچۈن چۈشتە تىرىك كۆرۈنىدۇ دېگەندەك ئەھۋاللارنى چۈشىنەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەمدە تەندىن ئايرىلىپ مۇستەقىل مەۋجۇت بولىدىغان «روھ» بولىدۇ، ئادەمنىڭ ئۆلۈشى پەقەت تەنىنىڭ ئۆلۈشى بولۇپ، روھ ئۆلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ روھ قارىشىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارغا ئومۇملاشتۇرۇپ، پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسى ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئۇلار ھاياتلىققا ئىگە، دەپ قارايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئانىمىزم (دۇنيادىكى ھەممە نەرسىلەرنىڭ جېنى بار دەپ قارايدىغان ئىپتىدائىي تەپەككۇر شەكلى) پەيدا بولغان. كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغ ـ ئېدىرلار، دەريا ـ ئېقىنلار، بوران ـ چاپقۇن، قار ـ يامغۇر، گۈلدۈرماما، چاقماق،





ھايۋانات، ئۆسۈملۈك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادەملەشتۈرۈلۈپ ۋە ئىلاھىيلاشتۇرۇلۇپ، چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلانغان. ئىپتىدائىي ئادەملەر تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئىلاھلارنىڭ ياخشىسىمۇ، يامىنىمۇ بولىدۇ، ياخشى ئىلاھ كىشىلەرگە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ، يامان ئىلاھ كىشىلەرگە بالا ـ قازا ئېلىپ كېلىدۇ، ئىلاھقا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلسا، ياخشى ئىلاھ داۋاملىق بەخت ئاتا قىلىدۇ، يامان ئىلاھ بالا ـ قازانى ئاز بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ. دۇئا ـ تىلاۋەت، نەزىر ـ چىراغ قاتارلىق دىنىي مۇراسىملار مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. ئانىمىزم قارىشى ۋە تۈرلۈك چوقۇنۇش مۇراسىملىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئىپتىدائىي دىن ئىستىخىيىلىك ھالدا پەيدا بولغان.

## 57. دىن قانداق تەرەققىي قىلغان؟

دىن بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھادىسە بولغاچقا، ئۇمۇ باشقا شەيئىلەرگە ئوخشاشلا تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن، بۇ جەرياننى بىز مۇنداق ئۈچ جەھەتنىڭ ھەممىسىدىلا ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

بىرىنچى، ئىستىخىيىلىك دىندىن سۈنئىي دىنغا راۋاجلىنىش. ئىپتىدائىي دىن ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئەڭ دەسلەپكى دىن، ئۇ ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئۆزلىرىگە بولغان خاتا تونۇشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىستىخىيىلىك ھالدا پەيدا بولغان، شۇڭا ئېنگېلس ئۇنى «ئىستىخىيىلىك دىن» دەپ ئاتىغان. سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرگەندىن كېيىن، ھۆكۈمران سىنىپلار دىندىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىپتىدائىي دىن ئاساسىدا يېڭى دىنلارنى كەشىپ قىلغان، ئادەمنىڭ ئېڭى ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغان بۇ خىل دىنلارنى ئېنگېلس «سۈنئىي دىن» دەپ ئاتىغان. ئىستىخىيىلىك دىن بىلەن سۈنئىي دىنىنىڭ تۈپ پەرقى شۇ يەردىكى، ئالدىنقىسى ئاڭسىز، كېيىنكىسى ئاڭلىق، ئالدىنقىسى ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي ئىدىيىسى ۋە تونۇشىنىڭ ئىنكاسى، كېيىنكىسى بولسا باشلىنىشىدىنلا يالغان گەپ ۋە ئالدامچىلىققا تولغان بولىدۇ. دىن فورماتسىيىسىدىن ئېيتقاندا، ئىستىخىيىلىك دىن گۆدەكلەرچە، يۈزە

كېلىدۇ، سۇنئىي دىن بولسا، پىشىپ يېتىلگەن، چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان بولۇپ، سىستېمىلاشتۇرۇلغان، تەشكىللەشتۇرۇلگەن، تۈزۈملەشتۇرۇلگەن ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئىككىنچى، كۆپ ئىلاھلىق (كۆپ خۇدالىق) دىندىن بىر ئىلاھلىق (بىر خۇدالىق) دىنغا تەرەققىي قىلىش. كۆپ ئىلاھلىق دىندىن بىر ئىلاھلىق دىنغا ئۆزگىرىش جەريانى ئىنسانلارنىڭ سىنىپسىز جەمئىيەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈش، ئۇرۇقداشلار كاتتىۋاشلىرىدىن پادىشاھلىق تۈزۈمىگە ئۆتۈش جەريانى بىلەن ئاساسەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەت — سىنىپسىز، ھەممە ئادەم باراۋەر بولغان جەمئىيەت، ئۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىلا ئوخشىمايدۇ، لېكىن باي - كەمبەغەللىك پەرقى بولمايدۇ، بېقىندىلىق مۇناسىۋەتمۇ بولمايدۇ. ئىپتىدائىي دىننىڭ روھىي دۇنياسىدىمۇ مۇشۇ خىل رېئاللىق ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ. ئىپتىدائىي دىندا ئىلاھ بىلەن ئىلاھ باراۋەر ئورۇندا تۇرىدۇ، ھەرقايسىسى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدۇ، بىر - بىرىگە بېقىنمايدۇ، ئۇرۇقداشلار كاتتىۋاشلىرى ئورنىنىڭ ئۆسۈشى ۋە ھوقۇقىنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ سىنىپىي بۆلۈنۈش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان قۇلدارلار بىلەن قۇللار ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدىن كېيىن، روھىي دۇنيادىكى ئەسلىدىكى باراۋەرلىك مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپ، ئىلاھلار ئارىسىدىمۇ بېقىندىلىق مۇناسىۋەت پەيدا بولغان، چوڭ - كىچىك، ئاساسلىق - ئاساسسىز، يۇقىرى - تۆۋەن بولۇپ ئايرىلغان. لېكىن بۇ ۋاقىتتىكى دىن يەنىلا كۆپ ئىلاھلىق دىن باسقۇچىدا تۇراتتى، قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ فېئودال مۇستەبىت پادىشاھنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن، كۆپ ئىلاھلىق دىن جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالماي، بىر ئىلاھلىق دىننىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىجتىمائىي شارائىت پىشىپ يېتىلگەن. ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان روھانىيلار ئالدامچىلىق ئۇسۇلى بىلەن كۆپ ئىلاھلىق دىننى ئۆزگەرتىشكە باشلىغان. ئۇلار ئادىمىزات ئارىسىدىكى مۇستەبىت پادىشاھنىڭ ئوبرازىنى ئىلاھىيلاشتۇرغان، ياكى كۆپ خىل دىن ئىچىدىكى ئاساسلىق ئىلاھنى بىردىنبىر خۇدا دەپ بېكىتكەن ياكى يېڭىدىن بىر خۇدا تىكلىگەن، بىر ئىلاھلىق دىن مانا مۇشۇنداق پەيدا بولغان.





ئۈچىنچى، ئۇرۇقداشلىق قەبىلە دىنىدىن مىللەت، دۆلەت دىنىغا، ئاندىن دۇنياۋى دىنغا راۋاجلىنىش. دىن ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ۋە ئۇستقۇرۇلما بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەمىشە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا باغلىق بولىدۇ. ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى مەزگىلىدە، ئۇرۇقداشلار ھەم جەمئىيەتتىكى ئاساسىي تارماق، ھەم دىنىي پائالىيەتتىكى ئاساسىي تارماق بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى دىنمۇ ئۇرۇقداشلىق دىنى دەپ ئاتالغان. جەمئىيەت قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا كىرگەندىن كېيىن، ھەرقايسى ئۇرۇقداشلار قەبىلە توتېمى ۋە قەبىلە ئىلاھىنى يەنىلا ساقلاپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەبىلىنىڭ كوللېكتىپ دىنىي پائالىيەتلىرىگىمۇ قاتناشقان. بەزى قەبىلىلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئىلاھ سىياقىدا ئوتتۇرىغا چىققانلىقتىن، بۇ ۋاقىتتىكى دىنلاردا سۇنئىيلىك پەيدا بولۇشقا باشلاپ، ئۇ ئىستىخىيىلىك دىندىن سۇنئىي دىنغا راۋاجلىنىشتىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچنىڭ بىر تۈرلۈك دىنىي شەكلى بولۇپ قالغان. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مىللەت دىنىنىڭ ھەممىسىلا سۇنئىي دىنغا كىرىدۇ. مىللەت دىنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جەمئىيەت، ئەمەلىيەتتە مىللەتلەر گۇرۇھىدىن تەشكىل تاپقان دەسلەپكى مەزگىلدىكى دۆلەت بولغانلىقتىن، ئەينى ۋاقىتتىكى مىللەت دىنى ئەمەلىيەتتە مىللەت دۆلىتىنىڭ ئۇستقۇرۇلمىسىنى قوغدايدۇ، شۇڭلاشقا مىللەت دىنى دۆلەت دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دۇنيا دىنى بولسا، مىللەت دىنى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، دۆلەت ھالقىغان، مىللەت ھالقىغان دىندۇر. مىللەت دىنى پەقەت بىرلا مىللەت ئىچىدە چەكلىنىپ، باشقا مىللەتلەرگە تارقالمىسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ تارىخىنىڭ قانچە ئۇزۇن، ئېتىقاد قىلغۇچىلىرىنىڭ قانچە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ پەقەت مىللەت دىنىلا بولىدۇ. بەزى مىللەت دىنلىرى پائال تۈردە سىرتقا تارقىتىلسا ھەمدە باشقا مىللەتلەر ئۇنى قوبۇل قىلسا، بۇ مىللەت دىنى دۇنياۋى دىن بولۇپ تەرەققىي قىلالايدۇ. ھازىر دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن — بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ھەممىسى مىللەت دىنىدىن راۋاجلانغان.

## 58. ھازىر دۇنيادا قايسى ئاساسلىق دىنلار بار؟

ئىنسانىيەت تارىخىدا نۇرغۇن دۇنياۋى دىنلار بولغان، مەسىلەن، ئاتەش دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنى

قاتارلىقلار. بۇ دىنلارنىڭ ئىچىدە بەزى دىنلار ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەتكە دېگەندەك ياخشى ماسلىشالمىغانلىقتىن، تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. مەسىلەن، ئاتەش دىنى، مانى دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەمنىڭ تايىنى قالمىدى. بەزى دىنلار جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۆز - ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ، تىرىشىپ جەمئىيەتكە ماسلىشىپ، ئاكتىپلىق بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. مەسىلەن، بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىقلار، مىڭ يىلدىن نەچچە مىڭ يىلغىچە بولغان تارىخ مۇساپىسىدە نەچچە خىل جەمئىيەت شەكلىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، داۋاملىشىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ناھايىتى زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، تارقالغان رايونى ئەڭ كەڭ، ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ۋە مۇرىتلىرى ئەڭ كۆپ بولغان دۇنياۋى ئۈچ دىنغا ئايلاندى ھەم «دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن» دەپ ئاتالدى.

بۇددا دىنى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن ئىچىدە ئەڭ بالدۇر پەيدا بولغان دىن، ئۇنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىردىن 5 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ساكيامۇنى ھىندىستاندا ئىجاد قىلغان. دەسلەپتە پەقەت ھىندىستان زېمىنىدىلا تارقالغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردىن تارتىپ بۇددا دىنى ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە تارقىلىپ، دۇنياۋى دىنغا ئايلانغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 - ئەسىردە بۇددا دىنى شىنجاڭغا كىرگەن، كېيىن شىنجاڭ ئارقىلىق ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا تارقالغان. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، دۇنيادا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار تەخمىنەن 300 مىليون كىشى ئىكەن.

خرىستىئان دىنى خرىستوس ئەيسانى قۇتقازغۇچ خۇدا دەپ بىلىدىغان دىنىي مەزھەپلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇ كاتولىك دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى، پروتېستانت دىنى (دۆلىتىمىزدە بۇلار «خرىستىئان دىنى» ياكى «ئەيسا دىنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە باشقا بەزى كىچىك دىنىي مەزھەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، خرىستىئان دىنىنى مىلادىيە 1 - ئەسىردە ئەيسا پەلەستىندە ئىجاد قىلغان ئىكەن. دەسلەپكى مەزگىلدە خرىستىئان دىنى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەھشىيانە بوزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، پەقەت پەلەستىن رايونىدىلا تارقالغان. مىلادىيە 4 - ئەسىردىن باشلاپ رىم ئىمپېرىيىسى خرىستىئان دىنىغا بولغان





سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى دۆلەت دىنى قىلىشنى بەلگىلىگەندىن كېيىن، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ يۆلىشى ۋە كېڭەيتىشى بىلەن تېزدىن ئاسىيا، ياۋروپا رايونلىرىغا تارقىلىپ، دۇنياۋى دىنغا ئايلانغان. خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورى مەزھىپى (جۇڭگودا نېستورى دىنى دېيىلىدۇ) مىلادىيە 6 - ئەسىردە شىنجاڭغا كىرگەن، 7 - ئەسىردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقالغان. كېيىن خرىستىئان دىنىنىڭ باشقا مەزھەپلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقالغان. ھازىر خرىستىئان دىنى ھەرقايسى قىتئەلەرگە كەڭ تارقالغان بولۇپ، تەخمىنەن 1 مىليارد 300 مىليونەك ئېتىقادچىسى بار.

ئىسلام دىنى ئۈچ چوڭ دىن ئىچىدە ئەڭ كېيىن پەيدا بولغان دىن. مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇھەممەد ئىسلام دىنىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىجاد قىلغان. مۇھەممەد ۋاپات بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەرەب ھۆكۈمرانلار كۈرۈھىنىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىكىگە ئەگىشىپ، ئىسلام دىنى ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا قىتئەلىرىگە تارقىلىپ، ئەڭ ياش دۇنياۋى دىنغا ئايلانغان. 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنى دېڭىز يولى ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي دېڭىز بويى رايونلىرىغا كىرگەن. 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە يەنە قۇرۇقلۇق ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭ رايونىغا تارقالغان. ھازىر ئىسلام دىنى ئاساسەن ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقا رايونلىرىغا تارقالغان. ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيىلەرگىمۇ تارقالغان. تەخمىنەن 1 مىليارد ئېتىقادچىسى بار.

**59. نېمە ئۈچۈن ماركسىزملىق دىن قارىشىنى ئەڭ ئىلمىي دىن قارىشى دەيمىز؟**

ماركسىزملىق دىن قارىشى — ماركسىزمنىڭ دىن ۋە دىن مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى ئومۇمىي قارىشى ۋە تۈپ كۆزقارىشى. ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى دىن ۋە دىن مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئەڭ سىستېمىلىق، ئەڭ ئىلمىي تەلىمات، پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ دىن سىياسىتىنى تۈزۈشىدىكى نەزەرىيىۋى ئاساس، شۇنىڭدەك دىن مەسىلىلىرىنى توغرا تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئىلمىي يېتەكچى ئىدىيە. ماركسىزملىق دىن قارىشىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسى ئىنتايىن

مول بولۇپ، ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپقان:

(1) دىن — ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى. ماركسىزم دىن ئىنسانلار بىلەن تەڭ پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتى مەلۇم تارىخىي باسقۇچقا يەتكەندىن كېيىن ئاندىن بارلىققا كەلگەن، دەپ قارايدۇ. ئىنسانلارنىڭ تارىخىغا نەچچە مىليون يىل بولدى. ھالبۇكى، بۈگۈنگىچە بايقالغان ئەڭ دەسلەپكى دىنغا تېخى 100 مىڭ يىل بولمىدى.

تەبىئەت كۈچلىرى ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ بېسىمى — دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئىككى مۇھىم مەنبە، لېكىن بۇ ئىككى خىل كۈچ دىنىنى بىۋاستە پەيدا قىلالمايدۇ. دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى بۇ ئىككى خىل كۈچنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغان، شۇنىڭدەك بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن ۋە قورقۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئېزىپ كەلگەن بۇ كۈچلەرگە بولغان خاتا تونۇشىنىڭ نەتىجىسى.

(2) دىن، ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، بىر تۈرلۈك ئاستىن – ئۈستىن قىلىۋېتىلگەن دۇنيا قاراش. ئېنگېلس: «بارلىق دىن كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تاشقى كۈچلەرنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى خىيالىي ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ خىل ئىنكاستا پانىي دۇنيادىكى كۈچلەر بۇ كۈچلەردىن تاشقىرى كۈچلەرنىڭ شەكلىنى ئالغان بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «تاشقى كۈچ» دىنىنىڭ پەيدا بولۇشىدا تايىنىلغان تەبىئەت كۈچلىرى ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەرنى كۆرسىتىدۇ، دىن — كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بۇ ئىككى خىل كۈچنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئاستىن – ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن خىيالىي ئىنكاسى.

(3) دىنىنىڭ ئىجتىمائىي رولى ئاساسىي تەرەپتىن پاسسىپ بولىدۇ. دىن ئاستىن – ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن دۇنيا قاراش بولغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ دۇنيانى توغرا تونۇشى ۋە ئۆزگەرتىشىگە يېتەكچىلىك قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، كىشىلەرگە ئازاب – ئوقۇبەتلىك تەقدىرنىڭ مەنبەسىنى توغرا تونۇتالىشى، بۇ ئارقىلىق ئازاب – ئوقۇبەتلىك تەقدىرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلىش تەلىپىنى شەكىللەندۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ئازاب – ئوقۇبەتلىك تەقدىرنىڭ مەنبەسىنى پەقەت «تەقدىر» گىلا، يەنى خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغىلا يىغىنچاقلايدۇ. ھەممە دىنىدىن





خىيالىي بەخت ۋە روھىي تەسەللىي ئىزدەيدۇ.

(4) دىنىنىڭ يوقىلىشىنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بەلگىلەيدۇ. دىنىنىڭ پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش ۋە يوقىلىش قانۇنىيىتى بولىدۇ. دىن پەقەت ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا تايىنىپ تۇرۇۋاتقان تەبىئەت مەنبەسى، جەمئىيەت مەنبەسى ۋە تونۇش مەنبەسى يوقالغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. سوتسىيالىزم باسقۇچىدا دىنىنىڭ يوقىلىشىدىكى ئوبيېكتىپ شارائىت ھازىرلانمىغان بولغاچقا، دىن يەنىلا ئۇزاق مەزگىلگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

(5) پرولېتارىياتنىڭ سىياسىي پارتىيىسى دىن مەسىلىسىدە «دىنىي ئېتىقاد دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا خۇسۇسىي ئىش» دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشى، ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت بىلەن دىنىنى ئايرىۋېتىشى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى قەتئىي يولغا قويۇشى؛ دىن مەسىلىلىرىنى بىرتەرەپ قىلغان ۋاقىتتا پارتىيىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىگە بويسۇنۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، بىرتەرەپلىمە ھالدا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىكى پەرقنى تەكىتلەپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنىڭ بىردەكلىكىگە سەل قاراشقا قارشى تۇرۇشى، دىن مۇرىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق پۇقرالارنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، پارتىيىنىڭ تۈپ ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك.

## 60. دىن بىلەن مىللەتنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

مىللەت بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى نىسبەتەن مۇرەككەپ بولۇپ، يىغىپ ئېيتقاندا، ئىككىسى ھەم پەرقلىق، ھەم باغلىنىشلىق بولىدۇ.

مىللەت كىشىلەر تارىختا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، مۇقىم بولغان بىر ئورتاق گەۋدە بولۇپ، ئۇ تارىخ كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. دىن بولسا، بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئاڭ شەكلى بولۇپ، ئۈستقۇرۇلمىغا تەۋە. مىللەتنى ھاسىل قىلىدىغان تۆت مۇھىم ئامىل: ئورتاق رايون، ئورتاق تىل، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش، شۇنىڭدەك ئورتاق مەدەنىيەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئورتاق پسىخىك ساپا. دىنىنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىل بولسا دىنىي قاراش، دىنىي كەچۈرمىش، دىنىي ھەرىكەت ۋە دىنىي تۈزۈلمە. شۇنىڭ

ئۈچۈن، مىللەت بىلەن دىن خاراكتېرى تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئۇقۇم، دىن مىللەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىل ئەمەس، بىر مىللەت بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلسا بولىدۇ، ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدە ئوخشاش بولمىغان دىنغا ئېتىقاد قىلىشىمۇ بولىدۇ ياكى ئوخشاش بىر مەزگىلدە ئوخشاش بولمىغان بىرنەچچە خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىشىمۇ بولىۋېرىدۇ، لېكىن دىنىي ئېتىقادتا قانداقلا ئۆزگىرىش بولسۇن، كىشىلەر تارىختا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، مۇقىم بىر ئورتاق گەۋدە بولغان مىللەت ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار تارىختا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىپتىدائىي دىن، شامان دىنى، ئاتەش دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، نېستورى دىنى قاتارلىقلارغا ئېتىقاد قىلغان، 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندىن كېيىنلا ئاندىن بىرتۇتاش ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. خەنزۇلاردا ئەزەلدىنلا بىرتۇتاش دىنىي ئېتىقاد شەكىللىنىپ باقمىغان، هازىر يەنىلا بۇددا دىنى، داۋجياۋ (تەرىقەتچىلىك) دىنى، خرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بىر خىل دىنغا بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن مىللەتلەر ئېتىقاد قىلسا بولىدۇ، بۇ مىللەتلەرمۇ ئوخشاش بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىق تۈپەيلىدىن بىر مىللەت بولۇپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن، دۆلىتىمىزدە خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق 10 مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇلار دىن بىلەن مىللەتنىڭ بىر نەرسە ئەمەسلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىللەت بىلەن دىنىنىڭ هەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆزىگە خاس پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش ۋە يوقىلىش قانۇنىيىتى بار. مىللەت ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا ئۇرۇقداشلىق، قەبىلە باسقۇچى ئارقىلىق مەدەنىي دەۋرگە كىرمەكچى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا شەكىللەنگەن. دىن بولسا قەبىلە ۋە مىللەتتىن ئىلگىرى، ئىنسانلار تېخى جاهالەت دەۋرىدە تۇرغان، قەبىلە تېخى شەكىللەنمىگەن ۋاقىتتىلا شەكىللەنگەن. مىللەت بىلەن دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىش، يوقىلىش يولىمۇ ئوخشىمايدۇ. مىللەت جەمئىيەتنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىدۇ، ئىنسانلار كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە كىرگەندىن كېيىن، مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەر تەدرىجىي تۈگەيدۇ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ مىللەتمۇ تەبىئىي هالدا يوقىلىدۇ. دىن بولسا جەمئىيەت





تەرەققىياتى، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئاجىزلايدۇ ـ دە، ئاخىرى تەبىئىي هالدا يوقىلىدۇ.

مىللەت بىلەن دىن يەنە مەلۇم باغلىنىشقىمۇ ئىگە. دىن ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئەڭ ئومۇميۈزلۈك بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي هادىسە. ئۇ بىر خىل ئېتىقاد بولغاچقا، ئادەمنى ۋاسىتە قىلىدۇ، ئادەم بولسا هامان مەلۇم بىر كونكرېت مىللەتكە تەۋە بولىدۇ. دىن يەنە كېلىپ بىرتۈرلۈك مەدەنىيەت هادىسىسى بولۇپ، بىر مىللەت مەلۇم بىر دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تەبىئىي هالدا شۇ دىنىنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىدۇ ياكى شۇ دىن مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئۇستقۇرۇلمىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دىنمۇ ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىدا ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، دىن بىلەن مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئارىسىدا دەرىجە جەهەتتىلا پەرق بار بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بولۇش ـ بولماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. تارىختا هەممە ئادەم بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغان ئاشۇ مىللەتلەر ئارىسىدا بۇ خىل مۇناسىۋەت تېخىمۇ زىچ بولغان، دىن بۇ مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا كەڭ، چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. دىن ئېڭى مىللەت ئېڭىغا سىڭىپ كىرىپ، دىن مەدەنىيىتى مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان، دىنىي رەسىم ـ قائىدىلەر كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇنى چەكلىگەن، بەزىلىرى بولسا مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ مىللەتلەر ئارىسىدا مىللەتلەر مەسىلىسى بىلەن دىن مەسىلىسى هەمىشە ئارىلىشىپ كېلىپ، بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ ئالاهىدە مۇرەككەپلىكىنى ئىپادىلىگەن.

مىللەت بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش بىر نەزەرىيە مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە مۇهىم رېئال ئەهمىيەتكە ئىگە بىر مەسىلىدۇر. ئەمەلىيەت داۋامىدا، هەم مىللەتلەر مەسىلىسى بىلەن دىن مەسىلىسىنى پەرقلەندۈرۈش، هەم ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرۈپ يېتىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەت، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

## 61. دىنىنىڭ مىللىي قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەتكە قانداق تەسىرى بار؟

دىنىنىڭ مىللىي قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەتكە بولغان تەسىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش كېرەك. قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەت دېگەندە، ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا شەكىللەنگەن تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈش، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، يۈرۈش - تۇرۇش، ھەتتا دىنىي ئېتىقاد، باخشىلىق، رەمچىلىك، پەرھىز تۇتۇش قاتارلىق مەزمۇنى كەڭ، شەكلى كۆپ خىل بولغان ھەرىكەت ئۆلچىمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيان ئادەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى، رەسىم - قائىدە بولۇپ شەكىللەنگەن. ئادەتتە «ئۆرپ - ئادەت» دېيىلىدۇ. ئۆرپ - ئادەت پەقەتلا بىر تۈرلۈك توپ خاراكتېرلىك ئەخلاق خاھىشىدىنلا ئىبارەت.

ئۆرپ - ئادەت بەش ئاساسىي ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرىنچى، ۋارىسلىق خاراكتېرىگە ئىگە. ئۆرپ - ئادەت تارىختا ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىنىدۇ، ۋارىسلىق قىلىنىش جەريانىدا جاھىل، مۇتەئەسسىپ خاھىش بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئىككىنچى، ئىجتىمائىيلىق ۋە تارىخىيلىققا ئىگە. ئۆرپ - ئادەت ئىجتىمائىي توپلارنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن شەكىللەنگەن ئادەتلىرى بولۇپ، ئۇ تارىخنىڭ قاتا - قايتا تاسقىشىدىن ئۆتكەن، شۇڭا ئۇ تارىخنىڭ خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۈچىنچى، رايون خاراكتېرىگە ئىگە. ئۆرپ - ئادەت شۇ جايلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان شارائىتىغا ئاساسەن، مۇئەييەن رايوننىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، تەبىئىي شارائىت ۋە جۇغراپىيىلىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. تۆتىنچى، مىللەت خاراكتېرىگە ئىگە. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلار شەكىللەندۈرگەن ئۆرپ - ئادەتلەرمۇ ھەمىشە روشەن مىللەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. بەشىنچى، ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە. ئۆرپ - ئادەت ھەمىشە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي شارائىتلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مەزمۇندىن شەكىلگىچە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، جەمئىيەتكە ماس كەلمەيدىغانلىرى شاللىنىپ كېتىدۇ - دە، يېڭى ئۆرپ - ئادەتلەر تەدرىجىي بارلىققا كېلىدۇ





ۋە راۋاجلىنىدۇ.

ئۆرپ - ئادەتنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ھەممىسىلا دىندىن روشەن دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. دىن - بىر تۈرلۈك ئىدېئولوگىيە، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي گەۋدە، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسى ھەم دىنىي ئەقىدىلىرى، دىن قائىدىلىرى، تۈزۈمى ۋە تەشكىلاتى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆرپ - ئادەتتىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن دىن بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت، مەدەنىيەت بولسا ئۆرپ - ئادەتنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا دىن بىلەن ئۆرپ - ئادەت مەلۇم باغلىنىشقا ئىگە. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەرقانداق مىللەتتە دىنىي ئېتىقادتىن ئۆزگەرتىپ ئالغان ئۆرپ - ئادەت بار. ئالايلى، خەنزۇلاردىكى قەمەرىيە 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرام بۇددا دىنىدىن كەلگەن. دەيزۇلارنىڭ سۇ چېچىش بايرىمى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ سۇغا چوقۇنۇشىدىن كەلگەن بايرام. تارىختىكى ھەممە ئادەم بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بەزى مىللەتلەردە دىن بىلەن ئۆرپ - ئادەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ زىچ بولغان. مەسىلەن، دۆلىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق 10 مىللەتنىڭ توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، يېمەك - ئىچمەكتىكى پەرھىز تۇتۇش، ھېيت ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئۆرپ - ئادەتلىرى ئىسلام دىنىدىن كەلگەن. ئالايلى، بالىلارغا قۇرئان كەرىمدىن ئىسىم قويۇش، خەتنە قىلىش، توي قىلغاندا نىكاھ ئوقۇش، كۆرۈشكەندە ئەسسالامۇئەلەيكۇم، دەپ سالاملىشىش؛ مېيىتنى كېپەنگە ئېلىش، نامىزىنى چۈشۈرۈپ، تېزدىن يەرلىككە قويۇش؛ چوشقا گۆشى، ھايۋانلارنىڭ قېنى ۋە ھارام بولۇپ قالغان ماللارنىڭ گۆشىدىن پەرھىز تۇتۇش؛ قۇربان ھېيت، روزا ھېيتلارنى ئۆتكۈزۈش، ۋەھاكازا.

ھەرقايسى مىللەتلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە دىندىن ئۆزگەرگەن ئۆرپ - ئادەتلەر بار. بۇ ئۆرپ - ئادەتلەر ئۇزاق مەزگىللىك جەمئىيەت تەرەققىياتى داۋامىدا ئەنئەنىگە ئايلانغان بولۇپ، نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولۇپ قالغان. بۇ ئۆرپ - ئادەتلەر دىنىي تۈسكە ۋە دىنىي ئەنئەنىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان.

## 62. نېمە ئۈچۈن «مۇسۇلمان مىللىتى» دەپ ئاتاشنى خاتا دەيمىز؟

يۇگوسلاۋىيە پارچىلىنىپ، بوسنىيە ـ گېرتسىگوۋىنا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئاخبارات ۋاستىلىرىدە «مۇسۇلمان مىللىتى» دېگەن سۆز كۆپرەك تەكتىلىنىپ، كىشىلەردە يۇگوسلاۋىيە پارچىلانغاندىن كېيىن ئۇ يەردە «مۇسۇلمان مىللىتى» دەيدىغان بىر يېڭى مىللەت پەيدا بوپتۇ، دېگەن تەسىرنى پەيدا قىلدى، ئەمەلىيەتتە، بوسنىيە ـ گېرتسىگوۋىنادا ھېچقانداق «مۇسۇلمان مىللىتى» مەۋجۇت ئەمەس، دۇنيادىمۇ بۇنداق مىللەت يوق. بوسنىيە ـ گېرتسىگوۋىنادىكى «مۇسۇلمان مىللىتى» دېگىنىمىز، ئەمەلىيەتتە شۇ جايدىكى سېرب ۋە كروئات قاتارلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىدۇ.

سابىق يۇگوسلاۋىيە تارىخىدا ئاساسەن پراۋوسلاۋىيە دىنى، كاتولىك دىنى ۋە خرىستىيان دىنى ئومۇملاشقانىدى. ئوسمان ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، سېربلار ۋە كروئاتلار ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بۇ سېربلار، كروئاتلارنىڭ مىللەت تەركىبى ئۆزگىرىپ كەتمىگەن، پەقەت دىنىي ئېتىقادىلا ئۆزگەرگەن، شۇڭا ھېچكىم ئۇلارنى مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈنلا باشقا بىر مىللەت دەپ قارىمىغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى، سابىق يۇگوسلاۋىيىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى سېربلارنىڭ ئورنى ۋە تەسىرىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن بۇ كىشىلەرنى مەجبۇرىي ھالدا ئەسلىدىكى سېربلار ۋە كروئاتلاردىن ئايرىپ چىقىرىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلغان يۇگوسلاۋىيىلىكلەر توپىنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان. لېكىن ئۇلار ھەرگىزمۇ بىر يېڭى مىللەت ئەمەس. يۇگوسلاۋىيە پارچىلانغاندىن كېيىن، بۇ ئالاھىدە كىشىلەر توپى بوسنىيە ـ گېرتسىگوۋىنا ئۇرۇشىدا كۈچلۈك بۆلگۈنچىلىك خاھىشىنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. بەزى ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ ئاتالمىش «مۇسۇلمان مىللىتى» نى ھەدەپ تەشۋىق قىلدى. روشەنكى، بۇ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان «مىللەت» ئىدى.

مىللەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «مۇسۇلمان مىللىتى» دەپ ئاتاش خاتا، ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى يېتەرلىك ئەمەس. مىللەتنىڭ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان تەبىرىدە: مىللەت — تارىختا شەكىللەنگەن،





ئورتاق ماكان، ئورتاق تىل، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا ئىگە بولغان ھەمدە ئورتاق مەدەنىيەت ئاساسىدا ئورتاق پسىخىك ساپانى ئىپادىلەيدىغان كىشىلەرنىڭ تۇراقلىق ئورتاق گەۋدىسى، دېيىلگەن. دىن مىللەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسلىق ئامىل ئەمەس. كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر دىنىي ئېتىقادنى مىللەت ئايرىشنىڭ بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى قىلغاندا، ئۇنداقتا مىللەت كىشىلەرنىڭ تۇراقلىق بولغان ئورتاق گەۋدىسى بولماي قالىدۇ. مىللەتنىڭ نامىمۇ دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىنىي ئېتىقاد ئارقىلىق مىللەت ئايرىش ئىلمىي بولمايدۇ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلارنى «مۇسۇلمان مىللەت» دېيىشمۇ ئەلۋەتتە توغرا بولمايدۇ.

مۇسۇلمان — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. مۇسۇلمان ئاسىيالىقلاردىن بولۇشى مۇمكىن، ياۋروپالىق، ئافرىقىلىق، ئاۋستىرالىيىلىك، ئامېرىكىلىقلاردىن بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ ئاق تەنلىك بولۇشى مۇمكىن، قاراتەنلىك ياكى سېرىق تەنلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر پەقەتلا دىنىي ئېتىقادنى مىللەت ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلغاندا، دۇنيادىكى ھازىرقى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نامى مۇۋاپىق بولماي قالىدۇ، كىشىلەر دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدا «خرىستىيان مىللىتى»، «بۇددا مىللىتى»، «ئىسلام مىللىتى»، «ئىپتىدائىي دىن مىللىتى» دېگەنلەرگە ئايرىلىپ كېتىدۇ. ئوخشاش بىر مىللەتتىكى كىشىلەر دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، بىرقانچە مىللەتكە ئايرىلىپ كېتىدۇ؛ ئوخشاش بولمىغان دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ئوخشاش بولمىغان تەنلىك، ئوخشاش بولمىغان تىل، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتكە ئىگە كىشىلەر پەقەت دىنىي ئېتىقاد سەۋەبىدىن بىر مىللەت بولۇپ قالىدۇ. تېخىمۇ بىمەنە يېرى، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەر مىللەت تەركىبىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، مىللەت تەۋەلىكى يوق كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، دىنىنى مىللەت ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىش رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بوسنىيە ـ گېرتسىگوۋىنادىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنى ئورتاق ھالدا «مۇسۇلمان مىللىتى» دەپ ئاتاش ئىلمىي ئەمەس. توغرا ئاتىلىشى «بوسنىيە ـ گېرتسىگوۋىنا مۇسۇلمانلىرى» بولۇشى كېرەك، بۇنداق ئاتاش ھەرقانداق دۆلەت ۋە رايون

ئۈچۈن ئۈيغۇن كېلىدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىز ھەمىشە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتتىكى بەزى يولداشلار، جۈملىدىن بەزى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ: مەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايمەن، لېكىن مېنى مۇسۇلمان ئەمەس دېسە بۇنى قوبۇل قىلالمايمەن، دېگىنىنى ئاڭلايمىز. بۇنىڭدا بىر ئۇقۇم خاتالىقى بار. «مۇسۇلمان» دېگەن سۆز ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان ئىكەن، ئۆزىنى قانداقمۇ «ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى»، يەنى «مۇسۇلمان» دېگىلى بولسۇن؟

## 63. نېمە ئۈچۈن دىن بىلەن پەننى ماھىيەت جەھەتتە بىر - بىرىگە زىت دەيمىز؟

دىن بىلەن پەن بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل قارىمۇ قارشىلىق ماھىيەتلىك بولىدۇ، ئۇنىڭغا مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدۇ. دىن بىلەن پەننىڭ قارىمۇ قارشىلىقى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

دىن بىلەن پەن بىر - بىرىگە زىت ئىككى خىل ئىدىيە سىستېمىسى. پەن ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ماھىيىتى ۋە ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىلىم سىستېمىسى، ئۇ بارلىق تەتقىقات ئوبيېكتلىرىنى كىشىلەرنىڭ روھى ياكى خۇدانىڭ ئىرادىسىگە بېقىنماي مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئوبيېكتىپ رېئاللىق دەپ قارايدۇ. پەن ھەرقانداق تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەرنى ھەمدە ئۇنىڭ تەبىئەتكە كۆرسىتىدىغان رولىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، شۇنداقلا تەبىئەتتىن تاشقىرى سەۋەب ۋە كۈچلەردىن پايدىلىنىپ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشەندۈرۈشكە قارشى تۇرىدۇ. دىن بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە. دىن، ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەرگە ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە چوقۇنىدۇ. دىن ماددىي دۇنيانىڭ سىرتىدا تەبىئەتتىن تاشقىرى ئىلاھنىڭ بولىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى يارىتالىلىقى ۋە ئىدارە قىلىدىغانلىقىغا، دۇنيادىكى بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا





ئىشىنىدۇ، شۇڭا، دىن ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنىڭ مۇقەررەرلىكىنى، قانۇنىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

دىن بىلەن پەننىڭ بىلىش جەھەتتىكى مېتودولوگىيىسى بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. پەندە تەجرىبە، كۆزىتىش ئاساسىدا ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىلىدۇ، ئىلمىي تەجرىبە ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتى ئىگىلىنىدۇ. شۇڭا ئىلمىي ئۇسۇل، ماھىيەتتە، تەجرىبە بىلەن ئەقىل، ئىلمىي تەجرىبە بىلەن لوگىكىلىق يەكۈننىڭ ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلۈشىدۇر. بارلىق پەن بىلىملىرى تەجرىبە، كۆزىتىش ئاساسىغا قۇرۇلۇشى ھەمدە تەجرىبە ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق سىنىتىلىشى، ھەرقانداق ساختىلىققا قارشى تۇرۇشى كېرەك. دىندا ئېتىقاد قىلىنىدىغان تەبىئەتتىن تاشقىرى ئىلاھ ھەرگىز مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ ساختا ۋە خىيالىي نەرسە، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق كىشىنىڭ ھېسسىي تەجرىبە ياكى ئىلمىي تەجرىبە ئارقىلىق تەكشۈرۈپ چىقىشى ۋە ئىسپاتلاپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەلۋەتتە، تەجرىبە ئەمەلىيىتى ئاساسىدا ئەقىلگە مۇۋاپىق لوگىكىلىق ئىسپاتلاپ چىقىشقىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭا، دىن ئىلاھىيىتى ئۆزى ئېيتقان تەبىئەتتىن تاشقىرى ئىلاھنى كىشىلەردىن پەقەت تەجرىبىدىن، ئىدراكتىن تاشقىرى بېشارەت ياكى تىلسىماتچىلىقنىڭ بىۋاسىتە سېزىمگە تايىنىپ تونۇشنىلا تەلەپ قىلىدۇ.

دىن بىلەن پەننىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە بولغان تەسىرىمۇ تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. پەن ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ماھىيىتى ۋە ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىلىم سىستېمىسى بولغاچقا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىپ، ماددىي بايلىق يارىتىپ، يېڭىدىن ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلالايدۇ. دىن ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيا قاراش ۋە ئىدېئالىستىك ئىدىيە سىستېمىسى بولغانلىقتىن، تەبىئەتتىن تاشقىرى ئىلاھنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى يارىتالىلىقى ۋە ئىدارە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، شۇڭا ئۇ كىشىلەرنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ سەۋەبى ۋە قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشىگە توسالغۇلۇق قىلىدۇ، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ دۇنيانى توغرا تونۇشى، دۇنيانى ئۆزگەرتىشىگە يېتەكچىلىك قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىن ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتا توسالغۇلۇق رول ئوينايدۇ. ئىنسانىيەت

جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى، تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، پەننىڭ دىن ئۈستىدىن ئۈزلۈكسىز غالىب كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

دىن بىلەن پەننىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان رولى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. پەن — تارىختا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئىنقىلابىي كۈچ. پەن - تېخنىكىنىڭ زور تەرەققىياتى مۇقەررەر ھالدا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ غايەت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى مۇقەررەر ھالدا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دىن بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ روھنىڭ دۇنيانى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنى ئىدارە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى روھ ياكى خۇدانىڭ ئىرادىسىنىڭ گەۋدىلىنىشى، مۇقەددەس، چېقىلغىلى بولماس نەرسە، دەپ قارايدۇ. شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، ئالاھىدە تارىخىي شارائىت ئاستىدا، دىنىي ھەرىكەتلەر، جۈملىدىن دىنىي ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى ۋە دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئۆزگىچە خاس رول ئوينىغانىدى. لېكىن، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، دىنىنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئاساسەن پاسسىپ رول ئوينايدىغانلىقىنى، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى توغرا تونۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم جەمئىيەتنى ۋە تەرەققىياتنى ئىلاھ ئىدارە قىلىدۇ دەيدىغان دىنىي قاراشنى تۈگىتىش كېرەك.

## 64. دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ قانداق ئوخشىماسلىقى بار؟

دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ ھەر ئىككىلىسى خۇداگۇيلۇققا تەۋە بولۇپ، ئوخشاش تارىخىي مەنبەگە ئىگە، ھەر ئىككىلىسى تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ بۇرمىلانغان ۋە خىيالىي ئىنكاسى، ھەرئىككىلىسى تەبىئەتتىن تاشقىرى ئىلاھىيەتنىڭ كۈچىگە، يەنى جىن - ئەرۋاھ، خۇدا قاتارلىقلارغا ئىشىنىدۇ ۋە چوقۇنىدۇ. شۇڭا، ئىدىيە سىستېمىسىدىن ئېيتقاندا، ھەر ئىككىلىسى ئىدېئالىزملىق ئىدىيە سىستېمىسىغا تەۋە. لېكىن، دىن بىلەن





خۇراپاتلىقنىڭ يەنىلا ئوخشىمايدىغان جايلىرى بار بولۇپ، نۇرغۇن جەھەتلەردە روشەن پەرقلىنىدۇ.

دىن بىلەن خۇراپاتلىق گەرچە خۇداگۇيلۇققا تەۋە بولسىمۇ، لېكىن دىن بىر تۈرلۈك نەزەرىيىۋىلەشكەن خۇداگۇيلۇقتۇر. دىن خۇراپاتلىق بىلەن ئوخشاش بىر مەنبەدىن شەكىللەنگەندىن كېيىن، تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي مۇكەممەل، سىستېمىلىق نەزەرىيە بولۇپ شەكىللەنگەن، تۈرلۈك دىنلارنىڭ ئۆزىگە خاس دىنىي كىتاب، دىنىي ئەقىدە، شۇنىڭدەك دىنىي پەلسەپىلىرى بار، مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ بىر تۈرلۈك نەزەرىيىۋىلەشكەن، مۇپەسسەل خۇداگۇيلۇق. لېكىن، خۇراپاتلىق پەيدا بولغاندىن بۇيان، ئەزەلدىن نەزەرىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرمىگەن. باشتىن - ئاخىر چاكىنا، پەس، قوپال خۇداگۇيلۇقتىن ئىبارەت. دىن — بىر تۈرلۈك دۇنيا قاراش، بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئاڭ، گەرچە دۇنيانى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا بولغان بىر تۈرلۈك تونۇشىدىن ئىبارەت. دىن ھەمىشە ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن جەمئىيەت، ئادەم بىلەن ئىلاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈشكە ۋە ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى ھەم مۇشۇ ئاساستا خۇداگۇيلۇق دۇنيا قارىشىنى شەكىللەندۈردى، شۇڭا، ماركس بىلەن ئېنگېلس دىن ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇنى پەلسەپە، ئەدەبىيات، سەنئەت قاتارلىقلار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى مۇئەييەن ئىقتىسادىي ئاساس ئۈستىدە بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي ئاڭ دەپ قارىدى، خۇراپاتلىق دۇنيا قاراش ئەمەس، ئۇ پەقەت خۇداگۇيلۇقتىن پايدىلىنىپ ئالدامچىلىق بىلەن پۇل، مال - مۈلۈككە ئېرىشىدىغان، كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان قىلمىش.

دىن بىلەن خۇراپاتلىق تەشكىلىي شەكىل جەھەتتە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. دىن — ئېتىقادچىلاردىن تەركىب تاپقان ئىجتىمائىي گەۋدە بولۇپ، بىرقەدەر پۇختا تەشكىلىي ئاپپاراتقا، مەخسۇس دىنىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملارغا ئىگە. ئالايلى، خرىستىيان دىنىدىكى باستىر، باش روھانىي، بۇددا دىنىدىكى راھىب، لاما، داۋجياۋ دىنىدىكى شەيخ، ئىسلام دىنىدىكى ئاخۇنۇم، ۋەھاكازا. بۇ خادىملار ئېنىق دىنىي مەسئۇلىيەتكە ئىگە بولۇپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى تەشۋىق قىلىش، دىنىي

مۇراسىملارغا رىياسەتچىلىك قىلىش، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى روھىي جەھەتتىن يېتەكلەش، ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا باشلامچىلىق قىلىشتەك ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىقادچى ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نىسبەتەن مۇقىم بولىدۇ. خۇراپاتلىق بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ تەشكىلىمۇ، ئېتىقادچىسىمۇ بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي گەۋدە بولۇپ شەكىللىنەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بەزى كەسپىي خۇراپاتچىلارنىڭ ئالدامچىلىق قىلىش، پۇل قاقتى - سوقتى قىلىش، كىشىلەرگە زىيان سېلىشتىن باشقا ھېچقانداق مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى يوق.

دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ ھەرىكەت شەكلى ئوخشىمايدۇ. ھەر خىل دىنلار ئۇزاق مۇددەتتە شەكىللەنگەن، نىسپىي مۇقىم بولغان پائالىيەت شەكلى ۋە مەزمۇنغا ئىگە. مۇقىم بولغان دىنىي پائالىيەت سورۇنىغا ئىگە. دىنىي پائالىيەتلەر دىنىي مەنسەپتىكىلەرنىڭ باشچىلىقىدا، ئۆز دىنلىرىنىڭ دىنىي قائىدە، دىنىي ئەقىدىلىرى بويىچە پائالىيەت سورۇنلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، خرىستىئان دىنىدىكى مىنسا مۇراسىمى، ئىسلام دىنىدىكى ناماز ئوقۇش قاتارلىقلار. خۇراپاتلىق بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ مۇقىم سورۇنى يوق، قائىدە - يوسۇن، ئۆلچەم - قېلىپلىرى يوق، باخشى، داخان، پېرىخون دېگەندەك كەسپىي خۇراپاتچىلار پال ئېچىش، رەم سېلىش، مۇنەججىملىك قىلىش، قۇرئە بېقىشتەك ئۇسۇللار بىلەن ئالدامچىلىق قىلىدۇ.

دىن — بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت ھادىسىسى، دىن مەدەنىيىتى مەسىلەن، دىنىي قۇرۇلۇشلار، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، ئويمىچىلىق، ئۇسسۇل، مۇزىكا، ئەدەبىيات قاتارلىقلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. تۈرلۈك دىنلارنىڭ، بولۇپمۇ دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىننىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى، مەسىلەن، بۇددا دىنىدىكى «نوم»، خرىستىئان دىنىدىكى «ئىنجىل»، ئىسلام دىنىدىكى «قۇرئان كەرىم»، شۇنىڭدەك دۆلىتىمىزنىڭ داۋجىياۋ دىنىدىكى «تويىن كالاملىرى» قاتارلىقلاردا دىنىي ۋەز - نەسىھەتلەردىن باشقا، يەنە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاقى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەركىبلىرى بار. خۇراپاتلىق پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تاشلىۋېتىلگەن شاكاللىرىنى يىغىۋالغان، جەمئىيەت ۋە





كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە زىيان سالىدىغان زەھەر.

تارىختا، ئەمگەكچى خەلق نۇرغۇن قېتىم دىندىن پايدىلىنىپ ئېكسپىلاتاتسىيىگە، ئېزىشكە قارشى تۇرغان. ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، تەشكىللەپ، ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارغا قارشى كۈرەش قىلغان. مەسىلەن، مەشھۇر تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتى قاتارلىقلار. دىن تارىختا يەنە بەزى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ھېسسىياتىنى ساقلاپ قېلىشىدىمۇ رول ئوينىغان. خۇراپاتلىقتا بۇنداق ئىجابىي رول بولمايدۇ، تارىخىي مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە نەرسىلەردىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا پەقەتلا پاسسىپ رول ئوينايدۇ ۋە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىدئەت تەشكىلاتى «فالۇن گۇڭ» خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ، سەپسەتىلەرنى توقۇپ چىقىرىپ، جەمئىيەتكە، ئىنسانىيەتكە زىيانكەشلىك قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا ئىنتايىن يامان تەسىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## 65. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم مەزگىلىدىكى دىنىنىڭ «بەش ئالاھىدىلىكى» قايسى؟

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزدىكى دىنلارنىڭ ئەھۋالىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىن ئىبارەت تارىخىي شارائىتىدا، دىن ئاممىۋىلىق، مىللىيلىك، خەلقئارالىق، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۇرەككەپلىكتىن ئىبارەت بەش خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە.

*ئاممىۋىلىقى* دۆلىتىمىز كۆپ دىنلىق دۆلەت بولۇپ، ئاساسەن بۇددا دىنى، داۋجىياۋ دىنى، ئىسلام دىنى، كاتولىك دىنى، خرىستىئان دىنى قاتارلىقلار بار. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، دۆلىتىمىزدە تۈرلۈك دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار تەخمىنەن 100 مىليون كىشى ئىكەن. بۇ، دىننىڭ دۆلىتىمىزدە يەنىلا كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەزى ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەپ، دىنىنىڭ ئاممىۋىلىقى ئىگە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، دىنىي مەسىلىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۆزى، ئاممىغا توغرا مۇئامىلە قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

*مىللىيلىكى* دۆلىتىمىزدە ھەرقايسى ئاساسلىق دىنلارنىڭ تارقىلىشى روشەن مىللىيلىك تۈسكە ئىگە. 55 ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدە خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق 10 مىللەتتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ؛ زاڭزۇ، موڭغۇل، يۇگۇ، تۇزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرتىبەت ـ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ؛ دەيزۇ، بۇلاڭزۇ، دېئاڭ، ۋازۇ قاتارلىق مىللەتلەردىكى مۇتلەق كۆپ كىشى پالى تىلى سىستېمىسىدىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، يەنە بىرقىسىم ئازسانلىق مىللەتلەردىكى مۇتلەق كۆپ كىشىلەر خرىستىئان دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى ۋە باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدۇ. پۈتكۈل مىللەت مەلۇم بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ئىچىدە، دىن بۇ مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەدەنىيىتىنىڭ بىرقىسمى بولۇپ قالىغانلىقتىن، دىن مەسىلىسى ھامان مىللەتلەر مەسىلىسى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. شۇڭا، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

*خەلقئارالىقلىقى* دۆلىتىمىزدىكى ئاساسلىق دىنلار ئىچىدە، داۋجياۋ دىنىدىن باشقىلىرى چەتتىن كىرگەن. بۇ دىنلار بىلەن چەت ئەل دىنلىرى ئوتتۇرىسىدا تارىخىي سەۋەب ۋە مۇناسىۋەت بار، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى، دۆلىتىمىزنىڭ دىن جەھەتتىكى تاشقى دوستلۇق ۋە ئالاقىسىنىڭ كۆلىمى كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە دوستلۇقىمۇ ئۈزلۈكسىز كۈچەيمەكتە. دۆلىتىمىزدىكى دىنىنىڭ خەلقئارالىقلىق ئالاھىدىلىكى چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ بىزگە سىڭىپ كىرىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بىز بۇنىڭغا نىسبەتەن ھوشيار تۇرۇشىمىز كېرەك.

*ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى* يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ يوقىلىشىغا، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا تايىنىدىغان سىنىپىي مەنبەمۇ ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىدى.





لېكىن، دۆلىتىمىز تېخى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقتىن، دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا تايىنىدىغان تەبىئىي مەنبە، بىلىش نەزەرىيىسى مەنبەسى ۋە باشقا ئىجتىمائىي مەنبەلەر يەنىلا مەۋجۇت، شۇڭا، دىن يەنىلا ئۇزاق مۇددەتكىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە ئۆز قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. دىنىنىڭ يوقىلىشى دۆلەتنىڭ يوقىلىشىدىنمۇ ئۇزاق بولىدۇ.

*مۇرەككەپلىكى* دىن ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھادىسە، ئۇ ھەم بىر تۈرلۈك ئىدېئولوگىيە، ھەم دىنىي تەشكىلات ۋە دىن مۇرىتلىرى شەكىللەندۈرگەن بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي گەۋدە. دىن ھامان جەمئىيەتتە مۇرەككەپ مۇناسىۋەت پەيدا قىلىدۇ ۋە ئاممىۋى مۇناسىۋەتكە، مىللىي مۇناسىۋەتكە، خەلقئارالىق مۇناسىۋەتكە چېتىلىدۇ. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە دىنىي تۈزۈمنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزدىكى دىنىي زىددىيەتلەر ئاساسەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت بولۇپ قالدى، لېكىن سىنىپىي كۈرەش يەنىلا مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇت بولغاچقا، بەزىدە دىنىي مەسىلىدە ئەكس ئېتىۋاتىدۇ. شۇڭا، دىنىي مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندا ۋە ئۇنى ھەل قىلغاندا، چوقۇم خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش، چوقۇم «ئالاھىدە سالماق بولۇش»، «ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىش»، «ئەتراپلىق ئويلىشىش» پوزىتسىيىسىنى قوللىنىش كېرەك.

## 66. دىنىنىڭ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە نېمە رولى بار؟

دىنىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى ئاساسلىقى ئۇنىڭ ماھىيىتى بەلگىلەيدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى دىنلار ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، تۈزۈمدىكى زور ئۆزگىرىشكە ئۇيغۇنلىشىپ، ئۆزلىرىدىكى زور ئىسلاھات ئارقىلىق ئەھۋالدا تۈپ ئۆزگىرىش ياسىدى، دىن ئېكسپىلاتاتور سىنىپلار قوللىنىدىغان قورال بولۇشتىن قالدى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما دىنىنى ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان بولدى. لېكىن دىندا مەيلى قانداق زور ئۆزگىرىش بولسۇن، ئۇ بىر تۈرلۈك ئىدېئالىستىك دۇنيا قاراش، بىر تۈرلۈك ئىلاھىيەت

نەزەرىيىسى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدۇ، ئۇ يەنىلا ئوبيېكتىپ دۇنيانى بۇرمىلايدىغان، خىيالىي ئىنكاس. دىننىڭ بۇ خىل ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمەيدۇ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشىمۇ دىننىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئۆزگىرىپ كەتسە، دىن دىن بولماي قالىدۇ.

دىننىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىنىڭ ئاساسلىق تەرەپلەردە پاسسىپ بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. تارىختا، دىن ئىزچىل تۈردە ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئېزىشى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىنىڭ، ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدىشىنىڭ قورالى بولۇپ كەلدى. دۆلىتىمىزدە، ھەرقايسى دىنلار ئىلگىرى دۆلەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ كونترول قىلىشى ۋە پايدىلىنىشىغا ئۇچراپ، ئېغىر دەرىجىدە پاسسىپ رول ئوينىغانىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دىن گەرچە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ كونتروللۇقىدىن ۋە پايدىلىنىشىدىن مۇستەسنا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەرمىدى، شۇڭا ئۇ كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى تونۇش ۋە ئۆزگەرتىشىگە يېتەكچىلىك قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، كىشىلەرنىڭ ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى ۋە ئىگىلىشىگىمۇ پايدىسىز ئىدى. سىنىپىي كۈرەش يەنە مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، دىننىڭ يەنىلا يامان غەرەزدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش قورالىغا ئايلىنىپ قېلىش ئېھتىمالى بار.

دىن بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي، تارىخىي ھادىسە ۋە مەدەنىيەت ھادىسىسى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ. دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى دىنلار جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىشىشى ۋە راۋاجلىنىشى، گۈللىنىشى ئۈچۈن زور ۋە ئىجادىي تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنىدى. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت تارىخىي شارائىتىدا، دىننىڭ ئىجتىمائىي رولىدا ئۆزگىرىش بولدى ۋە بولۇۋاتىدۇ.





دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى بەلۋاغ ۋە كۆۋرۈك بولۇپ قالدى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىمۇ باشقا خەلق ئاممىسىغا ئوخشاشلا دۆلەتنىڭ خوجايىنى ۋە سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرىغا ئايلاندى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن دىنىي ئىدىيىدىمۇ پائال ئۆزگىرىش بولدى، بۇ ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن دىننى سۆيۈشنىڭ ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. دىنىي ساھەدىكى نۇرغۇن ۋەكىللەر ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشلەرگە قاتناشتى، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى كېڭىشىش ۋە تەدبىر بەلگىلەشلەرگە ئارىلاشتى. ھەرقايسى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي زاتلار تاشقى دوستانە ئالاقىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، دۆلىتىمىز بىلەن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش جەھەتتە كۈندىن ـ كۈنگە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. دېمەك، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە، ھەرقايسى دىنلار ئىچىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ئىجادىي ئامىللار ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇلۇۋاتىدۇ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولغان پاسسىپ ئامىللار داۋاملىق تۈگىتىلىۋاتىدۇ. دىننىڭ جەمئىيەتتىكى رولىدا پائال ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ.

## 67 . نېمە ئۈچۈن سوتسىيالىزم مەزگىلىدە دىن ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟

ماركسىزم: «دۇنيادا مەڭگۈلۈك شەيئىي يوق، پەيدا بولغانىكەن، يوقىلىدۇ» دەپ قارايدۇ. دىن ــ بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي، تارىخىي ھادىسە، ئۇ ئەزەلدىن بار نەرسە ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، دىنمۇ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، ئاخىرى يوقىلىشقا قاراپ ماڭىدۇ.

دىننىڭ يوقىلىشىدىكى زۆرۈر شەرت شۇكى، دىننىڭ پەيدا بولۇش ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا تايىنىدىغان تەبىئىي مەنبە، ئىجتىمائىي مەنبە ۋە بىلىش نەزەرىيىسى مەنبەسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگىتىش، كىشىلەرگە

ھۆكۈمرانلىق قىلىنىدىغان تەبىئەتتىكى يات كۈچلەر ۋە جەمئىيەتتىكى يات كۈچلەرنى يوقىتىش، كىشىلەر تامامەن ئاڭلىق ھالدا تەبىئەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزى ئىگىلىيەلەيدىغان بولۇش. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، سىنىپ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىپ، كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش؛ ئىككىنچىدىن، كىشىلەرنىڭ ئاڭ ۋە بىلىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ئەڭ تۈپ مەسىلە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش، ماددىي بايلىقنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە موللاشتۇرۇش؛ مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكىنى يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېكسپىلاتاتور سىنىپلار ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ يوقىتىلىشى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، دىنىنىڭ تايىنىدىغان سىنىپىي مەنبەسى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلدى، لېكىن باشقا ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مەنبەسى ھەمدە بىلىش نەزەرىيىسى مەنبەسى يەنىلا مەۋجۇت. بولۇپمۇ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، دۆلىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تېخى يۇقىرى ئەمەس، ماددىي جەھەتتىن تېخى دېگەندەك باي ئەمەس؛ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى تېخى دېگەندەك مۇكەممەللىشىپ كەتمىدى، جەمئىيەتتە يەنىلا تەقسىماتتىكى تەكشىسىزلىق ۋە چىرىكلىك ھادىسىلىرى مەۋجۇت؛ مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا تېخى دېگەندەك تەرەققىي قىلمىدى؛ كىشىلەر بەزى ئېغىر تەبىئىي ئاپەت ئېلىپ كەلگەن تۈرلۈك ئازابلاردىن تېخى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ؛ كونا جەمئىيەت قالدۇرۇپ كەتكەن كونا ئىدىيە، كونا ئادەتلەر قىسقا مۇددەت ئىچىدە تېخى ئۈزۈل - كېسىل تۈگەپ كەتمەيدۇ؛ سىنىپىي كۈرەش تېخى مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، ئىنتايىن ئازساندىكى دۈشمەن ئۇنسۇرلار يەنە دىندىن پايدىلىنىپ ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان سالىدىغان، ۋەتەنگە بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ؛ مۇرەككەپ خەلقئارالىق مۇھىت تۈپەيلىدىن، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن





كۈچلەرمۇ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشنى كۈچەيتىدۇ. قىسقىسى، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم مەزگىلىدە دىنىنىڭ يوقىلىشىدىكى ئوبيېكتىپ شارائىت تېخى ھازىرلانمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىنمۇ ساقلانغىلى بولمايدىغان ھالدا يەنە ئۇزاق مەزگىلگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

سوتسىيالىزم شارائىتىدا دىن مەسىلىلىرىنىڭ ئۇزاق مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا قارىتا، بىزدە يېتەرلىك سەگەك تونۇش بولۇشى كېرەك. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دىن ناھايىتى تېزلا يوقىلىدۇ دەيدىغان ئىدىيە رېئال ئەمەس، مەمۇرىي بۇيرۇققا ياكى باشقا زورلۇق ۋاسىتىسىگە تايانغاندا دىننى بىراقلا يوقاتقىلى بولىدۇ دەپ قارايدىغان ئىدىيە ماركسىزمنىڭ دىن مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرىگە تېخىمۇ خىلاپ بولۇپ، تامامەن خاتا ۋە ئىنتايىن زىيانلىق. ئەلۋەتتە، بۇ، سوتسىيالىزم مەزگىلىدە دىن يوقالمىغانلىقى ئۈچۈن دىن مەسىلىلىرىنى تاشلاپ قويۇش، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس، ئەكسىچە، دىن مەسىلىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى توغرا تونۇش بىزدىن دىن مەسىلىسىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، دىن خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەشنى، دىن مۇرىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئورتاق ھالدا زامانىۋىلاشقان، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 68. شىنجاڭ نېمە ئۈچۈن ئەزەلدىنلا كۆپ دىن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايون دېيىلىدۇ؟

شىنجاڭ شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەزەلدىنلا كۆپ دىن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر رايون. ئىسلام دىنى كىرىشتىن ئىلگىرىلا ئاتەشپەرەسلىك دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى، نېستورى دىنى، تويىن دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىنلار مەشھۇر يىپەك يولىنى بويلاپ ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا كىرىپ، بۇ يەردىكى يەرلىك ئىپتىدائىي دىن بىلەن بىرلىكتە جايلارغا تارقىلىپ، كۆپ دىن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا كۆپ دىن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش

ۋەزىيىتى داۋاملىق ساقلىنىپلا قالماستىن، خرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى قاتارلىق دىنلارمۇ كىرگەن. كۆپ دىن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مۇنداق ۋەزىيەت ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى.

سىرتتىن كەلگەن دىنلار كىرىشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلەر يەرلىك ئىپتىدائىي دىنغا ۋە ئىپتىدائىي دىندىن تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ھازىرمۇ ئىپتىدائىي دىن ۋە شامان دىنىنىڭ قالدۇق ئادەتلىرى ساقلىنىپ قالغان.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، قەدىمكى پېرسىيىدە بارلىققا كەلگەن شامان دىنى (ئادەتتە مەجۇسى دىنى دېيىلىدۇ) ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن تارتىپ سۈي، تاڭ دەۋرىگىچە بولغان مەزگىللەردە ئاتەشپەرەسلىك دىنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان، بولۇپمۇ تۇرپان رايونىغا كەڭ تارقالغان، ئەينى ۋاقىتتىكى قوچۇ ھاكىمىيىتى مەخسۇس ئاپپارات ۋە ئەمەلدار تەسىس قىلىپ ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەن.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردە ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن بۇددا دىنى كەشمىر ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن. ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇددا دىنى جايلاردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇشى نەتىجىسىدە تەرەققىي قىلىپ شىنجاڭدىكى ئاساسىي دىنغا ئايلانغان. بۇددا دىنى تازا روناق تاپقان مەزگىللەردە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا ساڭرامىلار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، راھىب ـ راھىبەلەر كۆپەيگەن، يەنە ئۇدۇن، سۇلى، كۇسەن قاتارلىق مەشھۇر بۇددا دىنى مەركەزلىرى شەكىللەنگەن.

مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى، جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدا كەڭ تارقالغان داۋجىياۋ (تەرىقەتچىلىك) دىنى خەنزۇلارنىڭ ئۆزلۈكسىز كېلىشىگە ئەگىشىپ شىنجاڭغا تارقالغان. ئەمما ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولمىغان، ئاساسلىقى خەنزۇلار بىرقەدەر مەركەزلەشكەن تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا كەڭ تارقالغان. بۇ دىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىلا ئاندىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان.

مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مانى دىنى پېرسىيىدىن





ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، تۇرپان مانى دىنىنىڭ مەركىزى بولغان، مانى دىنى شىنجاڭدا ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان.

مانى دىنى كىرىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، نېستورى دىنى (خرىستىيان دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزھىپى بولغان نېستورى مەزھىپى) مۇ شىنجاڭغا كىرگەن، ئەمما ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تارقىلىشى ئانچە كەڭ بولمىغان، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئاندىن زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نېستورى دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا ئەگىشىپ كېڭەيگەن.

9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى رايونلارغا كىرگەن. كېيىن قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە چاغاتاي خانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ ئالتە ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە زور كۈچ بىلەن تارقىتىشى نەتىجىسىدە، 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئىسلام دىنى بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق دىن بولۇپ قالغان.

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسلىق دىن بولۇپ قېلىشى شىنجاڭنىڭ كۆپ دىن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكىنى يوق، پەقەت بۇددا دىنىنىڭ ئاساسىي دىنلىق ئورنىنىلا ئىگىلىگەن، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئېتىقاد قىلىدىغان ئاساسلىق دىن بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئىلگىرى مۇشۇ مىللەتلەر ئېتىقاد قىلىدىغان ئاتەشپەرەسلىك دىنى، مانى دىنى، نېستورى دىنى شىنجاڭدا پەيدىنپەي يوقالغان، ئەمما بۇددا دىنى، داۋجىياۋ دىنى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ تىبەت ـ بۇددا دىنى (ئادەتتە لاما دىنى دېيىلىدۇ) مۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، ئىسلام دىنى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭدىكى ئىككى چوڭ دىن بولۇپ قالغان. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئىسلام دىنىنىڭ ئىسھاقىيە (ئاق تاغلىقلار) مەزھىپىنىڭ سەردارى ئاپئاق خوجا تىبەت ـ بۇددا دىنىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ دۈشمىنى بولغان قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ كۈچىنى يوقاتقان ھەمدە يەكەن خانلىقىنى گۇمران قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى تىبەت ـ بۇددا دىنى كۈچلىرىنىڭ زورىيىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. تەخمىنەن 18 ـ ئەسىردىن باشلاپ خرىستىيان دىنى (يېڭى دىن)

، كاتولىك دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا كىرگەن، بۇددا دىنى، داۋجياۋ دىنى ۋە شامان دىنىمۇ بىرقەدەر زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. بۇ دىنلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلىرى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تارقالغان، بەزى مۇسۇلمانلار ھەتتا ئۆز ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، خرىستىئان دىنى قاتارلىق باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغان.

تارىختا، شىنجاڭدىكى دىنلار ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما سىرتتىن كەلگەن دىنلار تارقالغاندىن بۇيان شەكىللەنگەن كۆپ دىن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى ئىزچىل ھالدا ساقلىنىپ كەلگەن. ھازىر شىنجاڭدا ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى (جۈملىدىن تىبەت بۇددا دىنى)، خرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى، داۋجياۋ دىنىدىن ئىبارەت ئالتە خىل دىن بار. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى مىللەتلەر ئىچىدە شامان دىنىنىڭمۇ بىرقەدەر زور تەسىرى بار.

## 69. بۇددا دىنى شىنجاڭدا قانداق گۈللەنگەن ۋە خارابلاشقان؟

بۇددا دىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىرگىچە قەدىمكى ھىندىستاندا پەيدا بولغان بىر خىل دىن. ئۇنىڭ ئىجادچىسى شىمالىي ھىندىستاندىكى كاپىلا (ھازىرقى نېپال چېگراسى ئىچىدە) نىڭ دۆلەت قوغدىغۇچى شاھزادىسى گائۇتاما سىددىخارتا، كېيىن بۇددا مۇرىتلىرى ھۆرمەتلەپ ئۇنى ساكيامۇنى دەپ ئاتىغان. بۇددا دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن بىرنەچچە ئەسىردە پەقەت ئۆز زېمىنىدىلا تارقالغان. كېيىن ھىندىستاننىڭ دۆلەت دىنى قىلىنىپ، ھىندىستانغا قوشنا بولغان دۆلەت ۋە رايونلارغا تارقىلىشقا باشلىغان.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردە، بۇددا دىنى كەشمىر ئارقىلىق ئالدى بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتى) گە كىرگەن. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق سۇلى ھازىرقى (قەشقەر ۋىلايىتى) گە كىرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇددا دىنى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ئىككى يولىنى بويلاپ چەرچەن، چارقىلىق، يەكەن، قاغىلىق، كۇچا، ئاقسۇ، قارا شەھەر قاتارلىق تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلار ۋە تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا





تارقالغان.

بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭغا تېز تارقىلىشىنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەنبەسى بار. بۇددا دىنى كىرىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، شىنجاڭ قۇللۇق ئىگىلىك تۈزۈمى تەرەققىي قىلىۋاتقان باسقۇچتا تۇرۇۋاتاتتى، ئۇ چاغدا تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان نەچچە ئون چوڭ ـ كىچىك قۇلدارلار ھاكىمىيىتى بار ئىدى. بۇ بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر ئارىسىدا بىر ـ بىرىنى يۇتۇۋېلىش مەقسىتىدىكى ئۇرۇشلار داۋاملىق بولۇپ تۇرغاچقا، ئىگىلىك خارابلىشىپ، خەلق تۇرمۇشى قىيىنلاشقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھون ئاقسۆڭەكلەر گورۇھىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن تالان ـ تاراج قىلىشى ئەمگەكچى خەلقنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھونلارنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىشى نەتىجىسىدە ھەر مىللەت خەلقى بىرقەدەر ئۇزاق ۋاقىت ئارام ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان، ئىجتىمائىي ئىگىلىك مۇئەييەن دەرىجىدە ئەسلىگە كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمگەكچى خەلقنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى تۈپتىن تۈگىمىگەن ۋە تۈگىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، بۇددا دىنى كىرگەندىن كېيىن، جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان كەڭ ئەمگەكچى خەلق رېئال قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشقا قۇربى يەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈمىدىنى بۇددا دىنىغا بولغان ئېتىقادقا باغلاشقا مەجبۇر بولغان. قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرمۇ بۇددا دىنىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى تۈگىتىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈمىدىدە بولغان. شۇڭا ئۇلارمۇ بۇددا دىنىغا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان ۋە ئۇنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان، شۇنىڭ بىلەن بۇددا دىنى جايلاردا تېز گۈللەنگەن. مىلادىيە 4 ـ ، 5 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە، بۇددا دىنى شىنجاڭدىكى ئاساسلىق دىنغا ئايلىنىپ، ئۆز تەرەققىياتىنىڭ گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن. بۇ چاغدا تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا ساڭرام (بۇددا ئىبادەتخانىلىرى)، سىتۇپىلەر (بۇددا مۇنارلىرى) كۆپلەپ قۇرۇلۇپ، راھىبلار كۆپەيگەن؛ ئۇدۇن، كۇسەن، سۇلى قاتارلىق بۇددا دىنى مەركەزلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن شەكىللەنگەن؛ بۇدداشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە نوم تەرجىمە قىلىش ئىنتايىن

ئەۋج ئالغان ھەمدە ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىپ، كۇماراجىۋا قاتارلىق نۇرغۇن مەشھۇر بۇددىزم ئۇستازلىرى ۋە نوم تەرجىمىشۇناسلىرى بارلىققا كەلگەن.

مىلادىيە 5 ــ ئەسىردىن 7 ــ ئەسىرگىچە، جورجانلار، تۈركلەر قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىشى ۋە ھەرقايسى بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر ــ بىرىنى يۇتۇۋېلىش ئۇرۇشىنىڭ كۆپلەپ يۈز بېرىشى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭ جەمئىيىتى ئۇزاققىچە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغان، ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ساڭرام، ستۇپىلەرنىڭ سېلىنىشى، مىڭئۆيلەرنىڭ قېزىلىشى، زور كۆلەملىك بۇددا پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپلەپ ئېلىپ بېرىلىشى، شۇنىڭدەك راھىبلار قوشۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىقتىسادىي سىقىلىشىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن. كىشىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش جەريانىدا، تۇرمۇشىنىمۇ ياخشىلىيالمىغان، مەنىۋى تەسەللىگىمۇ ئىگە بولالمىغان، شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ بۇددا دىنىغا بولغان قىزغىنلىقى يوقىلىپ، بۇددا دىنى شىنجاڭدا زاۋاللىققا يۈز تۇتقان.

ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ ئىسلامىيەت كۈچلىرىنىڭ قوراللىق زەربە بېرىشى نەتىجىسىدە بۇددا دىنى تېزلىكتە خارابلاشقان. 16 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسىي دىنلىق ئورنىنى ئەڭ ئاخىرى ئىسلام دىنى ئىگىلىگەن. بۇددا دىنى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن ئىچىدە شىنجاڭغا ھەممىدىن بۇرۇن كىرگەن، شۇنداقلا شىنجاڭدا تارقالغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان دىن. تارىختا، بۇددا دىنى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ــ سەنئەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شىنجاڭدىكى بۇددا دىنى ھەيكەلتىراشلىق، رەسىم سىزىش، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئىبادەتخانا ۋە تاش غار بىناكارلىقى سەنئىتى قاتارلىقلار جەھەتتە ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، بىزگە زور مىقداردىكى قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ ۋە دۇنيانىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت خەزىنىسىنى بېيىتتى.





## 70. ئۇيغۇرلار تارىختا قايسى دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان؟

ئۇيغۇرلار ئېلىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان 10 مىللەتنىڭ بىرى. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئومۇميۈزلۈك ئېتىقاد قىلىدىغان دىن بولغىنىغا ئەمدىلا بىرنەچچە يۈز يىل بولدى، بۇ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ھېسابلانمايدۇ. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى ئۇزاق يىللار جەريانىدا، نۇرغۇن قەدىمىي مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئۇلار ئىلگىرى ــ ئاخىر بولۇپ كۆپ دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىدىن بۇرۇن ئېتىقاد قىلغىنى شۇ مىللەت ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەزگىلىدە بارلىققا كەلتۈرگەن ئىپتىدائىي دىن ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار ئانىمىزمغا، روھ ــ ئەرۋاھلارغا ئىشىنەتتى، تەبىئەتكە چوقۇناتتى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان ئىپتىدائىي دىن تەدرىجىي ھالدا شامان دىنىغا تەرەققىي قىلغان. مەخسۇس دىنىي نەزىر ــ چىراغ پائالىيىتىگە مەسئۇل بولغان شامان ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي پائالىيىتىدە ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدىمۇ ئىپتىدائىي دىن ۋە شامان دىنىنىڭ قالدۇقلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، قۇياشقا، ئايغا، سۇغا، ئوتقا چوقۇنۇش، ساما ئۇسسۇلى ئويناش، پىرە ئويناتنىش، مازار ــ ماشايىخلارغا سېغىنىش قاتارلىقلار.

ئۇيغۇرلارنىڭ سىرتتىن كەلگەن دىنلاردىن ھەممىدىن بۇرۇن قوبۇل قىلغىنى ئاتەشپەرەسلىك دىنى (مەجۇسى دىنىمۇ دېيىلىدۇ). شىمالىي چۆللۈك (موڭغۇلىيە ئېگىزلىكى) ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇ چاغدا ئاتەشپەرەسلىك ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئىنتايىن ئەۋج ئالغان. ئۇيغۇرلار ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىن ئاللىقاچان ۋازكەچكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ بىر مۇھىم بايرىمى — نورۇز بايرىمى ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئەنئەنىۋى بايرىمى بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار ئاتەشپەرەسلىك دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە مانى دىنىنى قوبۇل قىلغان. مانى دىنى ھۆكۈمەت تەرەپىنىڭ قوللىشى ۋە يولغا قويۇشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، ناھايىتى تېزلا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت

دىنغا ئايلىنىپ، ئاساسلىقى ئاساسىي قاتلام ئامما مۇرت بولغان ئاتەشپەرەسلىك دىنى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان. 840 - يىلى غەربكە كۆچۈپ شىنجاڭغا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، ئۇيغۇرلار يەنىلا مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان. مانى دىنىغا ئىشىنىدىغان ئۇيغۇرلار تۇرپان رايونىدا كۆپلەپ مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنى ياسىغان، مانى دىنى تاش غارلىرىنى قازغان ھەمدە مانى دىنىغا دائىر تام رەسىملىرىنى سىزغان. ئۇيغۇرلار ئېتىقادىنى بۇددا دىنىغا ئىشىنىشكە ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، مانى دىنى ئاندىن تەدرىجىي خارابلاشقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن، ئەمما ئەڭ دەسلەپتە پەقەت ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدىكى ئازسانلىق كىشىلەرلا ئېتىقاد قىلغان. غەربكە كۆچۈپ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن، بۇددا دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان ھەمدە مانى دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلىدىغان ئاساسلىق دىن بولۇپ قالغان. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار جايلاردا بۇددا ساغراملىرىنى ياساپ، مىڭئۆيلەرنى قېزىپ، نومنى تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ بۇددا مەدەنىيىتىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇپ، بىزگە قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرغان.

ئۇيغۇرلار تارىختا يەنە نېستورى دىنىغىمۇ ئىشەنگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ ھەممىلا يېرىدە نېستورى دىنى چېركاۋلىرى قۇرۇلغان، نېستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان، ھەتتا شۇ چاغدا شىنجاڭغا كەلگەن غەربلىك ساياھەتچى رۇبرۇك قاتارلىقلارمۇ ئۇيغۇرلارنى نېستورى دىنىنىڭ مۇرىتلىرى ئىكەن دەپ قارىغان. ئۇيغۇرلار ئىچىدىن يەنە راببان سائۇما بىلەن ماركوستىن ئىبارەت ئىككى نەپەر داڭلىق نېستورى مۇرىتلىرى بارلىققا كەلگەن.

16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلىدىغان ئاساسلىق دىنغا ئايلانغاندىن كېيىن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دىنلار ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن پەيدىنپەي يوقالغان. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتى ئىچىدە ھازىرمۇ بۇ دىنلارنىڭ ئىزنالىرى بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.





## 71. ئىسلام دىنى قانداق پەيدا بولغان ۋە تارقالغان؟

ئىسلام دىنى 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇھەممەد تەرىپىدىن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىجاد قىلىنغان. ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ پارچىلىنىش باسقۇچىدا تۇرغان بولۇپ، نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ بۆلۈنۈشى ناھايىتى ئېغىر ئىدى، ئازساندىكى قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر زور مىقداردىكى يەر، ئوتلاق، چارۋا، سودا كارۋىنى ۋە قۇللارنى ئىگىلىۋالغان ھەمدە يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز پۇل تارقىتىش ئارقىلىق قەبىلە ئەزالىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانىدى؛ كەڭ قەبىلە ئەزالىرى بولسا كۈندىن - كۈنگە نامراتلاشقان بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ياكى قەرزگە بوغۇلۇپ قۇلغا ئايلانغان، ياكى ئائىلىسى ۋەيران بولۇپ ئۆزلىرى ھالاك بولغان، سىنىپىي زىددىيەت ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەت ئىنتايىن ئۆتكۈرلەشكەن، جەمئىيەت بىخەتەر بولالمىغان. بۇ چاغدا ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن رىم ئىمپېرىيىسى يەمەننى تالىشىش ۋە يەمەندىن ئىككى دەريا ساھىلىغا بارىدىغان سودا يولىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش ئېلىپ بارغان. يىلمۇيىل ئۈزۈلمەي ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار باي - ئاۋات يەمەننى بىر پارچە خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىپلا قالماستىن، ئەرەب ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى بولغان سودا يوللىرىنىمۇ تاشلىۋېتىشكە مەجبۇر قىلىپ، سودا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كىرىمىنى ئازايتىۋەتكەن، زور تۈركۈمدىكى ئوتتۇرا، ئۇششاق سودىگەرلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. كەڭ ئاساسىي قاتلام ئامما، بولۇپمۇ سودا كارۋىنى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان تۆگىچىلەر، مۇھاپىزەتچىلەر ۋە ھامماللار تۇرمۇش مەنبەسىدىن مەھرۇم بولغان، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىجتىمائىي زىددىيەت تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشكەن.

كرىزىس قاپلاپ كەتكەن ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى سىنىپ ۋە تەبىقىلەرنىڭ ھەممىسى كرىزىستىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا يېرىم ئارالغا تارقالغان ئىپتىدائىي دىن سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كېلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن، قۇللۇق تۈزۈمدىكى ئىقتىسادىي بازىسقا ۋە سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كېلىش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر

ئىلاھىي دىن — ئىسلام دىنى مۇشۇنداق شارائىتتا بارلىققا كەلگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىجادچىسى مۇھەممەد مەككىنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىدىكى بىر زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇ ئۆسمۈر چېغىدىلا ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۆسمۈر پادىچى بولغان، 12 ياشقا كىرگەندە تاغىسىغا ئەگىشىپ سودىگەرچىلىك قىلغان، كېيىن يەنە سودا كارۋىنىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولغان. ئۇزاق مۇددەتلىك سودا - ساياھەت تۇرمۇشى جەريانىدا، ئۇ يېرىم ئارالنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى چۈشەنگەن، ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان دىنلار ۋە ئەينى ۋاقىتتا گۈللىنىۋاتقان «ھەنىنى» (بىر خۇدالىق ھەرىكەت) بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى دىن ئىجاد قىلىش پائالىيىتىگە ئاساس سالغان. مۇھەممەد 25 ياشقا كىرگەندە، مەككىدىكى باي ئايال خەدىچە بىلەن توي قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن سىرتقا چىقىپ سودىگەرچىلىك قىلمىغان، بەلكى مەخسۇس يېڭى دىن ئىجاد قىلىش ئۈستىدە ئويلانغان. مۇھەممەد ئۇزاق مۇددەت پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، ئاخىرى مىلادىيە 610 - يىلى يېڭى دىن ئىجاد قىلغان. ئۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان دىنىنى «ئىسلام»، يەنى «ئىتائەتمەنلىك»، «تىنچلىق» دەپ ئاتىغان. قۇرەيش قەبىلىسى ئىلگىرى ئېتىقاد قىلغان كۆپ خۇدالىق دىنلار ئىچىدىكى ئاساسلىق ئىلاھ بولغان «ئاللا» نى ئىسلام دىنىنىڭ بىردىنبىر ئىلاھى قىلغان، ئۆزىنى ئاللا كىشىلەر ئارىسىغا ئاللانىڭ ئىرادىسىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەڭ ئاخىرقى ئەلچى دەپ ئاتىغان. ئىسلام دىنىنى ئىجاد قىلىش ۋە تارقىتىش جەريانىدا، مۇھەممەد يېڭى دىنىي ئەقىدىلەرنى تەرغىب قىلغانلىقى سىرتىدا، يەنە يېرىم ئارالنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاساسىي قاتلامدىكى خەلقلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىريۈرۈش ئىجتىمائىي تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاساسىي قاتلام خەلقلىرىنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئەمما ئۇنىڭ تەشەببۇسى مەككىدىكى ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەچكە زىيانكەشلىككىمۇ ئۇچرىغان. شۇڭا 622 - يىلى مۇھەممەد ئۆزىنىڭ ئۈممەتلىرىنى باشلاپ مەدىنىگە كۆچكەن (ھىجرەت قىلغان).

بۇ قېتىمقى مەشھۇر ھىجرەت ئىسلام دىنى دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بولۇپلا قالماستىن، ئىسلام دىنى تەرەققىيات تارىخىنىڭ بىر بۇرۇلۇش





نۇقتىسى بولۇپ قالغان. مۇھەممەد مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن، تارىختىكى تۇنجى ئىسلام ھاكىمىيىتى — ئۇدىيانا بەگلىكى (مۇسۇلمانلار كوممۇنىسىمۇ دېيىلىدۇ) نى قۇرغان، ئۆزى بۇ ھاكىمىيەت — دىن بىرلەشمىسىنىڭ داھىيسى بولغان. مەدىنىدىكى مەزگىلدە مۇھەممەدنىڭ دىن تارقىتىش مەزمۇنى ئىلگىرىكى ئاساسلىقى ئەقىدە تەشۋىق قىلىشتىن نۇقتىلىق ھالدا ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەسىدىكى ئىسلاھات ۋە ئىجتىمائىي تەشەببۇسلارنى تەشۋىق قىلىشقا بۇرالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇھەممەد شۇ يەردىكى يەھۇدىيلار قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مەككە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھەربىي ھۇجۇمىغا بىرلىكتە قارشى تۇرغان. 630 - يىلى مۇھەممەد ئىسلام قوراللىق كۈچلىرىنى باشلاپ، مەككىگە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، مەككە ئاقسۆڭەكلىرىنى تەھقىرلىق سۈلھىسىگە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر قىلغان. ئىككى يىلدىن كېيىن، مۇھەممەد مەدىنىدە ۋاپات بولغان، بۇ چاغدا ئەرەب يېرىم ئارىلى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىپ بولغان.

مۇھەممەدنىڭ ئىز باسارلىرى يېرىم ئارالدىكى ئىجتىمائىي كرىزىستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇ ۋاپات بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا «غازات» بايرىقى ئاستىدا، سىرتقا قارىتا ھەربىي بويسۇندۇرۇشنى باشلىغان. ئىقتىسادىي مەنپەئەت ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدىكى ئەرەب قىسىملىرى تېزلىكتىلا ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنىڭ نۇرغۇن زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالغان، ئىسلام دىنى مۇشۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ بويسۇندۇرۇلغان رايونلارغا تارقىلىپ، دۇنياۋى خاراكتېرلىك دىنغا ئايلانغان.

**72. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسى ۋە دەستۇرى نېمە؟**

ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسى كەڭ بولۇپ، روھ، ماددا، مەدەنىيەت، سىياسىي، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئاساسىي، يادرولۇق ئەقىدىسى: «بىر ئاللادىن باشقا مەبۇد يوق؛ مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسى» دېگەندىن ئىبارەت. مۇشۇ ئاساستا، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسى، يەنى ئالتە چوڭ ئېتىقادى شەكىللەنگەن: (1) *ئاللاغا ئىشىنىش* — ئاللا (شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار پارس

تىلى بويىچە «خۇدا» دەيدۇ) نىڭ ئاللاھنىڭ بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئۇنىڭ بىردىنبىر ئىدارە قىلغۇچىسى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ھەممىگە قادىر، ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ شەپقەتلىك، كۆزگە كۆرۈنمەس، شەكىلسىز، ھەممە جاي ۋە ھەممە يەردە بار ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ تۇغمايدىغانلىقى ۋە تۇغۇلمىغانلىقىغا، ئۇنىڭ باشتىن ـ ئاخىر مەڭگۈ مەۋجۇتلۇقىغا، تەڭداشسىزلىقىغا ئىشىنىش.

(2) *پەرىشتە (مالائىكە دەپمۇ ئاتىلىدۇ) گە ئىشىنىش* پەرىشتىلەرنىڭ ئاللا نۇردىن ياراتقان جىرايلىق تەن ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئەرمۇ، ئايالمۇ ئەمەسلىكىگە، ئوزۇقلانمايدىغانلىقى، نىكاھلانمايدىغانلىقىغا، پاك، مەڭگۈ ھايات ئىكەنلىكىگە، ئۇلارنىڭ ئەرشتىمۇ، كىشىلەر ئارىسىدىمۇ بارلىقىغا، ئەمما ئۇلارنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ ئاللانىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى، ئاللانىڭ ئىرادىسىنى يەتكۈزىدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى خاتىرىلەپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش. ئاساسلىق پەرىشتە تۆت بولۇپ، «تۆت چوڭ پەرىشتە» دېيىلىدۇ.

(3) *پەيغەمبەرگە ئىشىنىش* پەيغەمبەرنىڭ ئاللا ئالاھىدە تاللىغان، كىشىلەر ئارىسىغا «ئاللانىڭ يولى» نى تەشۋىق قىلىش، كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش، خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش، ئاللانىڭ بۇيرۇقى ۋە ئىرادىسىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش. ئاللا كىشىلەر ئارىسىغا نۇرغۇن پەيغەمبەر ئەۋەتكەن، ئەمما مۇھەممەد بولسا ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر.

(4) *دەستۇرغا ئىشىنىش* «قۇرئان كەرىم» ئاللانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ مۇھەممەدكە ئەرەب تىلىدا «نازىل» بولغانلىقىغا ئىشىنىش. ئاللا كىشىلەرگە نۇرغۇن دەستۇرلارنى «نازىل» قىلغان، قۇرئان كەرىم بولسا ئەڭ ئاخىرقى دەستۇردۇر.

(5) *باقى دۇنياغا ئىشىنىش* كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پانى دۇنيا ۋە باقى دۇنيادىن ئىبارەت ئىككى دۇنيانى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقى، پانى دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكى، ھامان يەكسان بولىدىغانلىقىغا، باقى دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىگە، پانى دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ قىيامەت قايىم بولغاندا «قايتىدىن تىرىلىپ»، ئاللانىڭ سوئال ـ سورىقى ۋە ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا، ياخشى ئىش قىلغانلارنىڭ جەننەتكە





كىرىپ، يامان ئىش قىلغانلارنىڭ دوزاخقا چۈشىدىغانلىقىغا ئىشىنىش.

(6) *تەقدىرگە ئىشىنىش* دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ، جۈملىدىن ئاسمان، زېمىن، مەخلۇقاتلارنىڭ، كىشىلەرنىڭ باي ـ كەمبەغەللىكىنىڭ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، بالايىئاپەت ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ، ھايات ـ ماماتنىڭ ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە بەلگىلىنىدىغانلىقىغا، ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشىنىش.

ئىسلام دىنىنىڭ دەستۇرى ئاساسلىقى «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس» تۇر. «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى «ئۇنلۈك ئوقۇش»، «دەرسلىك». ئىسلام دىنى «قۇرئان كەرىم» ئاللاتائالا چوڭ پەرىشتە جىبرىئىل ئارقىلىق سۆز، جۈملىلەر بويىچە ئەرەب تىلىدا مۇھەممەدكە «ئەۋەتكەن ۋەھيي» دەپ قارايدۇ، شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۇنى «ۋەھيي كىتاب» دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەدنىڭ 23 يىللىق دىن تارقىتىش پائالىيىتى جەريانىدا ئاللانىڭ نامىدا ئېلان قىلغان تۈرلۈك سۆز ـ ئىبارىلىرى ۋە تەشەببۇسلىرىدۇر. مۇھەممەد ھايات ۋاقتىدا، «قۇرئان كەرىم» پەقەت مۇھەممەدنىڭ مۇرىتلىرى قولىدا ساقلىنىپ قالغان پارچە ـ پۇرات خاتىرىلەر ئىدى. كېيىن ئۈنجى خەلىپە (مۇھەممەدنىڭ ئىز باسارى) ئەبۇ بەكرى ئادەم تەشكىللەپ رەتلىگەن ۋە ساقلىغان. ئۈچىنچى خەلىپە ئوسماننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئاندىن توپلاپ كىتاب قىلىنىپ ھازىرغىچە تارقالغان.

«قۇرئان كەرىم» جەمئىي 30 پارە، 114 سۈرە، 6236 ئايەت بولۇپ، مەككىدە نازىل بولغان سۈرە بىلەن مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى سۈرىلەرنىڭ «نازىل» بولغان ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكى بويىچە ئەمەس، ئاساسىي جەھەتتىن ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇلغان. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئېتىقادى ۋە رۇكىنلىرى؛ مۇھەممەدنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيىتى؛ ئەرەب يېرىم ئارىلى جەمئىيىتىگە قارىتىلغان تۈرلۈك تەشەببۇس ۋە ئېتىكا ئۆلچىمى؛ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن مۇسۇلمانلار كوممۇنىسى ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان دىنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ھەربىي ئىشلار ۋە قانۇن ـ تۈزۈم؛ كۆپ خۇدالىق دىن مۇرىتلىرى، يەھۇدىي دىنى

مۇرىتلىرى ۋە خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرى ئىبلىس ئېلىپ بېرىلغان بەس - مۇنازىرە خاتىرىسى؛ دىن تارقىتىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تارقىلىپ يۈرگەن يەھۇدىي دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە ئەرەبلەر ئارىسىدىكى بەزى ھېكايە، رىۋايەت ۋە ئەقلىيە سۆز قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن چىقىرىش ئاساسى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئۆلچىمى بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن مۇتلەق نوپۇزغا ئىگە. «قۇرئان كەرىم» قەدىمكى ئەرەبلەرنىڭ تارىخى، سىياسىيسى، مەدەنىيىتى، ئىقتىسادى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم رولغا ئىگە.

«ھەدىس» ئىسلام دىنىنىڭ «قۇرئان كەرىم» دىنلا كېيىن تۇرىدىغان دەستۇرى. «ھەدىس» نىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى «خەۋەر يەتكۈزۈش»، «بايان قىلىش» دېگەنلىكتۇر، كېيىن مەخسۇس مۇھەممەدنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى بايان قىلىشقا قارىتىلغان، يەنى «مۇھەممەدنىڭ سۆز - ھەرىكەت كاتالوگى» بولغان. مۇھەممەد ئىسلام دىنىنى ئىجاد قىلىش جەريانىدا، ئاللانىڭ نامىدا ئېلان قىلغان «بېشارەت» نىڭ سىرتىدا، يەنە «بېشارەت» خاراكتېرىدە بولمىغان بەزى سۆز - ئىبارىلەرنى قىلغان، بۇ سۆز - ئىبارىلەر، ئۇنىڭ ھەرىكىتى، يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە ئۇ ئېتىراپ قىلغان مۇسۇلمان مۇرىتلارنىڭ سۆز - ئىبارىلىرى ئۇنىڭ مۇرىتلىرى تەرىپىدىن بايان قىلىنغان. بۇ بايانلار كېيىن توپلىنىپ نۇرغۇن ھەدىس توپلىمى قىلىنغان. ئىسلام دىنىنىڭ ھەرقايسى مەزھەپلىرى ئۆز مەزھىپىگە دائىر ھەدىس توپلاملىرىنى تۈزگەن. «ھەدىس» «قۇرئان كەرىم» نىڭ تولۇقلىمىسى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن چىقىرىش ئاساسى.

## 73. مۇسۇلمانلارنىڭ قانداق دىنىي مەجبۇرىيەتلىرى بار؟

مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتى (دىنىي رۇكنىمۇ دېيىلىدۇ) ھەربىر مۇسۇلمان ئۆز ئېتىقادىنىڭ سىرتىدا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان، ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدىغان ئاساسىي ئىبادەت بولۇپ، بۇ جەمئىي بەش تۈرلۈك، ئۇ قىسقارتىلىپ «بەش پەرھىز» دېيىلىدۇ، ئۇ ئىمان ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىشتىن ئىبارەت.





(1) *ئىمان ئېيتىش* ئاساسلىقى «كەلىمە شائادەت» ۋە ئاللانى مەدھىيىلەيدىغان ئايەتلەرنى ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىمان ئېيتىشتا ئەڭ كۆپ ئوقۇلىدىغىنى: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» (يەنى بىر ئاللادىن باشقا ھېچ خۇدا يوقتۇر، مۇھەممەد بولسا ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر). بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆز ھاياتىدىكى تۈرلۈك مۇھىم دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا شۇنى ئوقۇيدۇ. مۇسۇلمانلار «كەلىمە شائادەت» نى ئوقۇش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئىسلامىيەتكە بولغان ئېتىقادىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە مۇستەھكەملەيدۇ.

(2) *ناماز ئوقۇش* مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزىنى مەككىدىكى كەئبەگە (قىبلىگە) توغرىلاپ تۇرۇپ تىلاۋەت قىلىش، دۇئا قىلىش، سەجدە قىلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش دىنىي رەسمىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ناماز ئاساسلىقى بەشۋاخ ناماز، جۈمە نامىزى ۋە ھېيت نامىزىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. بەشۋاخ ناماز دېگەندە، ھەر كۈنى ئوخشاش بولمىغان بەش ۋاقىتتا ئوقۇلىدىغان ناماز كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇنى ئۆيدە ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. جۈمە نامىزى دېگەندە، ھەر ھەپتىنىڭ بەشىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان كوللېكتىپ ناماز كۆزدە تۇتۇلىدۇ، چۈنكى جۈمە نامىزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتكە يىغىلىپ ئوقۇشى تەلەپ قىلىنىدىغان بولغاچقا، «جەم بولۇش نامىزى» مۇ دېيىلىدۇ. ھېيت نامىزى قۇربان ھېيت، روزا ھېيتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دىنىي بايرام كۈنى ئوقۇلىدىغان ناماز.

(3) *روزا تۇتۇش* ئىسلام دىنىدا ئىسلام كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 9 - ئايدا (رامىزاندا) بالاغەتكە يەتكەن ئەر - ئايال مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ئاي روزا تۇتۇشى بەلگىلەنگەن. روزا ئېيى مەزگىلىدە ھەر كۈنى تاڭ يورىغاندىن تارتىپ كۈن ئولتۇرغىچە بولغان بۇ مەزگىلدە مۇسۇلمانلارنىڭ يېيىش - ئىچىشى، ئايالى بىلەن بىر ئورۇندا بولۇشى، ھەرقانداق بەدىنىيەتتە بولۇشى مەنئى قىلىنىدۇ. كېسەللەر، سەپەر ئۈستىدىكىلەر، ئېغىر ئاياغ ئاياللار، بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار ۋاقىتىنچە روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ، ئەمما كېيىن تولۇقلاپ تۇتۇشى كېرەك.

(4) *زاكات بېرىش* بۇنىڭ مەنىسى «پاكلاش» دېگەنلىكتۇر، يەنى مۇسۇلمانلار زاكات بېرىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى تېخىمۇ پاكلاشتۇرىدۇ. ئۇ ئەسلىدە بىر خىل ئىختىيارىي سەدىقە قىلىدىغان

خەير ـ ساخاۋەت ھەرىكىتى ئىدى، كېيىن ئۇ دىنىي سېلىق ۋە دىنىي مەجبۇرىيەتكە ئۆزگىرىپ، بىر خىل ئىقتىسادىي تۈزۈم بولۇپ قالغان. ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر يىلى مال ـ مۈلكىنى بىر قېتىم ئېنىقلاپ چىقىشى، نورمال چىقىم قىلىنىدىغان مال ـ مۈلۈكلەردىن ئاشقانلىرىدىن، جۈملىدىن تۇراقلىق ۋە تۇراقسىز مۈلۈكلەردىن بەلگىلەنگەن نىسبەت بويىچە سېلىق تاپشۇرىدىغانلىقى، تاۋار ۋە نەق پۇلدىن $\frac{1}{40}$ نى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن $\frac{1}{20}$ ~ $\frac{1}{10}$ نى تاپشۇرىدىغانلىقى، چارۋا ۋە قېزىلما بايلىقلاردىمۇ ئوخشاش بولمىغان نىسبەتتە باج تاپشۇرىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. ئازادلىقتىن كېيىن، ئېلىمىزدىكى دىنىي ئىسلاھاتتا، زاكات دىنىي فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى سۈپىتىدە بىكار قىلىندى.

(5) *ھەج قىلىش* بۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىكى كەئبىنى تاۋاپ قىلىدىغان بىر قاتار دىنىي قائىدە ـ يوسۇن پائالىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئۇنىڭ ئاساسىي قائىدىسى مۇنداق بولىدۇ: بەلگىلەنگەن جايدا ئېھرام باغلايدۇ، كەئبىنى دەۋرىي قىلىدۇ، ئەراپات تېغىدا قونىدۇ، ساپا تېغى بىلەن مەرۋە تېغى ئارىسىدا يۈگرەيدۇ، شەيتانغا تاش ئاتىدۇ، قۇربانلىق قىلىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئومۇمەن تېنى ساغلام، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىقتىسادىي شارائىتى يار بېرىدىغان بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ يول ئەمىن بولغان، خەۋپ ـ خەتەر بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۆمرىدە بىر قېتىم مەككىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىشى بەلگىلەنگەن. ھەج قىلغۇچىلار چوقۇم ئۆزى يېتەرلىك خىراجەت تەييارلىشى لازىم؛ باشقىلاردىن قەرز ئېلىشقا، تىلەمچىلىك قىلىشقا، كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىشىغا بولمايدۇ، شۇنداقلا ئائىلىسىدىكىلەرگە بىرىيىل يەتكىدەك تۇرمۇش خىراجىتى قالدۇرۇپ قويۇشى كېرەك. تۈرلۈك شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسى ۋە شەخسلەرنىڭ ھەج قىلىشقا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، سەئۇدىيغا بېرىپ ھەج قىلىدىغانلارنىڭ نىسبىتى ناھايىتى ئاز بولىدۇ، پۈتۈن دۇنيادا تەخمىنەن 1 مىليارد مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئەمما ھەر يىلى ھەج قىلىدىغانلار ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ بىرنەچچە مىليوندىن ئاشمايدۇ، ئۇلار مۇسۇلمانلار ئومۇمىي سانىنىڭ ئارانلا مىڭدىن بىرنەچچىسىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەج





قىلىشقا بارمىسىمۇ مۇسۇلمان بولۇشقا تەسىر يەتمەيدۇ.

## 74. ئىسلام دىنىدا ئاساسلىقى قايسى مەزھەپلەر بار؟

ئىسلام دىنىدا مەزھەپ ناھايىتى كۆپ، ئەمما ئاساسلىقى: سۈننىي، شىئە ۋە سۈپىزمدىن ئىبارەت.

مۇھەممەد ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەنپەئەتدار گۇرۇھلار خەلىپە (مۇھەممەدنىڭ ئىز باسارى) مەسىلىسى ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش ئېلىپ بارغان. مۇھەممەدنىڭ نەۋرە ئىنىسى، كۈيئوغلى ئەلىنىڭ بەزى ئەگەشكۈچىلىرى پەقەت ئەلىلا خەلىپە بولۇشقا ئەڭ لايىق دەپ قارىغان. ئەمما كەسكىن تالاش ـ تارتىشلار ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرىدا مۇھەممەدنىڭ قېيىناتىسى ئەبۇ بەكرى خەلىپە بولغان. ئۈچىنچى نۆۋەتلىك خەلىپە ئوسمان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئەلى خەلىپە بولغان. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەلىنىڭ بەزى ئەگەشكۈچىلىرى ئەلىنىڭ سۈرىيىدىكى دەمەشقنىڭ ۋالىيسى ماغاۋىيە بىلەن مۇرەسسە قىلغانلىقىغا نارازى بولۇپ، بىر ـ بىرلەپ ئەلى لاگېرىدىن چىقىپ كەتكەن، بۇلار كېيىن ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى ئىسلام دىنى مەزھىپى — خاۋارىجلار (مەنىسى: «چىقىپ كەتكۈچىلەر») نى شەكىللەندۈرگەن. ئەلىگە داۋاملىق ئەگەشكۈچىلەر بولسا كېيىن شىئە مەزھىپى بولۇپ شەكىللەنگەن.

شىئە مەزھىپى ئىسلام دىنىدىكى سۈننىي مەزھىپى بىلەن قارىمۇ قارشى بولغان ئاساسلىق مەزھەپ، «شىئە» ئەرەب تىلىدا «ئەگەشكۈچىلەر»، «گۇرۇھداش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىسلام دىنىدا مەخسۇس ئەلىنى ھىمايە قىلغۇچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شىئە مەزھىپى ئەسلىدە ئەلىگە ئەگەشكۈچىلەردىن تەركىب تاپقان سىياسىي گۇرۇھ بولۇپ، كېيىن پەيدىنپەي دىنىي مەزھەپكە ئۆزگەرگەن. بۇ مەزھەپتىكىلەر پەقەت ھاشىم جەمەتىدىن كېلىپ چىققان ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىلا مۇھەممەدنىڭ قانۇنىي ئىز باسارى بولالايدۇ، دەپ قارايدۇ؛ ئەلىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ، ئۇنى دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن سەردار، يەنى ئىمام دەپ ئاتايدۇ، ئۇلارنى ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، ئۇلار ھەرگىز خاتالىق ئۆتكۈزمەيدۇ دەپ قارايدۇ ھەمدە ئاخىرقى زامانىنىڭ ئىمامى ھازىر غايىب، كەلگۈسىدە ئالەم نىجادكارى (مەھدىي) سالاھىيىتى

بىلەن ئاشكارا بولىدۇ دەيدۇ؛ «قۇرئان كەرىم» نىڭ «يوشۇرۇن مەنىسى» نى تەكىتلەيدۇ؛ تەقىيە (مۇرتلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا ئېتىقادىنى يوشۇرۇشقا بولۇش) پرىنسىپىنى قوللىنىشقا رۇخسەت قىلىدۇ، ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشقا رۇخسەت قىلىدۇ؛ ئۆز مەزھىپىگە دائىر ھەدىسلەر توپلىمىنى تۈزىدۇ؛ ئۆز مەزھىپىنىڭ مۇھىم بايرىمى — ئاشۇرا بايرىمىغا كۆڭۈل بولىدۇ؛ ئەۋلىيالارغا ۋە ئەۋلىيالار قەبرىسىگە چوقۇنىدۇ. ئىمامغا ۋارىسلىق قىلىش نەسەبى، ئىمامنىڭ سانى ۋە كىمنىڭ ئاخىرقى زامان ئىمامى ئىكەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىختىلاپ بولغانلىقتىن، ئۇلار زەيدىيە، يەتتە ئىمام (ئىسمائىلىيە) ۋە 12 ئىمام قاتارلىق تارماق مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. شىنجاڭدىكى تاجىكلار يەتتە ئىمام مەزھىپىگە، ئازساندىكى ئۇيغۇرلار 12 ئىمام مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ.

سۈننىي مەزھىپى، تولۇق نامى «سەۋرىچانلار ۋە كۆپ سانلىقلار مەزھىپى»، ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئىخلاسمەنلەر» دەيدۇ، ئۇ ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ چوڭ، تارقىلىشى ئەڭ كەڭ بولغان بىر مەزھەپ بولۇپ، دۇنيادىكى سۈننىي مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان مۇرتلار تەخمىنەن مۇسۇلمانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 80% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا خەلىپە مەسىلىسىدە ئىختىلاپ كۆرۈلگەندىن كېيىن، پەيدىنپەي شەكىللەنگەن، شىئە مەزھىپىگە قارىمۇ قارشى بولغان بىر دىنىي مەزھەپ. بۇ مەزھەپ ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلىلەر (ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تۆت چوڭ ئىخلاسمەن خەلىپە» دېيىلىدۇ) نى مۇھەممەدنىڭ قانۇنىي ئىز باسارى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ؛ «قۇرئان كەرىم» نى ۋەھىي كىتاب، «ھەدىس» نى «قۇرئان كەرىم» نىڭ تولۇقلىمىسى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ ھەمدە ئۆز مەزھىپىگە دائىر ئالتە چوڭ ھەدىس توپلىمىغا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ تەلىماتىنى تۈرغۇزىدۇ ۋە قانۇن چىقىرىدۇ؛ بۇ مەزھەپتە ئىلمىي فىقھە جەھەتتە ئەڭ ئاخىرىدا ھەنەپىي، شافىئىي، مالىك ۋە ھەبەلىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ نوپۇزلۇق ئىلمىي فىقھە مەزھىپى شەكىللەنگەن. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپچىلىكى مۇشۇ مەزھەپتە بولۇپ، ھەنەپىي مەزھىپى (ئادەتتە «چوڭ ئىمام مەزھىپى» دېيىلىدۇ) شەرىئىتىگە ئىتائەت قىلىدۇ.

سوفىزم مەزھىپى ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق مەزھىپىدۇر. بۇ مەزھەپ 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بارلىققا كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇمەييە





سۇلالىسىنىڭ راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىش، چىرىكلىشىش ۋە دەھرىيلىك خاھىشىغا نارازى بولغان بەزى مۇسۇلمانلار كەمبەغەل ئۆتۈش، پاك ۋە جاپالىق ياشاش، تەركىدۇنيا بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان، ئۇلار غورىگۇل تاماق يېگەن، پالاس كىيىملەرنى كىيگەن، شۇڭا ئۇلار سوفىزم دەپ ئاتالغان (سوفىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى قوي يۇڭى دېگەنلىكتۇر). 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، بۇ مەزھەپ تەسەۋۋۇپچىلىقنى ئالاھىدىلىك قىلىپ، غايىۋى مۇھەببەت، پان ئىلاھىيچىلىق ۋە تېئوسوفىيە① ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلغان، دىلىدا ئىستىقامەت قىلىش، غەپلەتتە قېلىش ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىش، ھەتتا ئاللا بىلەن بىردەك بولۇشنى يولغا قويغان. 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بۇ مەزھەپ تەرەققىي قىلىپ، قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بىردەك بولمىغان، شەكلى ھەر خىل بولغان تەسەۋۋۇپچىلار تەشكىلاتى بولغان. بۇ مەزھەپ «قۇرئان كەرىم» نى يوشۇرۇن تەپسىرلەش، «تەۋھىد» نى ئىستىقامەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى قىلىپ، دىلىدا ئىستىقامەت قىلىشقا ۋە ئۆزىگە خاس بولغان دىنىي قائىدە ـ يوسۇنغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەنئەنىچىلەرنىڭ دىنىي قائىدىلىرىگە سەل قارايدۇ. بۇ مەزھەپ ئىسلام دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان. سوفىزم شىنجاڭدا «ئىشان مەزھىپى» مۇ دېيىلىدۇ، ئۇ، شىنجاڭغا ئەڭ بۇرۇن كىرگەن ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ بىرى. مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، خوجا كۈچلىرىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا بۇ مەزھەپ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان، كېيىن خوجا كۈچلىرىنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتۇشىغا ئەگىشىپ خارابلاشقان.

## 75. ئىسلام دىنى شىنجاڭغا قانداق كىرگەن؟

7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىسلام دىنى ئەرەب قىسىملىرىنىڭ ھەربىي ئىستىلاسىغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقالغان. كېيىن ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى تارمار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنى بۇ يەردىكى ئاساسلىق دىنغا ئايلانغان، شۇنداقلا يەرلىك فېئوداللار قۇرغان بەزى ئىسلام ھاكىمىيىتىمۇ بارلىققا

① تېئوسوفىيە — مۇراقىبە يولى بىلەن «خۇدانى بىلىش» ۋە «غايىب ئالەم» گە يېتىش مۇمكىن دېگەن پۈتۈنلەي خۇراپىي دىنىي تەلىمات (مۇھەررىردىن).

كەلگەن. شىنجاڭغا قوشنا بولغان سامانىيلار سۇلالىسى ئەنە شۇنداق يەرلىك تاجىكلار قۇرغان ئىسلام ھاكىمىيىتىدۇر.

ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭدا ئۇدۇن خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئۈچ يەرلىك ھاكىمىيەت بار ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر شىنجاڭنىڭ غەربىي ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان جايلاردا قۇرغان ھاكىمىيەت ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى سامانىيلار سۇلالىسىغا قوشنا بولغانلىقتىن، ئۇ، سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىنى قورال-لىق تارقىتىدىغان مۇھىم نىشانى بولغان. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، سامانىيلار سۇلالىسى قاراخانىيلار سۇلالىسىغا قارىتا ئۈزلۈكسىز «غازات» قوزغاپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ نۇرغۇن زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالغان. 893 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ياندا ش گۆزەرى تالاس سامانىيلار سۇلالىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان، تالاس شەھىرىنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان ئورۇنىياسار خان ئوغۇلچاق قەشقەرگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇزاق ئۆتمەي، سامانىيلار سۇلالىسىدا ئىچكى توقۇنۇش يۈز بەرگەن، تەخت تالىشىشتا مەغلۇپ بولغان شاھزادە ناسىر يوشۇرۇن ھالدا قەشقەرگە قېچىپ كېلىپ ئوغۇلچاقتىن پاناھلىق تىلىگەن، ئوغۇلچاق سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ناسىرنىڭ قەشقەردە پاناھلىنىشىغا رۇخسەت قىلىپلا قالماستىن، ئۇنى ئاتۇش رايونىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىگەن. ناسىر ئاتۇشقا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۆزىنىڭ ئوغۇلچاق بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، «كالا تېرىسى ھىيلىسى» نى ئىشقا سېلىپ، ئىسلام دىنىغا ئىنچىل ھالدا دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ كەلگەن ئوغۇلچاقنى ئۆزىنىڭ مەسچىت سالدۇرۇش تەلىپىگە ماقۇل قىلغان. ناسىر ئاتۇشقا قايتقاندىن كېيىن، دەرھال بىر كالىنى ئۆلتۈرۈپ، كالا تېرىسىنى ئىنچىكە تىلدۇرۇپ ۋە بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ، ئاندىن بۇ تېرە تاسما ئارقىلىق چوڭ بىر پارچە يەرنى قورشاپ، شۇنىڭ ئۈستىگە بىر چوڭ مەسچىت — ئاتۇش جامەسىنى سالدۇرغان. بۇ، شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى ئىسلام دىنى مەسچىتى ھېسابلىنىدۇ.

ناسىر مەسچىت سالدۇرۇش بىلەنلا قالماي، يەنە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بىر مۇھىم ئەزاسى ساتۇق بۇغراخاننى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن. ساتۇق ئەسلىدە قاراخانىيلار سۇلالىسى تەڭرىقۇتىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۆسمۈر چېغىدا ئاتىسىدىن ئايرىلىپ، كېيىن تاغىسى ئوغۇلچاققا





ئەگىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئوغۇلچاق ساتۇق چوڭ بولغاندىن كېيىن ھوقۇقنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ماقۇل بولغان. ئەمما ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن، بۇ ۋەدە ئەمەلىيلەشمىگەن، ساتۇق بۇنىڭغا ئىنتايىن نارازى بولغان. كېيىن ئۇ دائىم ئاتۇشقا بېرىپ ئوۋ ئوۋلىغان، بۇ جەرياندا ناسىر بىلەن تونۇشۇپ قالغان ھەم دوست بولغان. ئۇزاق ئۆتمەي، ساتۇق ناسىرنىڭ ۋەز ـ نەسىھىتى بىلەن مەخپىي ھالدا ئىسلام دىنىغا كىرگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭغا «ئابدۇكېرىم» دېگەن دىنىي ئىسىم قويۇلغان، شۇنداق قىلىپ ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىدا تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئوردا ئەزاسى بولۇپ قالغان.

ئاتۇش جامەسىنىڭ سېلىنىشى ۋە ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنىڭ ئىككى مۇھىم بەلگىسىدۇر.

## 76. قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇن خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئۇرۇش قانداق ئىش؟

ساتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ناسىرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، مەخپىي ھالدا دىن تارقىتىش پائالىيىتىنى باشلىغان. 10 نەچچە يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئەتراپىغا نەچچە يۈز نەپەر مۇسۇلمان توپلانغان. 910 ـ يىلى (915 ـ يىلمۇ دېيىلىدۇ) ساتۇق بۇغراخان ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، بۇ مۇسۇلمان قوراللىق كۈچلىرىگە تايىنىپ، ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشى قوزغاپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ساتۇق دەرھال ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئىسلام دىنىنى مەجبۇرىي يولغا قويغان. ئۇنىڭ ئوغلى موسا ئارسلانخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئىسلاملاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئىسلام دىنىنى داۋاملىق ھالدا زور كۈچ بىلەن يولغا قويغان. 960 ـ يىلى 200 مىڭ تۈتۈن كۆچمەن چارۋىچى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. شۇ يىلى موسا ئارسلانخان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىغان. شۇنداق قىلىپ ئىسلام دىنى ئىككى ئەۋلاد ھۆكۈمرانىنىڭ تەخمىنەن يىرىم ئەسىر يولغا قويۇشى ئارقىلىق، ئاخىرى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق دىنى بولۇپ قالغان.

ساتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسلام دىنىنى مەجبۇرىي يولغا قويۇش ئۇسۇلى بۇددا دىنى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقى ۋە

قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، جايلاردا مەجبۇرىي دىن ئۆزگەرتىپ ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈشكە قارشى تۇرۇش يۈزبەردىن ئۈزلۈكسىز ھالدا توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەن. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇدۇن ۋە قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۇسۇلىدىن قاتتىق نارازى بولغان، شۇڭا ئۇلار قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى بۇددا مۇرىتلىرىنىڭ قارشىلىقىنى قوللىغان. 962 ـ يىلى موسا ئارسلانخان مۇشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ ئۇدۇن خانلىقىغا قارىتا «غازات» قوزغىغان. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئۇدۇن خانلىقى بۇددا دىنىغا ئىشىنىدىغان قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە تۇبۇتلەر (تىبەتلەر) نىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، بىر مەزگىل قەشقەرنى ئىشغال قىلغان. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە ئىككى تەرەپ ئۆزئارا بەزىدە غەلىبە قىلىپ، بەزىدە مەغلۇپ بولۇپ، ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەن. 998 ـ يىلى ئىككى تەرەپ ھازىرقى يېڭىسار بىلەن قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ چېگرىلىنىدىغان يېرىدە كەسكىن ئۇرۇش قىلغان، خاقان ئەلــــى ئارسلانخان قۇربان بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئېغىر دەرىجىدە مەغلۇپ بولغان. 999 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كونا رەقىبى سامانىــــيلار سۇلالىسىنى يوقاتقان. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوشۇنىنى شىنجاڭغا يۆتكەپ، ئۇدۇن بىلەن بولغان ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغان. بۇ جانلىــــق قوشۇننىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى نەتىجىسىدە ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە جىددىي بۇرۇلۇش بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئۇدۇللا ئۇدۇن سېپىلى ئاستىغا بارغان، ئۇزاق مۇددەت قورشالغاندىن كېيىن، 1006 ـ يىلى ئۇدۇن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇن خانلىقى مۇنقەرز بولغان.

ئۇدۇن خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇدۇندىكى بۇددا دىنى مۇرىتلىرى گۈزەل جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە خەلقنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئىسلام ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارىتا كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بارغان. ھازىرقى چىرا ناھىيىسىنىڭ دامكۇ يېزىسى ئەتراپىدا ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالىمىغان بۇددا دىنى مۇرىتلىرى ئىسلام ئىشغالىيەتچىلىرى بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش ئېلىپ بارغان، شۇ سەۋەبتىن، ئۇيەردە «ئۆزۈنقارت» (يات دىن بىلەن ئۇزاققىچە تىركەشكەن جاي دېگەن مەنىدە) دېگەن نام بارلىققا كەلگەن.





ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەسكەرلەردىن ئۇدۇن ئۇرۇشىغا قاتناشقان تۆت ئىمام چىرانىڭ بوستان دېگەن يېرىدە شۇ يەردىكى بۇددا دىنى مۇرىتلىــرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇدۇندىكى بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ قارشىلىقى تەخمىنەن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك داۋاملاشقان، شۇڭا ھازىرمۇ خوتەن خەلقى ئارىسىدا ئۇدۇندىكى «يۈز يىللىق ئۇرۇش» دېگەن سۆز بار.

ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىغا ئەگىشىپ، بۇددا دىنىنىڭ بۇ رايوندىكى 1000 يىلدىن ئاشقان ھۆكۈمرانلىق ئورنىمۇ ئاخىرلاشقان. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدىن چېكىنگەن. بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى رايونلار ئۇر ـ چاپ قىلىنىشىدىغان، ئىس ـ تۈتەك قاپلىغان ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلانغان. ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش بۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى مىســــلى كۆرۈلمىگەن ھالدىكى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان، خەلق ئاممىسىغا ئېغىر بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلغان.

## 77. قاراخانىيلار سۇلالىســــى نېمە ئۈچۈن قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا «غازات» قوزغىغان؟

قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ دىنىي ئۇرۇشى جەريانىدا، قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى ئۇدۇننى قوللىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى پەيدىنپەي يامانلاشقان، قاراخانىيلار سۇلالىسى بۇددا دىنىغا ئىشىنىدىغان قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەن. مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرىدە، ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەيدىغان قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنــى «ئەڭ ياۋۇز دۈشمەن» دېگەن. شۇڭا، قاراخانىــــيلار سۇلالىسى ئۇدۇن دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىغا قارىتا «غازات» قوزغىغان.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىــــڭ تەڭرىقۇتــــى ئەخمەد توغانخان قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىغا قارىتىلغان «غازات»نى شەخسەن ئۆزى تەشكىللىگەن ۋە ئۇنىڭغا شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلغان. ئۇ قىسىملارنــى باشلاپ بالاساغۇن (قازاقىستاننىڭ توقماق ئەتراپى) دىن يولغا چىقىپ، ئىلى

دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى چېگراسى ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن. قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى ئەسكەر چىقىرىپ ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، تاجاۋۇز قىلغان دۈشمەنلەرنى چېكىندۈرگەن. 1017 ـ يىلى قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى زور تۈركۈمدىكى قوشۇنلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بەرگەن، ھەتتا بالاساغۇنغا سەككىز كۈنلۈك مۇساپە قالغان يەرگىچە ئىچكىرىلەپ بارغان. دەل شۇ چاغدا كېسەل بولۇپ قالغان ئەخمەد توغانخان كېسەل ھالەتتىمۇ قوشۇن تەشكىللەپ قايتۇرما زەربە بېرىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ھالىدىن كېتىپ قالغان قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان. ئەخمەد توغانخان يەنە شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ قوغلاپ زەربە بەرگەن ھەمدە قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى چېگراسى ئىچىگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن. ئىككى تەرەپ ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشنى ئېلىپ بارغان، ئۇرۇش بەك كەسكىن بولغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا دائىر نۇرغۇن شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ شېئىرلاردا ئۇرۇشنىڭ كەسكىن رەھىمسىز بولغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇنداقلا ئىسلام تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قۇجۇ بۇددا مەدەنىيىتىگە قارىتا ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر شېئىردا مۇنداق يېزىلغان:

«جەڭ ئاتلىرىغا بەلگە تاقاپ،
ئۇيغۇر (ئېلى) دىكى تاتلارغا.
ئوغرى، ياۋۇز ئىتلارغا (قاراپ)،
خۇددى قۇشلاردەك ئۇچتۇق.»

قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى چېگراسى ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن بۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى «ئوغرى، ياۋۇز ئىت» دەپ قارالغان ئۇيغۇرلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغىن قىلغان:

«تۇن بىلەن باستۇق،
ھەر تەرەپتىن بۆكتۈرمە قۇردۇق،
ئاتلىرىنىڭ كوكۇلىلىرىنى كەستۇق،
مىڭلاق ئەرلىرىنى سويدۇق»

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى بارغانلا يېرىدە ئۇدۇندىكىگە ئوخشاش، ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەيدىغان ئۇيغۇرلارنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلىپلا قالماستىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنى ساقراملىرىغا قارىتىمۇ





ھەدەپ بۇزغۇنچىلىق قىلغان:

«كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق،
كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق،
بۇتخانىنى يىقىتتۇق،
بۇت ئۈستىگە چىچتۇق.»

قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى تاجاۋۇز قىلغان قاراخانىيلار قوشۇنىغا قاتتىق قايتۇرما زەربە بەرگەن. ئۇرۇش بولۇۋاتقان جەرياندا، ئەخمەد توغانخاننىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاچقا، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولغان، شۇنىڭ بىلەن قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىغا قارىتىلغان بۇ قېتىمقى «غازات» نەتىجىسىز ئاخىرلاشقان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قىلغان دىنىي ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدە زىددىيەت كۈچەيگەن، قاراخانىيلار سۇلالىسى شۇ سەۋەبتىن شەرقىي ۋە غەربىي سۇلالىدىن ئىبارەت ئىككى ھاكىمىيەتكە بۆلۈنگەن. شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت كۆپىيىپ، ئۇلار توختىماس ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ، سىرتقا قارىتا قايتا ئىسلامىيەت غازىتى ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىز قالغان. ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى تۇنجى قېتىملىق تارقىلىش دولقۇنىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان.

## 78. چاغاتاي خانلىقى ئىسلام دىنىنى قانداق كېڭەيتكەن؟

چىڭگىزخان غەربىي يۇرتنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، ھازىرقى شىنجاڭ رايونىنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا بۆلۈپ بەرگەن. چاغاتاينىڭ شىنجاڭدا قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيىتى چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالغان، چاغاتاي خانلىقى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، چىڭگىزخاننىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلىپ، تۈرلۈك دىنلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان، ھەرقانداق دىنىنى مەجبۇرىي كېڭەيتمىگەن. بىراق، كېيىنكى ھۆكۈمران توغلۇق تېمۇرخان بۇ سىياسەتنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. 1353 ـ يىلى توغلۇق تېمۇرخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان تۇنجى موغۇل خانى بولۇپ

قالغان. ئىسلام دىنىغا كىرىپلا كېنەزلەر ۋە ئاقسۆڭەكلەرنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىغان، ئارقىدىنلا يەنە ئەرشىدىن خوجا جەمەتىنىڭ قوللىشى ۋە ماسلىشىشى ئارقىسىدا، پۈتۈن خانلىق دائىرىسىدە ئىسلام دىنىنى مەجبۇرىي كېڭەيتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي ئالمالىقتا 160 مىڭ موڭغۇل كوللېكتىپ ھالدا ئىسلام دىنىغا كىرگەن.

ئەرشىدىن خوجا تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ قوللىشى ئارقىسىدا «كۇچا مۇسۇلمانلار ئۇيۇشمىسى» نامىدىكى دىنىي تارقىتىش تەشكىلاتىنى يېتەكلەپ، كۇچاغا كىرىپ، ئۇ يەردىكى بۇددا دىنىي مۇرىتلىرىنى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىغان. كۇچادىكى بۇددا دىنى مۇرىتلىرى قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. تۇغلۇق تېمۇرخان ناھايىتى تېزلا ئەسكەر ئەۋەتىپ قوزغىلاڭنى باستۇرغان. «كۇچا مۇسۇلمانلار ئۇيۇشمىسى» بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كۇچادىكى بۇددا دىنى مۇرىتلىرىغا رەھىمسىزلىك بىلەن زىيانكەشلىك قىلغان، بۇددا دىنى مەدەنىيىتىگە ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك بۇزغۇنچىلىق قىلغان. ئۇلار بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاپ، قاشىلىق قىلغانلارنى ھەدەپ قىرغىن قىلىپ، بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىغان؛ ئۇلار بۇددا دىنى ساقراملىرىنى چۇۋۇۋەتكەن، بۇتلارنى چېقىۋەتكەن، بۇددا نوملىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولغان كۇچا بۇددا دىنى مەدەنىيىتى پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ كېتەي دەپقالغان. شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىدىن كېيىنكى يەنە بىر بۇددا دىنى مەركىزى ئەنە شۇنداق قانلىق تازىلاش جەريانىدا يوقالغان.

تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىمۇ ئىسلام دىنىنى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلىشنىڭ قورالى قىلغان. خىزىرخوجىخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، تۇرپانغا قارىتا «غازات» قوزغىغان. تۇرپان ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ئەسەبىيلەشكەن ئىسلام ئەسكەرلىرى بۇ يەردىكى بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنى قانلىق قىرغىن قىلغان، بۇددا دىنى مەدەنىيىتىگە ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك بۇزغۇنچىلىق قىلغان. يېقىنقى زامان ئارخېئولوگىيىسىدە، قېزىۋېلىنغان قەدىمكى دەۋرگە دائىر ھۆججەتلەرنىڭ





كۆپىنچىسىدە سۈنئىي بۇزغۇنچىلىق ئىزلىرىنىڭ بارلىقى، بەزىلىرىنىڭ مەقسەتلىك ھالدا يىرتىپ تاشلانغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ قەستەن كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى بايقالغان. كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ھۆججەتلەرنىڭ قالدۇق جىلدلىرى شۇ چاغدا ئىسلام ئىشغالىيەتچىلىرى ساقراملارنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرگەندە، ئۆيلەر ياكى ھويلا تاملىرى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، شۇنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قېلىپ بەختكە يارىشا ساقلىنىپ قالغانلىرى ئىكەن. بەزى بۇددا دىنى ساقراملىرى خارابىسىدە يەنە يىرتىلىپ پارچە - پارچە قىلىۋېتىلگەن بۇددا نوملىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن راھىبلارنىڭ قانلىرىغا مىلىنىپ، نەچچە يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن قېتىپ تاشتەك نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ يېنىدا پارچىلىنىپ كەتكەن جەسەت سۆڭەكلىرىنىڭ بارلىقى بايقالغان.

خىزىرخوجىخاندىن كېيىن تەختكە چىققان مۇھەممەدخان ئىسلام دىنىنى ئاكتىپلىق ۋە ئەسەبىيلىك بىلەن كېڭەيتكەن. مۇسۇلمانلار تارىخنامىسى «ئوتتۇرا ئاسىيا موڭغۇل تارىخى — تارىخىي رەشىدى» دە خاتىرىلىنىشىچە، مۇھەممەدخان بارلىق موڭغۇللارنىڭ چوقۇم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى، دىنىي قائىدىلەرگە بويسۇنۇشى، نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشى ھەمدە «سەللە يۆگىشى» كېرەكلىكىنى، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قاتتىق جازالىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. جازالاش تەدبىرلىرى ئىنتايىن قاتتىق بولغان، جۈملىدىن خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ بېشىغا ئات تاقىسى قېقىلغان. چاغاتاي خانلىقىدىكى موڭغۇللار مۇشۇنداق قاتتىق جازا ئارقىلىق مەجبۇرلاش نەتىجىسىدە، ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈنلەي ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

**79. خوجىلارنىڭ تەسىر كۈچى قانداق پەيدا بولغان ۋە زورايغان؟**

ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىش جەريانىدا، دەھرىي ھۆكۈمران گۇرۇھلار ئىسلام دىنىدىكى يۇقىرى تەبىقە كۈچلەر بىلەن ئۆزئارا قوللاش، بىر - بىرىدىن پايدىلىنىش مۇناسىۋىتى ئورناتقان. بۇنداق مۇناسىۋەت جەريانىدا، دەھرىي ھۆكۈمران گۇرۇھلار ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ھوقۇقى ۋە ئورنىنى مۇستەھكەملىگەن. ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىكىلەر بولسا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنىڭ

كېڭىيىشىگە ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتكەن، كۈچىنى زورايتقان. 14 ـ ئەسىردىن باشلاپ خوجىلار ۋەكىللىكىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرى تەبىقە كۈچلىرى شىنجاڭدا پەيدىنپەي بارلىققا كەلگەن ۋە گۈللەنگەن.

خوجا دېگىنىمىز، پارس تىلى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «خوجايىن»، «ئىبسىلزادە»، «بايۋەچچە» دېگەنلىكتۇر. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا خوجا دېگەندە ئىسلام دىنىنىڭ «سەئىدلىرى» (ئىسلام دىنى پەيغەمبىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «سەئىدلەر» ئاسانلا مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئالقىشىغا ئېرىشىدىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە رايونلىرىدا ئۇلارمۇ ئاسانلا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر جەمئىيىتىگە كىرەلەيدۇ. شۇڭا، ساختا «سەئىد» سالاھىيىتى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بىر مەزگىل ئىنتايىن ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، مۇھەممەد بىلەن، ھەتتا ئەرەبلەر بىلەن ھېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن «خوجا» بولۇۋالغان، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوجىلار ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتكەن، بەزى كەنتلەردە ئاھالىنىڭ ھەممىسى خوجا بولۇۋالغان. بۇنداق كۆپ خوجىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا، ئارمىنى ئەمەلگە ئاشمىغانلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئايرىلىپ، ھىندىستان، ئافغانىستان، شىنجاڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى ئىزدىگەن.

شىنجاڭدىكى خوجىلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھەممىدىن بۇرۇن شىنجاڭغا كەلگىنى ھەمدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنى جالالىدىن خوجا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئەرشىدىن خوجا ئىكەن. ئۇلار چاغاتاي خانلىقىنىڭ خاقانى تۇغلۇق تېمۇرخاننى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشقا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دەۋەت قىلالىغانلىقى ئۈچۈن، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى ئىسلام دىنىنى كېڭەيتكۈچى شەيخلىققا ئېرىشكەن ھەمدە بىرقاتار سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ، چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئەڭ چوڭ دىنىي فېئودالغا ئايلانغان. ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرى تەبىقە كۈچى بىلەن ئەرشىدىن خوجا جەمەتىنىڭ كۈچى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا گۈللەنگەن.

ئەرشىدىن خوجا جەمەتى تەسىر كۈچىنىڭ زورىيىشى ئوتتۇرا





ئاسىيادىكى خوجىلارنىڭ كۈچلۈك قىزىقىشىنى قوزغىغان. خوجىلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ شىنجاڭغا كىرگەن، ئەمما كۆپىنچىسى كۆرۈنۈپ قويۇپلا يوقاپ كەتكەن، پەقەت ئىككى خوجا جەمەتىلا پۇت تىرەپ تۇرالىغان. ئۇنىڭ بىرى، مۇھەممەد شېرىپ خوجا جەمەتى، يەنە بىرى، مەقدۇم ئەزەم خوجا جەمەتى. مۇھەممەد شېرىپ خوجا ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر ئۆزبېك سوفىزم مۇرىتى بولۇپ، يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شىنجاڭغا كەلگەن، كېيىن سۇلتان ئابدۇرېشىتخان تەرىپىدىن دىنىي يېتەكچىلىككە تەكلىپ قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ئىرغىپلا ئەرشكە چىققان، ھەممىلا يەردە سۆزلۈپ يۈرگەن بىر سوفىزم مۇرىتى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر جەمئىيىتىگە كىرىپ، خاقانىنىڭ ئىشەنچلىك ئەمەلىي ھوقۇقلۇق ئادىمىگە ئايلانغان. بىراق، بۇ خوجا جەمەتىنىڭ ئورنى ئۇزاق ئۆتمەيلا مەقدۇم ئەزەم خوجا جەمەتى تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن.

مەقدۇم ئەزەم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ سۇفىزم بولغان نەخشىۋەندى روھانىيلار گۇرۇھىنىڭ پىرى بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇمۇ شىنجاڭغا كەلگەن، ئەمما زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتىپ كەتكەن. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى ئۇرۇق ـ ئەۋلادى شىنجاڭغا كەلگەن. بۇ ئىككى خوجا شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، يەكەن خانلىقىنىڭ دىنىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش يۈزىسىدىن ئۆزئارا قارىمۇ قارشى بولغان ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلاردىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپنى شەكىللەندۈرگەن. ئىككى مەزھەپتىكى خوجىلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان «سەئىد» سالاھىيىتىدىن ۋە جادۇگەرلىك خۇراپاتلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاممىنى ئەخمەق قىلىپ ئۆزىگە تارتىپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۇرۇش پەيدا قىلغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۇلار ھەرقايسى ئۆزلىرىنىڭ دەھرىي ھۆكۈمرانلارغا بولغان تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇزلۇكسىز ھالدا ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىنى قوزغىغان، خاقاندىن تارتىپ ھەرقايسى جايلاردىكى ھۆكۈمرانلارغىچە ھەممىسى خانلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، بۇ مەزھەپتىكى خوجىلارغا تايانمىسا، ئۇ مەزھەپتىكى خوجىلارغا تايانغان. خوجىلار بولسا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەھرىيلىك ھوقۇقىنى ئۇزلۇكسىز قولغا ئالغان. خوجىلار پەيدا قىلغان ئۇزاق مۇددەتلىك قالايمىقانچىلىق

جەريانىدا، دەھرىيلەر ھاكىمىيىتى پەيدىنپەي ئاجىزلىغان، دەھرىي ھۆكۈمرانلار بارغانسېرى خوجىلارنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالغان. خوجىلار تېخىمۇ كۆپ ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ھاكىمىيەتنى بىۋاسىتە ئىگىلەش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرگەن. مۇشۇنداق يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش جەريانىدا، خاقاننىڭ ھوقۇقى بارغانسېرى زاۋالغا يۈزلىنىپ، خوجىلار ۋەكىللىكىدىكى يۇقىرى قاتلام دىنىي، سىياسىي كۈچلەر پەيدىنپەي دەھرىيلەر ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن خوجىلار ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلغان.

## 80. ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلار دېگەن قانداق ئىش؟

ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلار مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنىدا كۆرۈلگەن ئىككى گۇرۇھ. بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ مۇرىتلىرى ئۆزئارا پەرقلىنىش ئۈچۈن، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاق تاقى ۋە قارا تاقى كىيگەن، شۇڭا ئۇلار «ئاق تاقىلىق مۇسۇلمان»، «قارا تاقىلىق مۇسۇلمان» مۇ دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە «ئاق تاغلىقلار مەزھىپى»، «قارا تاغلىقلار مەزھىپى»، «ئاق تۇغلۇقلار»، «قارا تۇغلۇقلار» قاتارلىق كۆپ خىل ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. ئىككى گۇرۇھنىڭ مۇرىتلىرى ئۆزلىرىنى ئۆز گۇرۇھىنىڭ ئىجادچىسىنىڭ نامى بىلەن «ئىشانىيە» ۋە «ئىسھاقىيە» دەپ ئاتىغان.

ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار مەقدۇم ئەزەم خوجىنىڭ ئىككى ئەۋلادى باشچىلىقىدا شەكىللەنگەن ئىككى مەزھەپ. بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ ئىجادچىلىرى مەقدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى ئىشان كالان بىلەن كەنجى ئوغلى ئىسھاق ئىكەن. بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ۋارىسلىق ھوقۇقىنى تالىشىپ توقۇنۇشقان، نەتىجىدە، ئىشان كالان پىرلىق ھوقۇقىغا ئېرىشكەن، ئىسھاق ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ، ئايرىم دىنىي گۇرۇھ قۇرغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەكەن خانلىقىدىكى ئابدۇكېرىمخاننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭغا كەلگەن. بىراق، ئۇ يەكەنگە كېلىپلا ئابدۇكېرىمخان بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالغان، شۇنىڭ





بىلەن ئۇ ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ، دىن تارقىتىش ئۈچۈن، ۋائىزلىق قىلىشقا مەجبۇر بولغان. گەرچە ئۇ خاننىڭ دىنىي ئۇستازى بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما زور مىقداردا مۇرىت تەرەققىي قىلدۇرغان. كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى خوجا سەئىدىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئارقىلىق، بۇ دىنىي گۇرۇھ ئاخىرى يەكەن خانلىقىدىكى ھۆكۈمەت تەرەپ يار ـ يۆلەك بولىدىغان ئەڭ چوڭ سۇفىيلار گۇرۇھى بولۇپ قالغان.

ئىشان كالان ئىسھاق خوجا جەمەتىنىڭ شىنجاڭنى مۇستەقىل ئىگىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈشنى خالىماي، ئۆزىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىنى شىنجاڭغا خوجاسەئىدىدىن دىنىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئەۋەتكەن. ئىككى گۇرۇھنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىختىلاپى ۋە كۈرىشى شىنجاڭغا ئېلىپ كىرىلگەن، ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارمۇ كۈرەش جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن. ئىككى گۇرۇھنىڭ دىن جەھەتتە چوڭ ئىختىلاپى يوق، پەقەت قائىدە ـ يوسۇن ۋە ئىستىقامەت جەھەتتە ئاز ـ تولا پەرقلىرى بار ئىكەن. ئىككى گۇرۇھ كۈرىشىنىڭ ماھىيىتى دىنىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش بولغان. ئىككى گۇرۇھ كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كۈرەشنىڭ دەرىجىسىمۇ پەيدىنپەي ئۆرلىگەن، دەسلەپىدىكى ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىش، ئەيىبلەشتىن ئۆزئارا نىكاھلانماسلىق، قارشىلىشىش، ھەتتا قانلىق توقۇنۇشقا تەرەققىي قىلغان. ئىككى گۇرۇھنىڭ كۈرىشى بىلەن يەكەن خانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى گىرەلىشىپ كەتكەنلىكتىن، كۈرەش تېخىمۇ دەھشەتلىك، كەسكىن بولغان، داۋاملاشقان ۋاقتىمۇ بىر نەچچە ئەسىرگە سوزۇلغان.

يۈسۈپ خوجا شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، دەرھال نەقشىۋەندى ئەنئەنىچىلىرى سالاھىيىتى بىلەن خوجا سەئىدىدىن مۇرىت تالاشقان، ئۇزاق ئۆتمەي كۈرەش نىشانىنى يەكەن خانلىقىدىكى ھۆكۈمران گۇرۇھ ئەزالىرىغا ۋە جايلاردىكى ھۆكۈمرانلارغا بۇرىغان. ئۇ قەشقەر ھۆكۈمرانى يولۋاسنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ھەمدە بىر مەزگىل ئابدۇللاخاننى ئاق تاغلىقلارغا مايىل قىلغان. قارا تاغلىقلار قەتئىي قايتۇرما زەربە بېرىپ، خاننى يۈسۈپ خوجىنى يەكەندىن قوغلاپ چىقىرىشقا مەجبۇرلىغان. ئون نەچچە يىلدىن كېيىن، يۈسۈپ خوجا ئوغلى ئاپئاق خوجىنى ئېلىپ قۇمۇلدىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، قارا تاغلىقلار بىلەن يېڭىۋاشتىن ئۇرۇش قىلغان. ئۇ،

يولۋاسنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاخاننى ئاغدۇرۇشنى قوللاپ، شۇ ئارقىلىق خانلىقنىڭ ھوقۇقىنى تىزگىنلەپ، قارا تاغلىقلارغا رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلىش ۋە ئۇلارنى باستۇرۇشنى باشلىغان، ئىككى گۇرۇھ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھايات ـ ماماتلىق يولىدىكى قانلىق كۈرەشكە كىرىشىپ كەتكەن.

1670 ـ يىلى ئاپئاق خوجا ئۆزىنىڭ دادىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىن قېچىپ كەتكەن، كېيىن گەنسۇ، سىنچۇەن ئارقىلىق شىزاڭغا بېرىپ، يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر بىلەن دالاي لامانىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. دالاي لاما ئىلىدىكى جۇڭغارلار سەردارى غالدانغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئاپئاق خوجىنىڭ «قولدىن كەتكەن ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشى» غا ياردەم بېرىشىنى ئېيتقان. غالدان ئاپئاق خوجىنى يېتەكچى قىلىپ ئەسكەر ئەۋەتىپ جەنۇبىي شىنجاڭنى بىراقلا ئىشغال قىلىپ، يەكەن خانلىقىنى گۇمران قىلغان. ئاپئاق خوجا ھەر يىلى جۇڭغارلارغا 100 مىڭ تەڭگە كۈمۈش بېرىش شەرتى بىلەن جۇڭغارىيىنىڭ «ۋاكالىتەن ئىسلام خىزمەتچىسى» لىكىنى، يەنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ھاكىمىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقىنى تۇرغۇزغان. ئاق تاغلىقلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە قارا تاغلىقلار كۆپ قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، كېيىن يەنە قارا تاغلىق قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ ئاق تاغلىقلارغا قارشى كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بارغان، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولغان. غالداننىڭ جىيەنى سېۋىن ئارۇبدان جۇڭغارىيە ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئاق تاغلىقلارغا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتكەن، قارا تاغلىقلار پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئاق تاغلىقلارنىڭكى بىلەن خاراكتېرى ئوخشاش بولغان قارا تاغلىقلار ھاكىمىيىتىنى ئورناتقان.

ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ بىرنەچچە ئەسىرگە سوزۇلغان ئۇرۇشى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە قارشىلىششىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى،





جەنۇبىي شىنجاڭ جەمئىيىتىنى ئۇزاققىچە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدۇرۇپ، ئىگىلىكنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇۋەتكەن.

**81. چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى شىنجاڭغا قانداق بالا ـ قازالارنى كەلتۈرگەن؟**

1755 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ سەردارى دەۋاچىنىڭ قالايمىقانچىلىقىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، ئىلگىرى جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئىلىدا قاماپ قويۇلغان ئاق تاغلىق خوجا ئەخمەدنىڭ چوڭ ئوغلى، «چوڭ خوجا» دەپ ئاتالغان بۇرھانىدىن گۇرۇھىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتۇرۇشنى، ئۇلارنىڭ جەمەتىنىڭ ئەنئەنىۋى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنى باش ئەگدۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قارار قىلغان. بۇرھانىدىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، جەنۇبىي شىنجاڭنى تېزلا ئىشغال قىلىپ، قارا تاغلىقلار ھاكىمىيىتىنى يوقاتقان. «تارىخىي ھەمدى» دە ئېيتىلىشىچە، جەنۇبىي شىنجاڭ قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، بۇرھانىدىن دەرھاللا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ شۇنىڭدىن باشلاپ «خاقان چىن (چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) دەۋرى» گە كىرگەنلىكىنى جاكارلىغان. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئورۇندىغان.

ئۇزاق ئۆتمەي، بۇرھانىدىننىڭ ئىنىسى كىچىك خوجا خوجا جاھان جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ سەردارى ئامۇرسانانىڭ قوزغىلىڭىغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ سۈرۈشتۈرۈشىدىن قورقۇپ، ئىلىدىن يوشۇرۇن ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، بۇرھانىدىننى چىڭ سۇلالىسىغا ئاسىيلىق قىلىشقا قۇتراتقان. 1757 ـ يىلى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، بۇ، تارىختا «چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭى» دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ماسلىششى ئارقىسىدا، ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئاخىرى شىنجاڭ بىرلىككە كەلگەندىن بۇيانقى بىرىنچى قېتىملىق خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتقان. خوجا

جاھاننىڭ قۇترىتىشى، قايمۇقتۇرۇشى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بۇرھانىدىن ئىنتايىن پۇشايمان قىلىپ، ۋاپات بولۇش ئالدىدا مۇرىتلىرىغا ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ھەرگىز خوجا جاھان بىلەن بىر يەرگە دەپنە قىلماسلىق توغرىسىدا ۋەسىيەت قالدۇرغان.

چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ كەتكەن. 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان 30 نەچچە يىل ئىچىدە، مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن خوجا ئەۋلادلىرى سىرتتىكى كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «جاھانگىر خوجا يېغىلىقى»، «يۈسۈپ خوجا يېغىلىقى»، «يەتتە خوجا يېغىلىقى»، «ۋەلىخان خوجا يېغىلىقى» نى قوزغىغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى خوجىلار، مەسىلەن، جاھانگىر خوجا كۆپ قېتىم توپىلاڭ قوزغىغان. ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بۇ توپىلاڭلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولغان.

خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ توپىلىڭى تارىخ ئېقىمىغا قارشى بولۇپ، كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالالمىغان. ئىسلامىيەت تارىخىدا خاتىرىلىنىشىچە، «سەئىد» دېگەن مۇقەددەس نۇر ھالقىسىغا ئورىنىۋالغان، پىر بولۇۋېلىپ مۇرىتلار تەرىپىدىن ئەۋلىيا ھېسابلانغان خوجىلار ئەمەلىيەتتە ياۋۇز، رەھىمسىز، ھاياسىز ئەيش - ئىشرەتچىلەر ئىدى. دىندىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئورنى ۋە رولىنى بار كۈچى بىلەن كۆككە كۆتۈرۈپ، مەھكىمە شەرئىيىنىڭ ئورنىنى ۋە شەرىئەت، فىقھەلەرنى ئىجرا قىلىشنى كۈچەيتكەن. ئۇلار زور تۈركۈمدىكى دەررە كۆتۈرگەن دىنىي ساقچىلارنى چىقىرىپ، ھەر ۋاقىت مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇغان - ئوقۇمىغانلىقىنى، ئاياللارنىڭ يۈزىنى ياپقان - ياپمىغانلىقىنى نازارەت قىلىپ تۇرغان، شەرىئەت، فىقھەگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار يېنىك بولسا دەررە بىلەن ئۇرۇلغان، ئېغىر بولسا مەھكىمە شەرئىيىنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇلغان. مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى بىلەن ناماز ئۆتىگىلى كەتكەندە، ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاممىنىڭ ئۆيىگە





بېرىپ، ئۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلغان.

خوجىلار ئۆزلىرىنىڭ بىكار تەلەتلىك، راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا زورلۇق بىلەن ئالۋان - ياساق سېلىپ، ئۇلارنى ھىيلىگەرلىك بىلەن بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان. نۇرغۇن مۇسۇلمانلار جان ساقلاش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇپ قويۇشقا بولمىغان ئازغىنە ئاشلىق ۋە قازان - قومۇچلىرىنى يىراق جايلاردىكى چۆللۈكلەرگە كۆمۈپ قويۇپ، ئاخشاملىرى يوشۇرۇن ھالدا شۇ يەرگە بېرىپ تاماق ئېتىپ يېگەن. قارشىلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلغانلارنى ئۇلار تۈرلۈك يوللار بىلەن جازالىغان، ئۇرغان، قولىنى كەسكەن، پۇتىنى چانىغان، بېشىنى ئالغان ۋە باشقىلار. ئۇلارنىڭ بىر ۋاخ ئۆي تامبىقى ئېتىپ يېيەلىشى خېلى چوڭ ئىش بولۇپ قالغان. ۋەلىخان خوجا ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئەسەبىي قاتىل ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كۆڭۈل ئېچىش ئۇنىڭ چېشىغا تەگكۈچىلەرنىڭ بېشىنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىش ئىكەن. ئۇنىڭ ئالدىدا ئېھتىياتسىزلىق بىلەن قىلىنغان بىرەر ھەرىكەت، بىرەر ئېغىز سۆز، ھەتتا بىرەر ئەسنەك جېنىدىن جۇدا بولۇشنى ئېلىپ كېلىدىكەن. ئۇ قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ كاللىسى بىلەن تۈمەن دەرياسى بويىغا بىرنەچچە «كاللا مۇنارى» قوپۇرۇلغان.

بۇ توپىلاڭ كۆتۈرگەن خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەتلىرى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىغان. ئۇلار خۇددى قاغجىرىغاندا سۇغا تەشنا بولغاندەك چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىشىگە تەشنا بولغان. شۇڭا توپىلاڭنى تىنجىتىدىغان چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن ئاشلىق، ئوت - چۆپ ئىئانە قىلغان، ئاكتىپلىق بىلەن ئۇرۇشقا قاتنىشىپ چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنلارغا زەربە بېرىشىگە ماسلاشقان. چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تىپىدىكى ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن بۆلۈنمە ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان توپىلاڭلىرى تارىختا نىسبەتەن ئەكسىيەتچىلىك بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە تۈپ

مەنپەئىتىگە خىلاپ، شۇڭا ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىدى.

## 82. ياقۇپ بەگ قانداق قىلىپ ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قۇل قىلغان؟

1864 - يىلى تەيپىڭ تيەنگو ۋە شەنشى - گەنسۇ خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭدىكى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆلەمدە دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان. لېكىن جايلاردىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئۇزاق ئۆتمەيلا يەرلىك فېئوداللار ۋە دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر تارتىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قايناملىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان قوزغىلاڭ ناھايىتى تېزلا مىللىتارىستلارنىڭ تەپرىقىچىلىقى ۋە مىللىي ئۆچمەنلىككە ئايلىنىپ كەتكەن. قەشقەرنى ئىگىلىۋالغان بۆلۈنمە ھاكىمىيەتنىڭ ئاقساقىلى سىدىق خوجىلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئويلىمىغان يەردە بۆرىنى ئۆيگە باشلاپ كىرگەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەن خانلىقىدىن جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇك خوجىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. قوقەن خانلىقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، بۇ خانلىقنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپ بەگ بىر ئوچۇم كاللا كېسەرلەرنى توپلاپ، 1865 - يىلى 1 - ئايدا بۇزرۇك خوجىنى قولتۇقلىغان ھالدا قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ بۇزرۇك خوجىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ سىدىقنى قوغلىۋەتكەن. ئارقىدىنلا ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، قورال ئىشلىتىش ۋە سۇيىقەست قىلىش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەكەن، خوتەن، كۇچا قاتارلىق ھەرقايسى بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاتالمىش «يەتتە شەھەر» تاجاۋۇزچى ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. بۇ ۋاقىتتا بۇزرۇك خوجا پايدىلىنىلىش قىممىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان، ياقۇپ بەگ ئۇنى چەت ئەلگە قوغلىۋەتكەن.

بىر توپ قالايمىقان تاجاۋۇزچىلار نېمە ئۈچۈن قىسقىغىنە ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىلا دائىرىسى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالغان تاجاۋۇزچى ھاكىمىيەتنى قۇرۇپ چىقالىدى؟ بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىككى: بىرى، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭدا





يۈز بەرگەن تەپرىقىچىلىق ئۇرۇشى ياقۇپ بەگنىڭ بىر - بىرلەپ تارمار قىلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن؛ يەنە بىرى، ياقۇپ بەگ ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ مۇسۇلمانلارنى ئالدىغان. ياقۇپ بەگ «دىن ئوخشاشلىقى» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، نۇرغۇنلىغان تەقۋادار مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە تاجاۋۇزچى دەپ قارىمايدىغان قىلىپلا قويماستىن، ئەكسىچە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ «مۇسۇلمان قېرىندىشى» دەپ بىلىدىغان قىلىپ، ئۇلارنى ئالدىغان. ئىسلام تارىخى ماتېرىياللىرىدا ئېيتىلىشىچە، ياقۇپ بەگ خوتەنگە تاجاۋۇز قىلغاندا، قوشۇن باشلاپ ئۇدۇل خوتەن سېپىلىگە يېتىپ بېرىپ، بۇ سەپەردە مۇشۇ يول ئارقىلىق نىيىتىگە يېتىپ ئىمام جەئپىرى سادىق مازىرىغا تاۋاپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. قارشىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، بىردانە خىشنى قىزىل شايىغا ئوراپ «قۇرئان» قىلىپ كۆرسىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلايدىغان ئۇسۇلى بىلەن خوتەن تەپرىقىچىلىرىنىڭ ئاقساقىلى ھەبىبۇللانىڭ ئالدىدا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرىپ، ئۆزىنىڭ پەقەت مازارغا تاۋاپ قىلىشقا بارىدىغانلىقىنى، ھەرگىز باشقا مەقسىتى يوقلۇقىنى ئېيتقان. ھەبىبۇللا ئۇنىڭ قەسىمىگە ئىشىنىپ كېتىپ، ھوشيارلىقىنى يوقىتىپ قويغان. شۇ ئاخشىمى ياقۇپ بەگ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاپ، خوتەن شەھىرىنى بىراقلا ئىشغال قىلىپ، خوتەن مۇسۇلمانلىرىنى قانلىرى دەريا بولۇپ ئاققىدەك دەرىجىدە قىرغىن قىلغان. دىندىن پايدىلىنىش بەزىدە قورال كۈچىدىن پايدىلىنىشتىن ئېشىپ كېتىدۇ. ياقۇپ بەگ بۇ قائىدىنى ئوبدان بىلگەن ھەمدە ئۇنى قوللىنىشتا پىششىق ئىگىلىگەن. شۇڭا ياقۇپ بەگ جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلغان ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، ئىزچىل ھالدا قەلەم بىلەن ئەلەمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ۋاستىنى گىرەلەشتۈرۈپ قوللانغان، يەنى ھەم قورال ئىشلەتكەن، ھەم ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىشقا دىققەت قىلغان.

ياقۇپ بەگ ئىسلام دىنىدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىغا يار - يۆلەك بولۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ بىر قاتار تەدبىرلىرىنى قوللانغان.

(1) شەرىئەتنى مەجبۇرىي يولغا قويغان. شەھەر - يېزىلاردا مەھكىمە شەرئىيلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرغان ھەمدە ئۇنىڭ فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتكەن. بارلىق دىنىي، ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى

شىكايەت قىلىش، تەرگەۋ قىلىشنى مەھكىمە شەرئىيىنىڭ دىنىي ئۇسۇل بىلەنلا بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. «ئابۇبەكرى ئەل رازى» (دىنىي ساقچى) تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

(2) ئۆشرە ــ زاكات تۈزۈمىنى كۈچەيتكەن. ئۆشرە ــ زاكات نامىدا يىغىۋېلىنىدىغان باج ــ سېلىقلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مۇقىم ئۆلچىمى بولماي، كۆپ ھاللاردا ئېلىشقا تېگىشلىك ساندىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتكەن.

(3) مەسچىتلەرنىڭ ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان. ياقۇپ بەگ ئەسلىدە مەسچىتكە تەئەللۇق بولغان يەرلەرنى قايتۇرۇپ بەرگەن، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك قايتۇرۇۋېلىش سوممىسىنى كەچۈرۈم قىلغان. يەنە تالان ــ تاراج قىلىنغان يەرلەرنى مەسچىتلەرگە «ئىنئام» قىلغان.

(4) ئىسلام دىنىنىڭ مەسچىت، مازار قاتارلىق ئىمارەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە رېمونت قىلدۇرغان ۋە كېڭەيتكەن. ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ دىنغا بولغان تەقۋادارلىقىنى ئىپادىلەش، دىنىي كەيپىياتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئىشغال قىلىنغان رايونلاردىكى مەسچىت، مازار، مەدرىسە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى كېڭەيتكەن ياكى كېڭەيتكەن.

(5) مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىغان. ئىشغال قىلىنغان رايونلاردىكى بارلىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ چوقۇم ئىسلام دىنىغا كىرىشى كېرەكلىكىنى، قارشىلىق قىلغۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ئەينى چاغدىكى قەشقەردىكى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، تەخمىنەن 40 مىڭ ئادەم شۇ سەۋەبتىن جېنىدىن ئايرىلغان، 5000 دىن ئارتۇق مانجۇ، خەنزۇ ئوفىتسېر ــ ئەسكەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى مەجبۇرىي ھالدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇلغان. بۇ ئادەملەر كېيىن ئاستا ــ ئاستا ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

ياقۇپ بەگنىڭ ئىسلام دىنىغا زور كۈچ بىلەن يار ــ يۆلەك بولۇشى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مەقسىتى ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچى ھاكىمىيىتىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش ئىدى. ئەمما بارلىق تاجاۋۇزچىلارغا ئوخشاشلا، ھەرقانداق نەرسە ئۇلارنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرالمىدى. 1876 ــ يىلى، چىڭ سۇلالىسى





قوشۇنلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ۋە ماسلىشىشى ئارقىسىدا، پەقەت بىر يىلدىن كۆپرەكلا ۋاقىت سەرپ قىلىپ، شىنجاڭنى ئون نەچچە يىل بېسىپ ياتقان ياقۇپ بەگ باندىتلىرىنى قوغلاپ چىقارغان. مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى ياقۇپ بەگ ئىچكى مالىمانچىلىق جەريانىدا قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، جىنايەتلىك ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان.

## 83. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش سىياسىتىنى قانداق يولغا قويغان؟

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چوڭ ــ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىككە ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا زىيان يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن، دەھرىيلەر ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇزاقتىچە دىنىي كۈچلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا ئۇچرىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي ۋە رېئال ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، «دىننى ئىسلاھ قىلىمەن دەپ ئۇرۇپ ــ ئادەتكە چېقىلماسلىق، ھاكىمىيەتنى مۇكەممەل قىلىمەن دەپ خەلق ئىشىغا سەل قارىماسلىق» دېگەن ئاساسىي سىياسەت ئاستىدا، ئىسلام دىنىغا قارىتا ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش سىياسىتى ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

بىرىنچى، دىننىڭ سىياسىيغا، ئەدلىيە ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى مەنئى قىلىش. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاخۇنلۇق سالاھىيىتى بارلىكى ئادەملەرنىڭ بىردەك ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتىشىگە بولمايدىغانلىقىنى، ئەمەلدار بولۇپ ھوقۇق ئىگىلىشىگە تېخىمۇ بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ئۇلارنىڭ قۇرئان ئوقۇشى، ناماز ئۆتىشى، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغىلا يول قويۇلغان، مەمۇرىيەتكە، ئەدلىيە ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمىغان. ئەگەر ئاخۇنلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە مۇرىتلىرىدىن ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتىگەن ياكى ئەمەل تۇتقانلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ يەنە ئاخۇنلۇقنى قوشۇمچە ئۆتىشىگىمۇ يول قويماي، ئاخۇنلارنىڭ

ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن پايدىلىنىپ سىياسىيغا ئىشتىراك قىلىشى ۋە ئارىلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. دىنىي يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىغا مەنسۇپ بولغان چوڭ ئاخۇنلارغا قارىتا يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ «تاللاپ كۆرسىتىشى» نى بەلگىلەپ، دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنى كونترول قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغان. ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، دىن سىياسىيغا ئارىلىشىدىغان ھادىسىلەر بەزىدە يەنىلا سادىر بولغان. مەسىلەن، يەكەن ئەمەلدارلىرى ھاكىمبەگ (مەمۇرىي ئەمەلدار) ئۈستىدىن ئەرز قىلغاندا، ئەرز نامىگە تۇنجى بولۇپ قول قويغىنى ئاخۇنلار بولغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن، پادىشاھ چيەنلۇڭ بۇ ئىشنى شەخسەن ئۆزى سۈرۈشتۈرگەن ھەمدە يەنە بىر قېتىم ئېنىق قىلىپ مۇنۇلارنى بەلگىلىگەن: بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى پەقەت ھاكىمبەگ بىرتەرەپ قىلىدۇ، «ئاخۇنلارنىڭ ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ». ئۇ يەنە شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلاردىن بۇ بەلگىلىمىنى شىنجاڭدىكى بارلىق يۇقىرىلارغا چوقۇم بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. ئەدلىيە جەھەتتە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەش ئىستراتېگىيىسىنى قوللانغان. ئەڭ دەسلەپتە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاسىيلىق قىلىش، خائىنلىق قىلىش قاتارلىق ئېغىر جىنايەتلەرنى چوقۇم چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنى بويىچە بىرتەرەپ قىلىشنى، ئادەتتىكى ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى شەرىئەت بويىچە بىرتەرەپ قىلىشنىلا بەلگىلىگەن. كېيىن ئاستا ـ ئاستا جىنايى ئىشلار ئەدلىيىسى ھوقۇقىنى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، جىنايى ئىشلار قانۇنى جەھەتتە چوقۇم چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنى، شەرىئەتنىڭ پەقەت ھەق تەلەپ دېلولىرىنى تەرگەۋ قىلىشنى بەلگىلىگەن.

ئىككىنچى، ھۆكۈمەت دىنىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مەزھەپ مەسىلىسى دىنىنىڭ ئىچكى ئىشى، مەزھەپلەر تالاش ـ تارتىشىغا ھۆكۈمەت ئارىلاشماسلىقى كېرەك، دەپ قارىغان. بولۇپمۇ ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار مەسىلىسىدە، ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ھىمايە قىلسىلا ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنغان، ئەمەلدارلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشتە، «يوق يەردىن قۇسۇر تېپىپ»، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خەۋپ يەتكۈزۈشتىن





ساقلىنىش ئۈچۈن، چەك ـ چېگرانى مەزھەپ بىلەن ئايرىمىغان. كېيىن ئاق تاغلىق خوجىلار ئەۋلادلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكتىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاندىن بۇ سىياسەتنى ئۆزگەرتكەن.

ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ھەقىقىي ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دىنىي ئىشلارغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەن. ئاخۇنلارنىڭ چوقۇم ئەمەلدارلار تەرىپىدىن تاللىنىشىنى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشىنى، كۆرسىتىلگەن نامزات مۇۋاپىق بولمىسا جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان «ئېقىمغا قارشى» ھەرىكەتلەر قاتتىق تەكشۈرۈپ مەنئى قىلىنغان ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىلگەن. دىندىن پايدىلىنىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش سېزىلگەن ھامان، «باش جىنايەتچىلەرمۇ، ئەگەشكۈچى جىنايەتچىلەرمۇ» بىردەك «قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىنغان»، «قارا كىتابلارنى ئوقۇش» مەنئى قىلىنغان. «قارا كىتاب» دېگىنىمىز، «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس» قاتارلىق ئىسلام دىنى دەستۇرلىرىدىن باشقا، ساختا دىنىي كىتابلارنى كۆرسىتىدۇ. «قارا كىتابلارنى يېزىپ چىقىپ، قانۇنسىز سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەنلەر» نىڭ «قارا كىتاب» ئارقىلىق ئاممىنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتقانلار دەپ قارىلىپ قاتتىق جازالىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش سىياسىتىنى ۋە دىنىي ئىشلارغا بولغان باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشتىكى مەقسىتى ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئىدى، شۇنداقلا بۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتتە بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت ئىدى. گەرچە بۇ سىياسەت تازا ئەتراپلىق بولمىغان، مەسىلەن، شەرىئەتتە دىنىنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا بوشلۇق قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، شۇجاي، شۇ ۋاقىت ۋە ئورۇپ ـ ئادەتكە قاراپ تۈزۈلگەن، شۇڭا ئۇ بىر قەدەر كۈچلۈك قاراتمىلىققا ئىگە بولغان. ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، شىنجاڭدا ئۇزاقتىنچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەمۇرىي ھوقۇق بىلەن دىنىي ھوقۇق

گىرەلىشىپ كېتىدىغان تۈگۈن يېشىلىپ، ئىككىنىسىنىڭ ئايرىلىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئېشقا ئېشىپ، مەيلى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ياكى ئىسلام دىنىنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىغا بولسۇن، ئوبيېكتىپ جەھەتتە غايەت زور ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن.

### 84. ياڭ زېڭشىن دىنىي ئىشلارنى قانداق باشقۇرغان؟

ياڭ زېڭشىن (1863 ـ 1928) كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يۈننەندە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئەمەلدارلىق ھاياتى «جۇڭگونىڭ مەككىسى» دېگەن نامغا ئىگە بولغان گەنسۇدىكى خېجۇ ئايمىقىدا باشلانغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شىنجاڭغا يۆتكىلىپ ۋەزىپە ئۆتىگەن، مىنگو يىللىرىدا شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى، ئۆلكە باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ئۇ مىللەت، دىن مەسىلىلىرىنى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنى مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا مول تەجرىبىگە ئىگە بولغان.

ئۇ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، دىن سىياسىتىنى باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭنى ئىدارە قىلىدىغان ئاساسىي سىياسەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلغان. ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ دىن سىياسىتىدىكى تەجرىبە ۋە ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ گەنسۇ ۋە شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىلدىكى دىن مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش تەجرىبىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، پايدىلىنىش بىلەن چەكلەش بىرلەشتۈرۈلگەن دىن سىياسىتىنى تۈزۈپ چىققان. ئۇ دىنغا قارىتا «باشقۇرۇشقا پايدىلىق بولسا، ئۇنى مەن قوللىنىمەن، باشقۇرۇشقا پايدىسىز بولسا قوللانمايمەن» دېگەن قاراشتا بولغان. مۇسۇلمانلار ئاھالىسى مۇتلەق زور كۆپچىلىكنى ئىگىلەيدىغان شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ رايوندا، ئىسلام دىنىدىن پايدىلانمىسا، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش تەس ئىدى؛ بىراق، دىنغا چەكلىمە قويۇلمىسا، باشباشتاقلىق كېلىپ چىقىپ، باشقىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىلىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت يېتىشى مۇمكىن ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىشتا ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى چوڭ تەدبىرنى قوللانغان: بىرىنچىسى، دىنىي زاتلارنى ئۆزىگە تارتىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش. ئۇ مۇنداق قارىغان: مۇسۇلمانلار ئاخۇنلارنىڭ گېپىنى بەك ئاڭلايدۇ، ئۇلار ئاخۇنلارغا ھوقۇق تۇتقانلاردىنمۇ بەك ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە بويسۇنىدۇ؛ ئاخۇنلار بولسا، دىندارلارنى





چەكلەش، تىزگىنلەش، ھەتتا جايلارنىڭ ئامانلىقىنى ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپىنى قوغداش جەھەتلەردە يەرلىك ئەمەلدارلار ئوينىيالمايدىغان روللارنى ئوينىيالايدۇ. شۇڭا ئۇ ئاخۇنلارغا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە نۇرغۇن ئىمتىياز ۋە مەنپەئەت بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە ھەشقاللا ئېيتىدىغان ۋە ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىدىغان قىلغان. ئىككىنچىسى، «مۇسۇلمانلار قوشۇنى» قۇرغان. مۇسۇلمانلار قوشۇنى خۇيزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىنىمۇ مۇسۇلمانلار ئۈستىگە ئالغان. مۇسۇلمانلار قوشۇنى ياڭ زېڭشىننىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدايدىغان مۇھىم قورالى بولۇپ قالغان.

ياڭ زېڭشىن ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام دىنىغا قارىتا بىر قاتار چەكلەش تەدبىرلىرىنىمۇ قوللانغان. ئۇ مۇنۇلارنى بەلگىلىگەن: دىنىي پائالىيەتلەرنى پەقەت دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدىلا ئاشكارا ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ، خۇسۇسىيلار ئاچقان خانىقا ۋە ئائىلىلەردە توپلىشىپ قۇرئان ـ تىلاۋەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ پەقەت بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئۆز ئائىلىسىدە توپلىشىپ ناماز ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، باشقىلارنىڭ قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ پەقەت ئەسلىدە بار مەزھەپلەرنىڭ قانۇنلۇق پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، «باشقىدىن مەزھەپ تەشكىللەش»، «شەخسىي ئېقىم پەيدا قىلىش» قا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ ئۆز ئالدىغا يېڭىدىن مەسچىت سېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ رايون ئاتلاپ دىن تارقىتىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ؛ چەت ئەللىكلەرنىڭ شىنجاڭدا دىن تەرغىب قىلىشىغا، دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ ئاخۇنلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنى دىندارلار ئۆزى قارار قىلىدۇ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ «تەكشۈرۈپ تەيىنلىشى» قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ، «پارا ئېلىپ تەيىنلەش» كە تېخىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ. چەت ئەلگە چىقىپ ھەج قىلىشقا قاتتىق چەكلىمە قويۇلغان؛ ھەج قىلىش پاسپورتىنى پەقەت دىپلوماتىيە ئورگانلىرىنىڭلا تارقىتىدىغانلىقى ھەمدە ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىش كېرەكلىكى، جايلاردىكى

ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا پاسپورت تارقىتىشىغا بولمايدىغانلىقى، پاسپورت بېجىرىشتە چوقۇم پاسپورت ماركا بېجى تاپشۇرغاننىڭ سىرتىدا، يەنە 600 سەر كۈمۈش يولۇچى بېلىتى پۇلى تاپشۇرىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

ياڭ زېڭشىننىڭ دىندىن پايدىلىنىشى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ قوللىشىغا ۋە ھەمكارلىشىشىغا ئېرىشكەن، مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان زىددىيەتنى پەسەيتكەن، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداشقا ھەم ئىجتىمائىي مۇقىملىققا پايدىلىق بولغان. ئۇنىڭ دىننى چەكلەش تەدبىرلىرى دىننىڭ بەلگىلەنگەن دائىرىدە نورمال پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا؛ دىننىڭ سىياسىيغا، ئەدلىيە ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنىڭ، شۇنىڭدەك دىندىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا، جەمئىيەتكە زىيانلىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا؛ دىنىي يۇقىرى تەبىقە كۈچلىرىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يەرلىك ھاكىمىيەتنى كونترول قىلىپ يەرلىككە زىيان يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا؛ دىنىي كۈچلەرنىڭ غەيرىي نورمال ھالدا تەرەققىي قىلىشى ياكى يامان خاراكتېرلىك كۆپىيىشىنى چەكلەشتە؛ چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى ۋە سىڭىپ كىرىشىنى توسۇشتا، بولۇپمۇ پانئىسلامىزمنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشىنى چەكلەش قاتارلىقلاردا ئىجابىي ۋە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرغان.

**85. يېقىنقى دەۋردىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلەر پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمدىن پايدىلىنىپ قانداق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى؟**

20 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، پانئىسلامىزم شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئۇنى ئەڭگۈشتەر دەپ بىلىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنىڭ بايرىقى ۋە قورالى قىلىپ، پانئىسلامىزملىق دىن قارىشى ۋە دۆلەت قارىشىنى ھەدەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، «مۇسۇلمانلار بىرلىشىپ، كاپىرلارنى يوقىتىپ، بىرلىككە كەلگەن خەلىپىلىك دۆلىتى قۇرايلى» دەپ داۋراڭ سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى بىرلەشتۈرۈپ،





«دۆلىتىمىز شەرقىي تۈركىستان، مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام» دېگەن بۆلگۈنچىلىك سىياسىي پروگراممىسىنى ئويدۇرۇپ چىقتى. بۇ پروگرامما شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بىر تەرەپتىن، بۇ ئەكسىيەتچىل سىياسىي پروگراممىنى تەرغىب قىلىپ ۋە كۆككە كۆتۈرۈپ، ئاممىنى ئالدىدى ۋە قاشقالاشتۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن، مىللەت، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى غالجىرلارچە ئېلىپ باردى.

1932 ــ يىلى، پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى ئۇنسۇر مۇھەممەت ئىمىن ھەممىدىن ئاۋۋال خوتەندە پانئىسلامىزملىق، پانتۈركىزملىق تەشكىلات ــ «مىللىي ئىنقىلابىي كومىتېتى» نى قۇردى. كېيىنكى يىلى كېرىيە، قاراقاشتا ئالتۇن كان ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى يۈز بەردى. مۇھەممەت ئىمىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا كۆز بوياپ كىرىۋالدى. ئۇ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭنى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان توپىلاڭغا ئۆزگەرتىۋەتتى. توپىلاڭچىلار خوتەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، مۇھەممەت ئىمىن ئالدىراپ ــ تېنەپ «خوتەن ئەمىر ھۆكۈمىتى» (خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى دەپمۇ ئاتالغان) قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۆزىنى «ئەمىر (پادىشاھ) ــ I» قىلىپ بېكىتتى. يەنە بىر پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى ئۇنسۇر، ئاتۇشلۇق سابىت داموللا قورچاق ھۆكۈمەتنىڭ «زۇڭلى» سى بولدى.

1933 ــ يىلى 11 ــ ئايدا، مۇھەممەت ئىمىن سابىت داموللا بىلەن بىرلىشىپ، قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. خوجىنىياز قورچاق ھۆكۈمەتكە «زۇڭتۇڭ» ، سابىت داموللا «زۇڭلى» بولدى. قورچاق ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى چوڭ پومېشچىك، چوڭ سودىگەرلەر، ئەكسىيەتچىل دىنىي كاتتىۋاشلار ياكى پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلار ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن كونكرېت ۋەزىپە ئۆتىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرغۇچى ئىدى. بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت ئاتالمىش

«ئاساسىي قانۇن»، «تەشكىلىي پروگراما»، «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى»، «ھەر قايسى مىنىستىرلىك، نازارەتلەرنىڭ يولغا قويۇش چارىسى» دېگەن نىمىلەرنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭ قورچاق «ئاساسىي قانۇن» ىدا مۇنداق دېيىلگەن: بىزنىڭ بۇ ئىسلام دىنى دۆلىتىمىز شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىردىنبىر، رەھبەرلىكى بولغان، نوپۇزلۇق ھۆكۈمىتى، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنى دۆلىتىگە تەۋە. ئۇنىڭ «تەشكىلىي پروگراممىسى» دا: شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە ئاساسەن قۇرۇلدى. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ «دۆلەت ھاكىمىيىتى» نى ئىدارە قىلىدۇ، دېيىلگەن. پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلار ياساپ چىققان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە، تارىخنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا مۇخالىپ كېلىدىغان بولغاچقا، ئاران ئۈچ ئاي مەۋجۇت بولۇپلا قومۇرۇپ تاشلاندى. بۇ قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ ئۆمرى قىسقا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى ئىنتايىن قەبىھ بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامغا كۆچلۈك سىياسىي مەزمۇن قوشۇلۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ پروگراممىسى ۋە بايرىقىغا ئايلاندى.

1944 ـ يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي رايونىدا گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» پارتلىدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگۈچىلەر دىنىنىڭ ئاسارىتى ۋە تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغانلىقتىن، رەھبەرلىك ھوقۇقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى ئۇنسۇر ئېلىخان تۆرە ۋەكىللىكىدىكى ئەكسىيەتچى مىللىي، دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىلىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئېلىخان تۆرە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» قۇرۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئېلىخان تۆرە: «شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدىن جۇڭگونىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى تۈپ يىلتىزىدىن، ئۇزۇل ـ كېسىل قومۇرۇپ تاشلاپ»، «ھەقىقىي، ئەركىن، مۇستەقىل دۆلەت» قۇرۇش لازىم، دەپ جار سالغان. ئۇ، ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ ئاممىنى





ئالداش، ئۆزىنىڭ نوپۇزى ۋە ئورنىنى قوغداش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنى كۆچەيتىدىغان بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتە دىن ئىشلىرى نازارىتى، دىنىي سوت تەسىس قىلغان؛ ئارمىيىدە كەسپىي دىنىي خادىملارنى تۇرغۇزغان، تۆەن دەرىجىلىك ئورۇنلاردا بىر نەپەر كەسپىي دىنىي مۇئاۋىن تۆەنجاڭ، لىيەن دەرىجىلىك ئورۇنلاردا كەسپىي ئاخۇن تۇرغۇزغان. ئېلىخان تۆرە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۆنىلىشىنى تۈپتىن بۇراپ، ئىنقىلابقا ئىنتايىن زور زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلمىشلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوشۇنىدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر ئاخىرى ئېلىخان تۆرە ۋەكىللىكىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىپ، ئالدىنقى مەزگىلدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى يېڭىۋاشتىن توغرا يولغا كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

مۇھەممەت ئىمىن، سابىت داموللا، ئېلىخان تۆرە قاتارلىق كونا پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلار ۋە بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى، شۇنىڭدەك ئۇلار قۇرغان بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتلەرنى تارىخنىڭ چاقى ئاللىقاچان يانجىپ تاشلىدى. لېكىن ئۇلار تەرغىب قىلغان پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ۋە بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ قالدۇق زەھىرى ۋە تەسىرى تېخى پاكىزە تازىلانغىنى يوق. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار يەنىلا پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمدىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. لېكىن، خۇددى كونا بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارغا ئوخشاش، يېڭى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارمۇ مۇقەررەر ھالدا مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

**86. مەسچىت دېگەن نېمە؟ شىنجاڭدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى قايسىلار؟**

مەسچىت ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، ناماز ئوقۇيدىغان سورۇن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسچىت دەسلەپتە مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇش سورۇنىدىنلا ئىبارەت ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ رولىدا پەيدىنپەي ئۆزگىرىش

بولۇپ، ئەسلىدىكى رولىدىن باشقا، يەنە مۇسۇلمانلار تاھارەت ئالىدىغان سورۇنغا، دىنىي بىلىملەرنى تارقىتىدىغان، دىنىي كەسىپلەرنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپكە، مۇسۇلمانلارنىڭ توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ماجىرالىرىنى مۇرەسسە قىلىدىغان مۇلازىمەت سورۇنىغا ئايلانغان.

ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن دەسلەپكى چاغلاردا، ئاتۇشتا شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ تۇنجى ئاتۇش خانىقاسى مەيدانغا كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەر ـ بازار، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە مەسچىت بارلىققا كەلگەن.

شىنجاڭدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىرىنچىدىن، سانى كۆپ، ئىككىنچىدىن، تۈرى كۆپ، ئۈچىنچىدىن، بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئۆزگىچە.

شىنجاڭدا، مۇسۇلمانلار بارلىكى جايدا مەسچىت بار. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بۇيان، مەسچىتلەرنىڭ سانى زور دەرىجىدە كۆپەيگەن. ئەڭ يېڭى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى مەسچىتلەر 24 مىڭغا يەتكەن.

شىنجاڭدىكى مەسچىتلەر ھېيتگاھ مەسچىتى، جامە مەسچىتى، ئادەتتىكى مەسچىت، مازار مەسچىتى، يولۇچىلار مەسچىتىدىن ئىبارەت بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

*ھېيتگاھ مەسچىتى* بۇ مۇسۇلمانلار قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيتتا توپلىشىپ ناماز ئوقۇيدىغان چوڭ تىپتىكى مەسچىتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۈردىكى مەسچىتلەر، ئومۇمەن، مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا سېلىنىدىغان بولۇپ، كۆلىمى زور، ھەشەمەتلىك بولۇش ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى ھېيتگاھ مەسچىتى، ئاپئاق خوجا مازىرىدىكى ھېيتگاھ مەسچىتى، قۇمۇل ۋاڭ قەبرىستانلىقىدىكى ھېيتگاھ مەسچىتى داڭلىق مەسچىتلەر ھېسابلىنىدۇ.

*جامە مەسچىتى* مازار مەسچىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جامە دېگىنىمىز ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، توپلىشىپ ناماز ئوقۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. جامە مەسچىتى مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ناماز ئوقۇيدىغان ۋە باشقا دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزىدىغان سورۇن بولۇپ، ئادەتتە ناھىيە بازارلىرىدىكى





مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونغا سېلىنىدۇ. بۇ تۈردىكى مەسچىتلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى خېلى زور، دىنىي كەسپىي خادىملىرىمۇ خېلى تولۇق بولىدۇ. شەھەرلەردىكى مەسچىتلەرنىڭ كۆپچىلىكى مۇشۇ تۈرگە ياتىدۇ.

*ئادەتتىكى مەسچىت* ئادەتتە مەسچىت دەپلا ئاتىلىدۇ. بۇنداق مەسچىتلەر شەھەر، يېزىلاردىكى مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا تارقالغان بولىدۇ. بۇ يۇقارقى بەش خىل مەسچىت ئىچىدىكى ئەڭ كۆپ بىر خىلى بولۇپ، شىنجاڭدىكى مەسچىتلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى مۇشۇ خىلغا ياتىدۇ.

*مازار مەسچىتى* بۇ مازارنىڭ قوشۇمچە بىناسى سۈپىتىدىكى مەسچىت بولۇپ، مازارنى تاۋاپ قىلغۇچىلار ناماز ئوقۇيدىغان سورۇن ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى مازارنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى ۋە قۇرۇلۇش كۆلىمىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. ئاپئاق خوجا قەبرىستانلىقى ئىچىدىكى مازار ئەڭ داڭلىق بولۇپ، تۆت بىناغا بۆلۈنگەن.

*يولۇچىلار مەسچىتى* بۇ يولۇچىلارنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن يول ياقىسىغا سېلىپ قويۇلغان مەسچىت بولۇپ، قۇرۇلۇشى ئىنتايىن ئاددىي بولىدۇ. مەسچىتنىڭ كەسپىي دىنىي خادىملىرىمۇ بولمايدۇ.

شىنجاڭدا 10 مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەسچىتلىرىنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، خۇيزۇ مەسچىتلىرى خەنزۇ بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىغان بولۇپ، كۆپچىلىكى ئوردا ئۇسلۇبىدا سېلىنغان. ئۇيغۇر مەسچىتلىرى ئەرەب ئۇسلۇبىدا ياكى ئەرەبلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئۇسلۇبى ئارىلاشتۇرۇپ سېلىنغان ۋە ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۇسلۇبى بىلەن خەنزۇلارنىڭ مىللىي ئۇسلۇبى بىرلەشتۈرۈلۈپ سېلىنغان.

## 87. مازار دېگەن نېمە؟ شىنجاڭدىكى داڭلىق مازارلار قايسىلار؟

مازار ئەرەبچە سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «مۇقەددەس جاي»، «مۇقەددەس قەبرە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئاساسلىقى دىنىي كاتتىۋاشلار، ئەۋلىيالارنىڭ ئەۋلادلىرى قاتارلىق

دۆلەتمەنلەرنىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىلىمىزدىكى خۇيزۇلار ئۇنى «گۇمبەز» دەپمۇ ئاتايدۇ. شىنجاڭ رايونىدا، مازار دىنىي كاتتىلارنىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئىسلام دىنى ھاكىمىيىتىنىڭ كاتتىۋاشلىرى، داڭلىق ئىسلامىيەت ئالىملىرى، دىن يولىدا قۇربان بولغانلارنىڭ قەبرىسىمۇ مازار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدا يەنە قەدىمكى زاماندىكى ئىپتىدائىي چوقۇنۇشنى ئىپادىلەيدىغان نۇرغۇن مازارلار بار.

مازارنىڭ كۆپچىلىكىدە مازارنى تاۋاپ قىلىش ئەۋج ئالغان بولىدۇ. بۇ شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ كۆرۈنەرلىك رايون ئالاھىدىلىكى. ھەر خىل مازارلار پۈتۈن شىنجاڭنىڭ شەھەر ـ بازار، يېزا ـ كەنتلىرىگە تارقالغان. بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن رايونلىرىغا بەك مەركەزلەشكەن.

شىنجاڭدىكى مازارلارنى دەپنە قىلىنغۇچىنىڭ سالاھىيىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى بويىچە مۇنداق بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشىدا مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ئىسلام ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مازىرى. مەسىلەن، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرى، تۇغلۇق تىمۇرخان مازىرى، ئىلى ئارسلانخان مازىرى قاتارلىقلار.

(2) ئىسلامىيەتنىڭ داڭلىق ئالىملىرى مازىرى. مەسىلەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، مەھمۇد قەشقىرى مازىرى قاتارلىقلار.

(3) دىنىي كاتتىۋاشلار مازىرى. مەسىلەن، ئەرشىدىن خوجا مازىرى، ئاپئاق خوجا مازىرى، ئالتۇن مازار قاتارلىقلار.

(4) چەتتىن كېلىپ دىن تارقاتقۇچىلار مازىرى. بۇنداق مازارلارنىڭ «خوجايىنى» رىۋايەتتىكى شەخسلەر، ياكى تارىختا ئۆتكەن بولسىمۇ، شىنجاڭغا ئەزەلدىن كېلىپ باقمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، جەئپەر سادى مازىرى قاتارلىق خوتەن رايونىدىكى بارلىق شىئە مەزھىپىنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ مازىرى، گېيىش گۇمبىزى، چىلتەنلىرىم مازىرى قاتارلىقلار.

(5) باشقا مازارلار. بۇنداق مازارلاردا ھەقىقىي دەپنە قىلىنغۇچىلار يوق بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان دەۋردىن قېپقالغان مازارلاردۇر. بۇ مازارلار بۇ





مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە نەسىل قالدۇرۇشقا بولغان چوقۇنۇشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئاق تېرەك مازار، يىلان مازار، كەپتەر مازار، بويتاق ئەر مازىرى (تۇغماس ئاياللار مەخسۇس مۇشۇ مازارغا كېلىپ تاۋاپ قىلىدۇ) قاتارلىقلار.

مازار ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن. شىنجاڭ رايونىدىكى ئەڭ بالدۇر مەيدانغا كەلگەن مازار — قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خاقانى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ «غازات ئۇرۇشى» قىلىشىغا ئەگىشىپ، مازارنىڭ سانى تېزلىكتە كۆپەيگەن. 14 ـ ئەسىردىن كېيىن، خوجا، ئىشان قاتارلىق دىن كاتتىۋاشلىرىنىڭ مازارنى تاۋاپ قىلىشنى زور كۈچ بىلەن يۇكسەلدۈرۈشى ئارقىسىدا، مازار سېلىش ۋە ئۇنىڭغا تاۋاپ قىلىش ئادەتكە ئايلانغان.

مازارلارنىڭ بىناكارلىق كۆلىمى ۋە شەكلى پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، چوڭ تىپتىكى مازارلاردا چوڭ ۋە ئېگىز قەبرە، مەسچىت، خانىقا (ئىشان مەزھەپچىلەرنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنى)، مەدرىسە قاتارلىق قوشۇمچە بىنالىرى كۆپرەك بولىدۇ. ئۇنى مەخسۇس شەيخلەر باشقۇرىدۇ، كۆپچىلىكى شەھەر ـ بازارلار ياكى مەنزىرىلىك شەھەر ئەتراپى رايونىغا سېلىنغان بولىدۇ. ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى مازارلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئاددىي بولۇپ، مەخسۇس باشقۇرىدىغان خادىمى بولمايدۇ، كۆپچىلىكى چۆل ـ جەزىرىدە بولىدۇ. لېكىن قايسى تىپتىكى مازار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇستەسناسىز ھالدا، ئۇنىڭغا تاۋاپ قىلغۇچىلار تۇغ، لاتا، ئات، كالا قويرۇقى، قويىنىڭ بېشى، مۈڭگۈزى، تېرىسى ۋە باشقا ھەر خىل تەرمىلەرنى ئېسىپ قويۇشىدۇ. مانا بۇ مازار بىلەن باشقا ئادەتتىكى قەبرىلەرنىڭ پەرقى.

**88. شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى نېمە ئۈچۈن مازارنى تاۋاپ قىلىدۇ؟**

مازارنى تاۋاپ قىلىش شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنىڭ چوقۇنۇشى بىلەن مىللىي ئەنئەنىۋى چوقۇنۇشنىڭ ئۆزئارا بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى.

مازارنى تاۋاپ قىلىش ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە پەيدا بولغان. 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، خوجىلار كۈچىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، مازارنى تاۋاپ قىلىش پەيدىنپەي ئەۋج ئالدى. خوجىلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ۋە دىنىي ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مازارنى تاۋاپ قىلىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلدى ۋە تەرغىب قىلدى. ئۇلار ھېكايە، رىۋايەت توقۇش، نەزمە ئوقۇش، ۋەز - نەسىھەت قىلىشتىن ئىبارەت ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق، ئىسلام دىنى ئەۋلىيالىرىنىڭ ئەۋلادلىرى، خان - پادىشاھلىرى، دىنىي كاتتىۋاشلىرى، دۆلەتمەنلىرىنى «ئەۋلىيا» لار دەپ، ئۇلار دەپنە قىلىنغان مازارلارنى «مۇقەددەس قەبرە» دەپ، ئۇلارنىڭ مازارلىرىنى تاۋاپ قىلغانلارنى ئۇلار قوغدايدۇ، قىيامەت قايىم بولغاندا ئۇلار ئاللانىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدۇ، مازارنى تاۋاپ قىلغۇچىلار ئۇ ئالەمگە بارغاندا جەننەتكە كىرىپ بەخت - سائادەتتىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولىدۇ، دەپ كۆككە كۆتۈردى. ئۆزلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ «ئەۋلىيا ئەۋلادلىرى» دەپ ئاتىۋالغان خوجىلارنىڭ مازارنى تاۋاپ قىلىشنى كۆككە كۆتۈرۈشتىكى مەقسىتى مۇسۇلمان ئاممىسىنى ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ئۆزلىرىگە چوقۇندۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا داۋاملىق چوقۇندۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى روھىي جەھەتتىن مەھكەم تىزگىنلەشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقى، قۇترىتىشى ئارقىسىدا، نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئالەمدىكى بەخت - سائادەتلىك بولۇش ئۈمىدىنى مازارنى تاۋاپ قىلىشقا باغلاپ، مازارنى تاۋاپ قىلىش بارا - بارا ئۇلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلانغان. خەلق ئارىسىدا ھەتتا « مازارنى تاۋاپ قىلىش مەككىگە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلىشنىڭ ئورنىنى باسىدۇ» دېگەن سۆزلەرمۇ تارقالغان، شۇنىڭ بىلەن مەككىگە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلىشقا ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەن نۇرغۇن مۇسۇلمانلار تېخىمۇ ئەسەبىيلەرچە مازارنى تاۋاپ قىلىدىغان بولغان.

مازار تاۋاپ قىلىش ئەسەبىيلىكى بەزى يامان نىيەتلىك ئادەملەرگە مازار ۋە مازار تاۋاپ قىلىشتىن پايدىلىنىش پۇرسىتى ھازىرلاپ بېرىدۇ.





خوجىلار ۋە ئىشانلار ھەمىشە مازاردىن پايدىلىنىپ «مۆجىزە» يارىتىپ، ئۆزلىرىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ، مۇرىتلارنى تىزگىنلەپ، باشقىلارنى چەتكە قېقىپ كەلگەن. ياقۇپ بەگ نىيە چوڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىش نامى بىلەن خوتەن ھاكىمىيىتىنى بۆلۈپ ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان كاتتىۋاشلارنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، بىر ھۇجۇم بىلەنلا خوتەن شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالغان. ئۇ تەيىنلەپ ئەۋەتكەن خوتەن ھۆكۈمرانى بولسا يالغان مازار سالدۇرۇپ، ئۆزى تالان - تاراج قىلغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى شۇ يەرگە يوشۇرغان، بۇ يالغان مازارنى مەلۇم «ئەۋلىيا» نىڭ مازىرى دەپ ئاتىۋېلىپ، نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى جەلپ قىلىپ تاۋاپ قىلدۇرغان. دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا، يېقىندىن مازار سېلىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئەينى ۋاقىتتا ئەۋج ئېلىپ كەتكەن.

مازارنى تاۋاپ قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ تەلىماتىغا خىلاپ بولغاچقا، ئۇ ئوتتۇدۇكىس دىنىي زاتلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ كەلدى. لېكىن، مازار تاۋاپ قىلىش شامىلى يەنىلا ئەۋج ئېلىپ كەتتى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا بۇ شامال تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. مەيلى شەھەر - بازار، يېزا - قىشلاق بولسۇن، مازار بارلىكى جايلاردا ئۇنىڭغا تاۋاپ قىلىدىغانلار بار بولۇپ كەلدى. مەخسۇس مازار تاۋاپ قىلىشقا بارمىغان تەقدىردىمۇ، كىشىلەر مازارغا يولۇققاندا، مېڭىشتىن توختاپ مازارغا قاراپ دۇئا قىلىدىغان بولدى. ئىجتىمائىي تەسىرى زور بولغان بەزى مازارلارنى تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ سانى 10 مىڭ كىشىگە يېتىدىغان بولۇپ، كۆلىمى ناھايىتى زور بولدى. بەزى ئالاھىدە مازارلاردىن باشقا، مازار تاۋاپ قىلىش ۋاقتى ئادەتتە مۇقىم بولمايدۇ. تۆت پەسىلنىڭ ھەممە ۋاقتىدا كىشىلەر ئۇ يەرگە بېرىپ تاۋاپ قىلىۋېرىدۇ. لېكىن كۆپچىلىكى ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدىكى بوش ۋاقىتلارنى تاللاپ بېكىتىدۇ. بۇ چاغدا ئەر - ئايال مۇسۇلمانلار پىيادە، ئۇلاغلىق، تەنھا ياكى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە بارىدۇ. مازاردا ئومۇمەن 3 — 4 كۈن تۇرىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 40 كۈن تۇرىدۇ. مازاردا، ئىشان مەزھىپىدىكىلەر كوللېكتىپ دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزگەندىن باشقا، قالغان تاۋاپ قىلغۇچىلار ئومۇمەن ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىدۇ. پائالىيەت مەزمۇنى ۋە شەكلى كۆپ خىل بولىدۇ، مازاردىن ئۆزىنى ۋە پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى بەختلىك قىلىشنى

تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلىدىغانلارمۇ، ئەر ـ خوتۇن، بالا ـ چاقىلار ئەدەپ ـ ئىنسابلىق، ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىدىغانلارمۇ، كېسەلنى ساقايتىش، پەرزەنت تەلەپ قىلىش، ئەمەل ـ بايلىق تەلەپ قىلىش نىيىتىدە بولغانلارمۇ بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مازارلاردا يايما يېيىپ ئوقەت قىلىدىغانلار، قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىدىغانلار، ھەتتا توخۇ، سوقۇشتۇرىدىغانلار، ئىت تالاشتۇرىدىغانلار، قىمار ئوينايدىغانلار، زەھەر چېكىدىغانلارمۇ پەيدا بولدى.

مازار تاۋاپ قىلىشنىڭ ئەۋج ئېلىشى ئىسلام ھۆكۈمرانلىرى، شۇنداقلا خوجا، ئىشانلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن بولغاندىن سىرت، ئاساسلىقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بۇ مىللەتلەردە ئىلگىرى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردىلا ئاتا ـ بوۋىسىغا، قەبرىگە چوقۇنۇش ئادىتىنىڭ بولغانلىقىدىن بولغان. ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ، يەنىلا بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئادىتىنى تاشلىماستىن، بەلكى ئۇنى ئىسلام دىنىغا ئېلىپ كىرىپ، ئەۋلىيالارغا چوقۇنۇش شەكلى بىلەن ئۇنى ئىسلامىيەتلەشتۈرگەن. مازار تاۋاپ قىلىش ئىسلام دىنى تونىغا ئورنىتىۋالغان ئىپتىدائىي دىنغا چوقۇنۇش ھېسابلىنىدۇ، مازار تاۋاپ قىلىشنىڭ ئاساسىي مۇراسىملىرى ۋە مەزمۇنى، مەسىلەن، مازار ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تاۋاپ قىلىش، دۇئا قىلىش، مال بوغۇزلاپ، قان قىلىپ نەزىر قىلىش؛ ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى بايان قىلىپ ئۆزىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش؛ مازار ئەتراپىدىكى دەرەخلەرگە ياكى ئوت ـ چۆپلەرگە لاتا باغلاش، دەرەخنىڭ شاخلىرىنى سانجىپ قويۇش، تۇغ قاداش، مۇما قاداش ۋە ئات ـ كالىنىڭ قۇيرۇقى، قوينىڭ بېشى، مۈڭگۈزىنى ئېسىپ قويۇش ياكى ئىنچىكە سامان تىقىلغان پۈتۈن «قوي» نى تىرىك كۆمۈش؛ داپ ـ دۇمباق، سۇناي چېلىپ ساماغا دەسسەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شامان دىنىنىڭ مۇراسىملىرى ئىدى. مازار تاۋاپ قىلىش شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ رايون ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

بەزى چوڭ مازارلاردا تاۋاپ قىلىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن مەزگىلدە نەچچە ئون مىڭ ئادەم توپلىنىدۇ، چوقۇنغۇچىلارنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىكى كۆتۈرۈلىدۇ. شۇڭا باشقىلار ئۇنىڭدىن ئاسانلا پايدىلىنىپ





تاسادىپىي ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى خوتەندە يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ بەزىلىرىنى ئەكسىيەتچىل دىنىي كاتتىۋاشلار مازار تاۋاپ قىلىش مەزگىلىدە قوزغىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، جايلار مازار تاۋاپ قىلىشنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى لازىم.

## 89. ئاپئاق خوجا مازىرى نېمە ئۈچۈن ئىپارخان قەبرىسى دەپ ئاتىلىدۇ؟

قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە ھېيتگاھ مەسچىتى بىلەن تەڭ داڭق چىقارغان ئىسلام دىنى بىناسى بار. بۇ، مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان داڭلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى — ئاپئاق خوجا مازىرى.

ئاپئاق خوجا مازىرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭدىكى ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ كاتتىۋېشى ئاپئاق خوجا ۋە ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ قەبرىستانلىقى. 1670 ـ يىلى، ئاپئاق خوجىنىڭ دادىسى يۈسۈپ خوجا ئۆلگەندە ئۇنىڭ جەسىتى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ بىنانىڭ كۆلىمى چوڭ ئەمەس ئىدى. مازارنى كېيىن قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىكى قوزغىلاڭچىلار كۆيدۈرۈۋەتكەن، كېيىن ئاپئاق خوجا نەچچە ئون مىڭلىغان مەدىكارنى توپلاپ، نەچچە ئون مىڭ سەر كۆمۈش سەرپ قىلىپ، ئەسلىدىكى مازار ئورنىغا يىغىۋاشتىن چوڭ تىپتىكى مازار سالدۇرغان. مازار پۈتۈپ ئىككىنچى يىلى ئاپئاق خوجىنىمۇ قوزغىلاڭچى ئامما ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئۇنىڭ جەسىتىمۇ دادىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. ئاپئاق خوجىنىڭ ئابرۇيى دادىسىنىڭكىدىن يۇقىرى بولغاچقا، مەزكۇر مازار ئاپئاق خوجىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى جەمەتلىرى ئۆلگەندە مۇشۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، بەزى ئەدىبلەر چيەنلۇڭ پادىشاھنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان مەلىكىسى ھەققىدە رىۋايەت خاراكتېرلىك «مەلىكە ئىپارخان ھېكايىسى» نى توقۇپ چىققان ۋە ئىپارخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ جەسىتى ئاپئاق خوجا مازىرىغا

دەپنە قىلىنغان. قەبرە دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى مەپە ئەينى يىللاردا ئىپارخاننىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كەلگەن مەپە ئىدى، قەبرىلەر ئىچىدىكى بىر قەبرە ئىپارخاننىڭ قەبرىسى ئىدى، دېگەن سۆزلەرنى تارقاتقان. مۇشۇ رىۋايەتنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاپئاق خوجا مازىرىغا يەنە «ئىپارخان قەبرىسى» دېگەن نام قوشۇلغان ۋە بۇ نام دۇنياغا تارقالغان. ئىپارخان ھەقىقەتەن ئاپئاق خوجا جەمەتىدىن كېلىپ چىققان. لېكىن ئۇنىڭ ئاكىسى تۇردۇش ئاپئاق خوجىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بولغان چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىغا قەتئىي قارشى تۇرغان ھەمدە بۇيرۇت قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ توپىلاڭچىلار قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، چىڭ خاندانلىقىغا ئۆتۈپ، پايتەختكە بېرىپ بەيئەت قىلغان، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا بىرىنچى دەرىجىلىك تەيجى دېگەن نامنى بېرىپ، بېيجىڭدا قالدۇرۇپ قالغان ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ياردەمچى ۋەزىرلىك ئەمەلىنى بەرگەن. ئىپارخان شۇنىڭ بىلەن ئوردىغا كىرگەن ۋە چيەنلۇڭ پادىشاھنىڭ مەلىكىسى بولغان، ئىپارخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ جەسىتى چىڭ خاندانلىقىنىڭ شەرقىي قەبرىستانلىقى ( ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى زۇنخۇا ناھىيىسىنىڭ مالىيەن جىلغىسىدا ) غا دەپنە قىلىنغان. بۇ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا ئىسپاتلانغان ئىش. ئىپارخان ھېكايىسى پۈتۈنلەي ئويدۇرما بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاپئاق خوجا مازىرىغا سىرلىق ھەم گۈزەل تۈس قوشقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۆزىنىڭ «تۇغما خۇشپۇراقلىق مەلىكە» دېگەن نامى بىلەن داڭق چىقارغان ئىپارخان قەبرىسى ھەر يىلى ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان بولغان.

ئاپئاق خوجا مازىرى ئاساسىي قەبرە ئۆيى، تۆت مەسچىت، مەدرىسە، بىنا دەرۋازىسى ۋە كۆل قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شىنجاڭ رايونىدىكى ئەڭ چوڭ ئىسلام دىنى بىنالار توپى ھېسابلىنىدۇ. مازارنىڭ ھەر بىر قىسمىنىڭ بىنالىرى ئۆز ئالدىغا بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىر ـ بىرىگە رەڭ بېرىپ، جايلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، مۇكەممەل ھەم نەپىس بىنالار توپىنى شەكىللەندۈرگەن. بىنانىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان قەبرە ئۆيى قەبرىستانلىقنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەرەب بىناكارلىق





ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشتۇر. بىنانىڭ تېگى چاسا شەكىللىك بولۇپ، كەڭلىكى 35 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 29 مېتىر، ئۇستۇنكى قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 17 مېتىر، ئېگىزلىكى 26 مېتىر كېلىدۇ. ئۆينىڭ ئىچىگە ئاپئاق خوجىنىڭ بەش ئەۋلاد جەمەتىنىڭ 72 قەبرىسى ( ھازىر 58 قەبرە بار) ئىسلام ئادىتى بويىچە دەپنە قىلىنىپ تىزىلغان، قەبرە ئۆينىڭ تۆت تېمىدا بىردىن تۈۋرۈك بار، ئۆي ئىچىدە ئۇستىگە چىققىلى بولىدىغان شوتا بار. پۈتۈن قەبرىگە يېشىل، سېرىق قار ـ قۇر چاپلانغان بولۇپ، پۈتۈن بىناغا تېخىمۇ كۆركەم، ھەيۋەتلىك تۈس بەرگەن. ھېيتگاھ مەسچىتى قەبرىستانلىقنىڭ غەربىي جەنۇب بۇلۇڭىغا جايلاشقان، مەسچىتتىكى چوڭ خانىقانىڭ تەكشىلىكتىكى كۆرۈنۈشى ئويمان بولۇپ، ئۇدۇلدىكى خانىقا بىلەن ئوڭ ـ سول ئىككى تەرەپتىكى قوشۇمچە خانىقالار ئوتتۇرىسىدىكى ئەگمە گۈمبەزلەر ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەن، تورۇستا تەكشى ئەگمىلەنگەن 19 دانە كىچىك ـ كىچىك گۈمبەزسىمان تورۇس ھاسىل قىلىنغان. ئۇدۇلدىكى خانىقا بىلەن ئىككى چەتتىكى قوشۇمچە خانىقالار پۈتۈنلەي خىش بىلەن ياسالغان بولۇپ، چوڭ خانىقانىڭ پېشايۋانلىرى بولسا بىرمۇ خىش ئىشلىتىلمەستىن، پۈتۈنلەي ياغاچ بىلەن قوپۇرۇلغان. بۇ پېشايۋانلارنى كۆركەم نەقىشلەر ئويۇلغان ئۈچ رەتتىن جەمئىي 70 تىن ئارتۇق ياغاچ تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، پېشايۋان تورۇسلىرى گۈل ئويۇلغان ئۇششاق تاختايلاردىن بىرىكتۈرۈلگەن. بۇ مەسچىتنىڭ ياسىلىشى ئۆزگىچە بولۇپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى بىناكارلىقىدىكى ئۆزگىچە ئۈلگە ھېسابلىنىدۇ.

## 90. نېمە ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ دىنىي ئېتىقاد تارىخىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ۋە توغرا تەشۋىق قىلىش لازىم؟

1998 ـ يىلى، باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدا تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى، جۈملىدىن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە دىنىي ئېتىقاد تارىخىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ ۋە توغرا تەشۋىق قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ تارىخىنى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، دىنىي ئېتىقاد تارىخىنى بۇرمىلاپ تارقاتقان ھەر خىل سەپسەتىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بۇ سەپسەتىلەرنىڭ

ئامما ئارىسىدىكى زەھىرىنى ۋە تەسىرىنى تازىلاش لازىم.

مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش سىياسىي سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ تارىخىنى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە دىنىي ئېتىقاد تارىخىنى ھەدەپ بۇرمىلاپ، قانداقتۇر «شىنجاڭدا قەدىمدىن تارتىپ ئىسلام دىنىلا بولغان»، «ئۇيغۇر مىللىتى قەدىمدىن تارتىپ ئىسلام دىنىغىلا ئېتىقاد قىلغان» دەپ جۆيلىگەن. بۇ، پۈتۈنلەي تارىخىي پاكىتلارغا خىلاپلىق قىلغانلىق، تارىخىي پاكىتنى ئۇزۇل - كېسىل بۇرمىلىغانلىق.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار كۆرسىتىپ بەردىكى، يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە، شىنجاڭدىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلەر ئىپتىدائىي دىن ۋە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 - ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ، ئاتەش دىنى، بۇددا دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىپ، شىنجاڭدا كۆپ خىل دىنلار بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللىنىشكە باشلاپ، بۇددا دىنى، ئاتەش دىنى، داۋجياۋ دىنى، مانى دىنى، نېستورى دىنى ۋە شامان دىنى تارقالغان. ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا بۇددا دىنى ئاساسلىق دىن بولغان، كۆپ خىل دىنلار بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت ئىزچىل ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ خىل ۋەزىيەت مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان. ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئاساس قىلىنغان، كۆپ خىل دىنلار بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن. بۇ دەۋردە، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنىدىن باشقا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەر خىل دىنلار جايلاردا داۋاملىق تارقالغان. بۇ ۋەزىيەت ئالتە ئەسىردىن كۆپرەك داۋام قىلغان. 16 - ئەسىردە ئىسلام دىنى شىنجاڭدىكى ئاساسلىق دىنغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى ئاساسلىق دىن بولغان، كۆپ دىنلار بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. بۇ دەۋردە، ئىلگىرىكى نۇرغۇن دىنلار داۋاملىق تارقالغاندىن باشقا، شۇنىڭدىن تارقالغان بۇددا دىنى، كاتولىك دىنى،





خرىستىيان دىنى ۋە پراۋوسلاۋىيە دىنى تارقىلىپ كىرگەن. بۇ خىل ۋەزىيەت تاھازىرغىچە داۋام قىلماقتا.

تارىخىي پاكىتنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ، بۇرمىلاشقىمۇ بولمايدۇ. تارىخىي پاكىت شۇكى، شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆپ خىل دىنلار بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايون، ھازىر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىلگىرى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كۆپ خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان، ئەھۋال مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئېيتقاندەك: «قەدىمدىن تارتىپلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن» ئەمەس. ئۇيغۇر مىللىتىنى ئالساق، تارىختا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىپتىدائىي دىن، شامان دىنى، ئاتەش دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، نېستورى دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ مىللەتلەر ئارىسىدا تاھازىرغىچە بۇ دىنلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ئۇنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر مەڭگۈ يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدىغان تارىخىي پاكىت.

مىللىي بۆلگۈنچىلەرمۇ شىنجاڭنىڭ دىنىي ئېتىقاد تارىخىنى بىلىدۇ، لېكىن ئۇلار بۇ تارىخنى قەستەن بۇرمىلىغان. ئۇلارنىڭ رەزىل غەرىزى شۇكى، ئۇلار «شىنجاڭدا قەدىمدىن تارتىپ ئىسلام دىنىلا بولغان» دېگەن سەپسەتە ئارقىلىق، «ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مىللەتلەرلا شىنجاڭدا قەدىمدىن تارتىپ ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن مىللەتلەر» دېگەن ئەپسانە يەكۈننى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشتىن ئىبارەت سىياسىي سۇيىقەستى ئۈچۈن «تارىخىي ئاساس» ياراتماقچى. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سۆزىنىڭ روھى بويىچە، شىنجاڭنىڭ دىنىي ئېتىقاد تارىخىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ ۋە توغرا تەشۋىق قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر بۇرمىلىغان شىنجاڭنىڭ دىنىي ئېتىقاد تارىخىنى پاكىت ئارقىلىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بۇ سەپسەتىلەرنىڭ ئامما ئارىسىدىكى قالدۇق زەھىرى ۋە تەسىرلىرىنى تازىلىشىمىز لازىم.

## 91. شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى قانداق؟

شىنجاڭدا ھازىر ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، داۋجىياۋ دىنى، كاتولىك دىنى، خرىستىئان دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنىدىن ئىبارەت ئالتە خىل دىن بار. ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك، تاتار، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق 10 مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. خەنزۇ، موڭغۇل، شىبە، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. داۋجىياۋ دىنى، كاتولىك دىنى ۋە خرىستىئان دىنىغا ئاساسلىقى خەنزۇلار ئېتىقاد قىلىدۇ. پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئاساسلىقى رۇس مىللىتى ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مانجۇ، شىبە قاتارلىق بەزى مىللەتلەر شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ چوڭقۇر ئۆزگەرتىلىشى ۋە دىنىي تۈزۈمنىڭ زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىنىشى نەتىجىسىدە، شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ ھالىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولدى. ھەر قايسى دىنلار ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ كونترول قىلىشى ۋە پايدىلىنىشىدىن قۇتۇلۇپ، دىن ئىشلىرىنى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىسى مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا، ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان بولۇپ، نورمال تەرەققىي قىلىدىغان ياخشى ئىزغا سېلىندى. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇۋاتقان دىنغا ئىشىنىدىغان كەڭ ئاممىا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدۇ. پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ھىمايە قىلىدۇ. ئۇلار ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا پائال قاتنىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا.

پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدىكى دىنغا قارىتىلغان سىياسەتتىكى ئېغىشلارنى تۈزىتىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى قايتا تەكىتلىدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆتكەندىكى دىن مەسىلىسىدىكى





خاتا تونۇش ۋە ئۇسۇللارنى تۈزىتىپ، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا نۇرغۇن جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

پارتىيىنىڭ دىن سىياستى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، كىشىلەر دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ـ قىلماسلىقنى شەخسلەر ئۆزلىرى تاللايدىغان، ھەر قانداق كىشىنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدىغان بولدى. بەزى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار دۆلەتلىك ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەردە رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، بىر مۇنچىلىرى يەنە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى ياكى سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بولغان بەزى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا يەرلىك ھۆكۈمەتلەر تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى. ھەر دەرىجىلىك دىنىي تەشكىلاتلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە قۇرۇلدى. ھازىر شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك دىنىي تەشكىلاتلار 88 گە يەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەشكىلات ئىككى (ئىسلام دىنى جەمئىيىتى بىر، بۇددا دىنى جەمئىيىتى بىر)، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك تەشكىلات 17 (ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 13، بۇددا دىنى جەمئىيىتى 3، خرىستىئان دىنى جەمئىيىتى ۋە «ئۈچ ئۆز»[1] ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى كومىتېتى 1)، ناھىيە، شەھەر دەرىجىلىك تەشكىلات 69 ( ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 65، بۇددا دىنى جەمئىيىتى 2، خرىستىئان دىنى جەمئىيىتى ۋە ئۈچ ئۆز»[2] ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى كومىتېتى2) بولدى.

دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي كالام ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭدا يەنە ئۇيغۇرچە، قازاقچە، خەنزۇچە قاتارلىق كۆپ خىل يېزىق ۋە نۇسخىدىكى «قۇرئان كەرىم»، «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋەقەستەلانى شەرھى»، «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئائىت كلاسسىك ئەسەرلەر ھەم بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنىنىڭ كلاسسىك

① ②ئۈچ ئۆز — ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش، ئۆز ـ ئۆزىنى بېقىش، ئۆزى دىن تارقىتىش (مۇھەررىردىن).

ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى. ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولغان دىنىي كلاسسىك ئەسەرلەرنى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى كىتابخانىلاردىن سېتىۋالالايدىغان بولۇش پۇتۇنلەي ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، جايلار يەنە مەخسۇس دىنىي كىتاب - ژۇرناللارنى ساتىدىغان نۇقتىلارنى قۇرۇشنى تەستىقلىدى.

دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون 1987 - يىلى شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنى قۇردى. بۇ ئىنستىتۇت ئاپتونوم رايون ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي كەسپىي خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى ھەمدە ھەر خىل شەكىلدىكى يېتىشتۈرۈش سىنىپلىرىنى ئېچىپ، دىنىي كەسپىي خادىملارنى قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلىدى. 1990 - يىلدىن باشلاپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئىسلام دىنى سىنىپلىرىنى ئېچىپ، ھەر قايسى مەسچىتلەر ئۈچۈن ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. ھازىر ھەر قايسى جايلار ئاچقان دىن ئۆگىنىش سىنىپلىرى 33 گە، يېتىشتۈرۈلگەن ئوقۇغۇچىلار ئاز كەم 2000كىشىگە يەتتى. بەزى مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارمۇ تەستىقتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئوقۇغۇچى يېتەكلەشكە باشلىدى. يۇقىرىقى تەدبىرلەر دىنىي كەسپىي خادىملار يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنى پەسەيتتى، شەخسلەر دىنىي مەكتەپ ئاچىدىغان قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنىمۇ كۈچلۈك توسۇپ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ۋە زوراۋان تېرورچى كۈچلەر دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى تېزلەتكەنلىكتىن، شىنجاڭدىكى قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت مەسىلىسى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغىمۇ تەسىر يەتكۈزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ توسۇشىغا ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا





ئۇچرىدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى دىنلار نورمال تەرەققىي قىلىش يولىغا قەدەم قويماقتا.

## 92. شىنجاڭدا ھازىرقى دىن خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى قانداق؟

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلەر دىندىن پايدىلىنىپ ھەدەپ بۆلگۈنچىلىك ۋە زوراۋانلىق - تېرورلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بارغانلىقى، شۇنىڭدەك قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر زور مىقداردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن، بەزى كىشىلەر شىنجاڭدىكى دىن خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتىگە قارىتا ئۈمىدسىز قاراشتا بولماقتا، ھەتتا ئۇنى قاراڭغۇ جاڭگال دەپ ھېسابلىماقتا. بۇنداق كۆز قاراش توغرا ئەمەس، بۇ ھېچبولمىغاندا بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشتۇر. كىشىلەردە بۇنداق كۆز قاراشنىڭ پەيدا بولۇشىدا بىر نەچچە خىل ئەھۋال بار: بىرىنچى خىلى، ئۇلار ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىلا كۆرۈپ، ئاساسىي ئېقىمنى ۋە نەتىجىلەرنى كۆرمىگەن؛ يەنە بىر خىلى، ئۇلار دىن مەسىلىسى بىلەن دىندىن پايدىلىنىش مەسىلىسىنى پەرقلەندۈرەلمەي، دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى دىن مەسىلىسى دەپ قارىغان.

ئۇنداقتا، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى دىن خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى زادى قانداق؟ ھازىر دىن خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتىنى قانداق تەھلىل قىلىش ۋە تونۇش كېرەك؟ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا ئېيتقاندا، ھازىر شىنجاڭدا بەزى دىن مەسىلىلىرى ھەقىقەتەن مەۋجۇت، لېكىن دىن خىزمىتى ۋەزىيىتى ئومۇمەن ئېيتقاندا ياخشى، نەتىجىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتى شىنجاڭدا خېلى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇلدى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە دىن سىياسىتى جەھەتتە ساقلانغان چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق خاتالىقىنى قەدەممۇ قەدەم تۈزىتىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە

ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىنىي ساھەدىكى ۋابال قىلىنغان، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاپ، ھەر دەرىجىلىك دىنىي تەشكىلاتلارنى پەيدىنپەي قۇردى ۋە ساغلاملاشتۇردى، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنى، شۇنىڭدەك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغدىدى، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇردى. دىن خىزمىتىدە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، يېڭى دەۋردىكى دىن خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى.

ئىككىنچىدىن، دىن ئىشلىرىنى قانۇن ـ تۈزۈملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا دىن جەھەتتىكى قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي كەسپىي خادىملارنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» قاتارلىق دىنغا دائىر تۆت نىزام ئارقا ـ ئارقىدىن تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ دىنغا دائىر نىزاملارنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشى نەتىجىسىدە، شىنجاڭنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئاساسلىنىدىغان قانۇن بار بولۇپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ شىنجاڭدا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، يولغا قويۇلۇشى قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىندى، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى توسۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشمۇ كۈچلۈك قانۇن قورالىغا ئىگە قىلىندى. دىن ئىشلىرىنى قانۇن ـ تۈزۈملەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىگە





ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى پەيدىنپەي قېلىپلىشىش، قانۇن ـ تۈزۈملىشىش يولىغا قاراپ ماڭدى.

ئۈچىنچىدىن، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار دىنىي كەسپىي خادىملار قوشۇنىدا ئاساسىي ئېقىملىق ۋە يېتەكچىلىك ئورۇننى ئىگىلىدى. دىنىي كەسپىيكىلەر دىنىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللىگۈچىلەر ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى، ئىجتىمائىي تۈۋرۈكى، ھەتتا سىياسىي پوزىتسىيىسىگە قارىتا سەل قاراشقا بولمايدىغان تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدىغان بولغاچقا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك ۋە بەلۋاغلىق رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. شىنجاڭدىكى 30 مىڭ نەپەردىن ئارتۇق دىنىي كەسپىيكىلەر ئىچىدە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار 95% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، پۈتۈنلەي ئاساسىي ئېقىملىق ئورنىدا تۇرماقتا. ھەر دەرىجىلىك دىنىي تەشكىلات مەسئۇللىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ چوڭقۇر ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشكەن، ئۆز جايلىرىدا مۇھىم تەسىرگە ۋە نوپۇزغا ئىگە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بولۇپ، ئۇلار دىنىي كەسپىيكىلەر قوشۇنى ئىچىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار پارتىيە رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى توسۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە ئەسەبىي دىنىي كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئاكتىپ ھەم مۇھىم روللارنى ئوينىماقتا.

تۆتىنچىدىن، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئامما جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ھىمايە قىلىدۇ. شىنجاڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئومۇمىي ئاھالىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان رايون بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيىتىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك، شىنجاڭدىكى

دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش ئېسىل ئەنئەنىسىگە ئىگە. يېقىنقى دەۋرلەردىن بۇيان، ئۇلار بۇ شانلىق ئەنئەننى جارى قىلدۇرۇپ، چوڭ - كىچىك خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭىغا، ياقۇپ بەگ ۋە چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا، مۇھەممەت ئىمىن ۋە سابىت داموللا قاتارلىق پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش كۈرەشلىرىدە تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار خوجايىنلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە مىسلىسىز قىزغىنلىقى بىلەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاتلاندى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئۇلار تېخىمۇ تولۇپ تاشقان سىياسىي قىزغىنلىق بىلەن ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، ئەسەبىي دىنىي كۈچلەرگە ۋە زوراۋان تېررورچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىمۇ مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى.

نەتىجىلەرنى كۆرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سەگەكلىك بىلەن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ھازىر شىنجاڭنىڭ دىن خىزمىتى جەھەتتىمۇ، دىن جەھەتتىمۇ نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت. مەسىلەن، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر تېخى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىتىلمىدى، ئايرىم جايلاردا يەنىلا ئېغىر بولماقتا؛ بەزى جايلاردا دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش كۈچلۈك بولمايۋاتىدۇ ۋە باشقىلار. شۇنىمۇ ئىنكار قىلالمايمىزكى، بەزى جايلاردا دىن مەسىلىلىرى يەنىلا بىر قەدەر ئېغىر بولماقتا. لېكىن، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ مەسىلىلەر بەرىبىر ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن مۇنداق يەكۈن چىقىرىش تەس ئەمەس: شىنجاڭنىڭ ھازىرقى دىن خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى ئومۇمەن ئېيتقاندا ياخشى، نەتىجىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.





**93. مىللىي بۆلگۈنچىلەر بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشتا نېمە ئۈچۈن ھامان مىللەت، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالىدۇ؟**

مىللەت، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش — شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىكى.

20 - ئەسىردىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بەزىدە ئۆرلەپ، بەزىدە پەسىيىپ كەلدى، ئەزەلدىن توختاپ باقمىدى. بۇ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىدە، مىللىي بۆلگۈنچىلەر مۇستەسناسىز ھالدا مىللەت، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ سېپىق نامى پۇر كەتكەن بىر شوئارى: «ۋەتىنىمىز — شەرقىي تۈركىستان، مىللىتىمىز — تۈرك، دىنىمىز — ئىسلام» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ئۇلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئېلىپ بېرىشتىكى سىياسىي پروگراممىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ پروگراممىدا ئىچىدە مىللەت بىلەن دىن بايراقتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ماھىيىتى «شەرقىي تۈركىستان»، ئۇلار كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئاتالمىش «ۋەتەن» — ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا، كونا مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇر مۇھەممەت ئىمىن، سابىت داموللا قاتارلىقلار مىللەت، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، خوتەن ۋە قەشقەردە «خوتەن ئىسلام پادىشاھلىقى» ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دىن ئىبارەت ئۆمرى قىسقا ئىككى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرغان. 40 - يىللاردا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇر ئېلىخان تۆرىمۇ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» نى قۇرغان. 50 - يىللاردىكى خوتەن توپىلىڭى، 90 - يىللاردا بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭدىمۇ مىللەت ۋە دىن بايرىقى كۆتۈرۈپ چىقىلغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، خەلقئارادىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە ئەسەبىي دىنىي كۈچلەر كۈندىن كۈنگە جانلاندى،

شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر مىللەت، دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى. ئۇلار ئۆزلىرىنى مىللەت، دىن مەنپەئەتىنىڭ قوغدىغۇچىسى قىلىپ پەردازلاپ، مىللىي كەيپىيات ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنى كۈچەپ قۇترىتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە، بولۇپمۇ مىللەت، دىن سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلدى؛ «كاپىرلار» غا قارشى تۇرۇش نىقابى ئاستىدا، مىللىي ئارازلىق ۋە ئۆچمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى؛ مىللەت، دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ ۋەقە تۇغدۇرۇپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاممىنى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتتى، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى؛ زوراۋانلىق، تېررورلۇق تەشكىلاتى قۇرۇپ، غالجىرلارچە پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇش، زەھەر تاشلاش قاتارلىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھامان مىللەت، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشىدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، بۇ ئىككى بايراق ئىنتايىن زور ئالدامچىلىق ۋە قۇتراتقۇلۇق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى يېپىشقىمۇ، ئىچكى جەھەتتە ئاممىنى قايشاقلاشتۇرۇش، تاشقى جەھەتتە خەلقئارا جامائەت پىكرىنى ئالداپ، خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكىمۇ پايدىلىق. شىنجاڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاھالىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان، ئىسلام دىنى تارىختا ۋە رېئال تۇرمۇشتا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە رايون. مىللەت، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، مىللەت، دىن تونىغا ئورىنىۋالغاندا، كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ئەپت - بەشىرىسىنى ۋاقتىدا ئېنىق كۆرۈۋالالمايدىغان قىلىپ قويغىلى، بولۇپمۇ تار مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ۋە دىنىي ھېسسىيات جەھەتتە ئەسەبىيلەشكەن كىشىلەرنى ئاسانلا دامىغا چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.





مىللىي بۆلگۈنچىلىك تارىخ ئېقىمىنىڭ تەتۈرسىچە ھەرىكەت قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل سىياسىي كۈچ. مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ھېچقانداق مىللەتكىمۇ، ھېچقانداق دىنغىمۇ ۋەكىللىك قىلمايدۇ، ئۇلار ھوقۇققا ھېرىسمەن بولغان سىياسىي سۇيىقەستچىلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلار مىللەت، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئاممىنى ئالداپ بىر مەھەل باش كۆتۈرسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئاخىرىدا مۇقەررەر ھالدا مەغلۇپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغىنى تارىخقا، خەلققە قارشى ئەكسىيەتچىل، قالاق كۈچلەر. ئۇلار كۆتۈرۈۋالغان مىللەت، دىن بايرىقى بىر مەھەل خەلقنى ئالدىيالىسىمۇ، ئالدانغان ئامما ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى تونۇپ يەتكەن ھامان ئۇلارنى دەپنە قىلىدىغان گۆركارلارغا ئايلىنىدۇ. بۇنى تارىخ ئاللىقاچان ئىسپاتلىغان ھەمدە داۋاملىق ئىسپاتلىغۇسى. نۆۋەتتە، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، نۇقتىلىق ھالدا ئۇلارنىڭ مىللەت، دىن نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان بۆلگۈنچىلىك ماھىيىتىنى ئاشكارىلاش لازىم. كەڭ ئاممىغا ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇتقاندىلا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

## 94. نېمە ئۈچۈن دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ئەكسىيەتچىل سىياسىي كۈچ دېيىلىدۇ؟

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىدە ئۆرلەش يۈزلىنىشى كۆرۈلدى. دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش نىقابى ئاستىدا، ئىسلام «غازات ئۇرۇشى» نى ھەدەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇشنى تەرغىب قىلدى؛ پارتىيە رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە قارشى تۇردى؛ خەنزۇلارغا

قارشى تۇرۇپ ۋە خەنزۇلارنى چەتكە قېقىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى؛ ئەكسىيەتچى تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ھۇجۇم قىلىپ ۋە زىيانكەشلىك قىلىپ، دىنغا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى تالاشتى؛ دىنىي ئالدامچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ توپلىشىپ ۋەقە تۇغدۇرۇشقا قۇترىتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە جامائەت بەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى؛ تېررورلۇق شايكىلىرىنى قۇرۇپ، غالجىرلىق بىلەن پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، تۇتقۇن قىلىش، زەھەر تاشلاش، ئوت قويۇش قاتارلىق تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر كىشىنى ئېزىقتۇرىدىغان بەزى دىنىي شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىنىي تونىنىڭ نىقابلىنىشى ئارقىسىدا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان بولغاچقا، كىشىلەر، بولۇپمۇ بەزى تەقۋادار دىن مۇرىتلىرى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى ۋاقتىنچە ئېنىق كۆرۈۋالالماي، ئۇنى دىنىي ئەسەبىيلىك ياكى قانۇنلۇق دىنىي ھەرىكەت دەپ خاتا تونۇپ قېلىپ، ئاسانلا دامىغا چۈشۈپ ئالدىنىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى ئادەتتىكى قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ئەمەس، نورمال دىنىي مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغان ئىشلارمۇ ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇلار ھۆكۈمەتكە، جەمئىيەتكە قارشى تۇرىدىغان، بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەكسىيەتچى سىياسىي كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى.

دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنى قانداقتۇر دىن ئەمەس، ئەكسىچە، دىن نىقابى ئاستىدىكى سىياسىي. دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەت قۇرۇشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ھەرقانداق شەكىلدىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ھەمدە «غازات ئۇرۇشى» ئېلىپ بېرىشنى، زورلۇق كۈچ ئىشلىتىپ تېررورلۇق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، بۇ سىياسىي نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەقسىتىنى





يېپىش ئۈچۈن، بەزىدە دىنىي قايتا گۈللەندۇرۇش مەزمۇنلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، لېكىن بۇ بىر تۈرلۈك نىقابتىنلا ئىبارەت. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇردى، دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەر قوغدالدى. ھەرقايسى دىنلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھازىرقى مەزگىل ئەڭ ياخشى مەزگىل بولۇپ، «دىنىي گۈللەندۇرۇش» مەسىلىسى ھەرگىز مەۋجۇت ئەمەس. دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ تۈپ ۋە بىرىنچى مۇھىم نىشانى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش، ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرى — ھاكىمىيەت مەسىلىسى.

شىنجاڭدىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر خەلقئارادىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر بىلەن تومۇرداش بولۇپ، ئۇ سىياسىي تەشەببۇس جەھەتتە خەلقئارادىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر بىلەن بىردەك، ئىدىيە ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردە قويۇق مۇناسىۋەتلىك بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى تەشكىلىي شەكىل ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلى، ۋاسىتە جەھەتلەردىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ دىنىي ئەسەبىي تەشكىلاتلار مەيلى «×× پارتىيە» ياكى «×× تەشكىلات» دەپ ئاتالسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يوشۇرۇن مەخپىي شايكىلار. ئۇنىڭ دىنىي مەزھەپلەرگە ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ شايكىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى ۋە تايانچلىرى ئادەتتە ئەنئەنىۋى دىنىي كەسپىتىكىلەر بولماستىن، بەلكى يوشۇرۇن دىنىي مەكتەپلەرنىڭ تالىپلىرى ياكى جەمئىيەتتىكى باشقا خادىملار بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى ئاساسىي جەھەتتىن ياشلار، ئۇنىڭ ھەرىكەت شەكلى ۋە ۋاستىسى «غازات ئۇرۇشى» قىلىش نامى بىلەن ئۆز ئەزالىرىنى دىنىي ئەسەبىيلىككە قۇترىتىپ، جېنىدىن كەچكەنلەرنى يېتىشتۈرۈپ، پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، تۇتقۇن قىلىش، زەھەر تاشلاش، ئوت قويۇش قاتارلىق تېررورلۇق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش، جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭدىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر بىلەن مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر

بىرى، مىللەت بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى» قۇرۇشنى تەرغىب قىلىدۇ؛ يەنە بىرى، مىللەت تونىغا ئورىنىۋېلىپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇشنى تەرغىب قىلىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككىسى بىر پىيالىدە چۈشكەن مەرەز بولۇپ، ماھىيىتى ئوخشاش. ھەر ئىككىسى بۆلگۈنچىلىك، مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ھەرگىز مەلۇم دىنغا قارىتىلغان ئىش دەپ قارىماستىن، بەلكى بىر قېتىملىق كەسكىن سىياسىي كۈرەش، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى، دەپ تونۇشىمىز لازىم.

**95. نېمە ئۈچۈن «غازات» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى دىن ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئەمەس دېيىلىدۇ؟**

«غازات» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىكى «جىھات» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى «تىرىشماق»، «كۈرەش قىلماق» دېگەن بولىدۇ. «جىھات» دېگەن سۆزنى «غازات» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس، چەت ئەللەردىكى ئالىملار بۇنىڭغا قارىتا ئاللىقاچان تەنقىد بەرگەن. ئىسلام تارىخىدا، «جىھات» دېگەن شوئارنى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەممىدىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىغا قويغان «جىھات» سۆزى قوش قاتلاملىق مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى: بىرى، مۇسۇلمانلاردىن دىلىدىكى ئىسلام ئېتىقادىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئىدىيىلەرگە قارشى ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ، ئۆز ئېتىقادىنى پاكلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىش؛ يەنە بىرى، مۇسۇلمانلارنى مەككە ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ ھەربىي ھۇجۇمىغا قارشى كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ئىسلام ھاكىمىيىتىنى، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئېتىقادىنى قوغداش. مەيلى قايسى مەنىدە بولسۇن، «جىھات» دېگەن ئۇقۇمدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن غەيرىي مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىش مەنىسى يوق ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەرەب ھۆكۈمرانلار





گۇرۇھى «جىھات» نىڭ خاراكتېرىنى تېزلىكتە ئۆزگەرتىپ، ئۇنى سىرتقا قارىتا ھەربىي جەھەتتىن كېڭەيمىچىلىك قىلىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. «غازات» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان ئەرەب ئىستىلاچىلىرىنىڭ كۆڭلى بۆلىدىغىنى ئىستىلا قىلىنغان رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ بايلىقى ئىدى. ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تارقالغان تۆۋەندىكى سۆزدە بۇنداق «غازات» نىڭ ماھىيىتى ئېچىپ بېرىلگەن: «سېنىڭ ئۆز يۇرتۇڭدىن ۋاز كېچىشىڭ جەننەتنى ئىزدەپ تېپىش بولماستىن، بەلكى ئەشۇ بولكا بىلەن خورما سېنى بۇ يىراق جايغا جەلپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن». كېيىن قۇرۇلغان ئىسلام ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنى ئۈلگە قىلىپ، «غازات» بايرىقى ئاستىدا، ئىچكى جەھەتتە، خەلقنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇپ، تاشقى جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتىن كېڭەيمىچىلىك ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بۇلاڭ - تالاڭچىلىق قىلغان. ئىسلام دىنىنىڭ ھەرقايسى مەزھەپلىرىمۇ «غازات» نامى بىلەن ئۆزىگە يات بولغانلارنى چەتكە قېقىپ، ئۆزىگە قارشى مەزھەبلەرگە زەربە بەرگەن. خەلق ئاممىسى زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىشتىمۇ «غازات» نى شوئار قىلغان. «غازات» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك قىلىش مۇمكىن، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەش قىلىشمۇ مۇمكىن؛ «يات دىندىكىلەر» گە ھۇجۇم قىلىشمۇ مۇمكىن، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشمۇ مۇمكىن. ھەرقانداق ئىسلام ھاكىمىيىتى، ھەرقانداق مۇسۇلمانلار تەشكىلاتلىرى، ھەتتا شەخسلەر ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەنپەئىتى ۋە باشقا مەنپەئەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان ھەرىكەتلىرىنى «غازات» دەپ ئاتىۋېلىشى مۇمكىن. دۇنيادا ئەزەلدىن نوقۇل ھالدىكى «دىن ئۇرۇشى» مەۋجۇت بولۇپ باققان ئەمەس. ئاتالمىش دىنىي ئۇرۇشلار سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىسلام دىنىدىكى «غازات ئۇرۇشى» مۇ شۇنداق نەرسە. ئۇرۇشقا دىن دېگەن مۇقەددەس قالپاقنى كىيگۈزۈپ قويغاندا، بىرىنچىدىن، ئۇرۇشنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى ياپقىلى بولىدۇ، ئىككىنچىدىن، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغاش ئارقىلىق جەڭگىۋارلىقنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغىغۇچىلار

ھەمىشە دىن ئارقىلىق ئۆز ئۇششىنىڭ سىياسىي خاراكتېرىنى يېپىشقا قىزىقىدۇ.

18 ـ ئەسىردە چوڭ ـ كىچىك خوجىلار «غازات» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭى قوزغىغاندىن بۇيان، «غازات» شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى بايرىقىغا ئايلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر «غازات» دۇمبىقىنى تېخىمۇ ياڭراتتى. ئۇلار دىنىي تونىنىڭ نىقابلىشى ئارقىسىدا، كىتاب يېزىپ، نۇتۇق سۆزلەپ، ئېقىم مەسىلىلىرىگە باھا بېرىپ، يا بولمىسا قىرائەت قىلىپ، سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ، جەڭنامە سۆزلەپ، «غازات» نى تەرغىب قىلدى؛ ئاشخانا، چايخانا، بازار قاتارلىق ئامما توپلىنىدىغان سورۇنلاردا، «غازات تارىخى» غا ئائىت ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىنى كۆرسىتىپ، كىتاب ـ ژۇرناللارنى تارقاتتى، ھەتتا ئاممىغا تەھدىت سېلىپ، «غازات» قىلىشقا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلدۇردى. تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى، ئۇلار يەنە «غازات» نامى بىلەن ئاممىنى قۇترىتىپ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، ئاممىۋى خاراكتېرلىك تۇيۇقسىز ۋەقەلەرنى قوزغىدى. غالجىرلارچە پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، تۇتقۇن قىلىش، ئوت قويۇش، زەھەر تاشلاش قاتارلىق زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىلەنلا قالماستىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگىمۇ بىۋاستە تەھدىت سالدى ۋە زىيان يەتكۈزدى، كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ، ئاساسىي قانۇندا بېرىلگەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولدى. بۇ شىنجاڭ تارىخىدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئىش. ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولغان





بۈگۈنكى كۈندە، مىللىي بۆلگۈنچىلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ۋە تېررورچىلار تەرغىب قىلغان «غازات» ئىسلام دىنى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز، ئۇلارنىڭ مەقسىتى دىنىي تونىنىڭ نىقابلىشى ئارقىسىدا ئۆزلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلىش مەقسىتىنى يوشۇرۇشتىنلا ئىبارەت.

## 96. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ مەزمۇنى: ھەربىر پۇقرا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە؛ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ، ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە؛ بىر دىن ئىچىدە، بۇ دىنىي مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ، ئۇ دىنىي مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە؛ بۇرۇن دىنغا ئېتىقاد قىلمىغانلار ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ، بۇرۇن دىنغا ئېتىقاد قىلغانلار ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە، دېگەندىن ئىبارەت.

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش پارتىيىنىڭ دىن مەسىلىسىگە قاراتقان تۈپ سىياسىتى. بۇ بىر تۇرلۇك ئۇزاق مۇددەتلىك، كەلگۈسىدە دىنلار تەبىئىي ھالدا يوقالغۇچە ئىزچىللاشتۇرۇلىدىغان سىياسەت، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى پارتىيە سىياسىتى تەرىپىدىن كاپالەتلەندۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەت قانۇنى تەرىپىدىنمۇ كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى پۇقرالارنىڭ بىر تۈرلۈك تۈپ ھوقۇقى، ھەرقانداق دۆلەت ئورگىنى، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە شەخسلەر پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلاشقا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنى كەمسىتىشكە بولمايدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. دۆلىتىمىزدە، مەيلى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار بولسۇن ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالار بولسۇن، سىياسىي جەھەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى باراۋەر بولۇپ، ھەممىسى باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ ۋە مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدۇ، ئېتىقاد جەھەتتىكى ئوخشىماسلىققا قاراپ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت جەھەتتە

باراۋەرسىزلىك ھادىسىلىرىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىلىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ بىرلىكى پرىنسىپى بويىچە، دۆلەت پۇقرالارغا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى بېرىپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالاردىن دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرى ۋە سىياسەتلىرىگە رىئايە قىلىشنى، قانۇندا بەلگىلەنگەن ھەر خىل مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىش ھەربىر پۇقرانىڭ مەجبۇرىيىتى. ھەرقانداق ئادەم، مەيلى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرا ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرا بولسۇن، دىندىن پايدىلىنىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشى تۇرىدىغان، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ؛ دىندىن پايدىلىنىپ ئىجتىمائىي تەرتىپكە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان، دۆلەتنىڭ مائارىپ تۈزۈمىگە ۋە تۈرلۈك سىياسەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ.

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىنى پۇقرالارنىڭ ئۆزى ئەركىن تاللاش مەسىلىسىگە، پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي ئىشىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بارلىق دىن مەسىلىلىرىنى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشتىكى تۈپ چىقىش نۇقتا ۋە ئاخىرقى نۇقتا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بارلىق ئاممىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچىنى زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ تۈپ نۇقتىدىن چەتنەيدىغان سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ ھەرقانداقلىقى خاتا، ئۇنىڭغا پارتىيە ۋە خەلق قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.





## 97. نېمە ئۈچۈن پارتىيىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى پۈتۈنلەي توغرا سىياسەت دەيمىز؟

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دىن مەسىلىسىگە قاراتقان ئىزچىل سىياسىتى، شۇنداقلا پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ دىن مەسىلىسىگە قاراتقان بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك تۈپ سىياسىتى. پارتىيىمىزنىڭ دىن سىياسىتى ماركسىزمنىڭ دىن توغرىسىدىكى ئاساسىي نەزەرىيىسى بىلەن ئېلىمىزدىكى دىنلارنىڭ كونكرېت ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشىنىڭ مەھسۇلى. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، دىننىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش قانۇنىيىتى بولىدۇ، دىننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مەنبەسى پۈتۈنلەي يوقىلىشتىن ئىلگىرى، دىننى سۈنئىي ھالدا يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس. دۆلىتىمىز تېخى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان، دىننىڭ يوقىلىشىدىكى ئوبيېكتىپ شەرت - شارائىت تېخى ھازىرلانمىغان بولغاچقا، دىن ئېلىمىزدە يەنە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. دىننىڭ ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدىغان، ئۇنى سۈنئىي ھالدا يوقاتقىلى بولمايدىغان بولغاچقا، دىن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ يولى دىننى سۈنئىي چارىلەر بىلەن مەنئى قىلىش بولماستىن، بەلكى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنى، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، دىننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا تايىنىدىغان مەنبەسىنى پەيدىنپەي ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە تۈگىتىشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

دىنىي ئېتىقاد — روھىي دۇنيا مەسىلىسى، ئىدىيە مەسىلىسى، روھىي دۇنيا مەسىلىسىنى مەمۇرىي ياكى قانۇنىي ۋاسىتىلەرگە تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز كىشىلەرنىڭ نېمىلەرنى قىلىش، ياكى نېمىلەرنى قىلماسلىقىنى بەلگىلىشىمىز مۇمكىن، لېكىن كىشىلەرنىڭ نېمىلەرنى ئويلىشى ياكى نېمىلەرنى ئويلىماسلىقى، نېمىلەرگە ئىشىنىشى ياكى نېمىلەرگە ئىشەنمەسلىكىنى بەلگىلىيەلمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، روھىي دۇنيا مەسىلىسىگە ئەركىن مۇئامىلە قىلىنىشقىلا

بولىدۇ. دىنىي ئېتىقادنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويۇش لازىملىقىنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق، قاچان دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى قاچان دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ھوقۇقىنى پۇقرالارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قارار قىلىشىغا يول قويۇشىمىز، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي ئىشىغا ئارىلاشماسلىقىمىز لازىملىقىنى بەلگىلىگەن.

دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، خەلق دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تولۇق دېموكراتىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. پۇقرالارنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا قارىتا دۆلەتنىڭ قوغداش مەجبۇرىيىتىلا بولىدۇكى، دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ خاراكتېرى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىلا يۈرگۈزۈشىمىز لازىملىقىنى بەلگىلىگەن.

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى شوئارىنى بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىغا قويغان، لېكىن بۇرژۇئازىيە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ باققان ئەمەس. ئۇلار ھەمىشە مەلۇم بىر خىل دىنىنى تەشەببۇس قىلىپ ياكى قوللاپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ، باشقا دىنلارنى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئادەمنى بولسا كەمسىتىدۇ ياكى چەتكە قاقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇرژۇئازىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئىنتايىن زور ساختىلىق ۋە ئالدامچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە. پارتىيىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بار. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى دىن مەسىلىسى توغرىسىدىكى تۈپ نۇقتىئىنەزەر ۋە تۈپ سىياسەتلەر» دېگەن ھۆججەتتە ئېنىق قىلىپ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان: «سوتسىيالىستىك دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مەلۇم خىل دىنىنى يولغا قويۇشقا ئىشلىتىشكىمۇ، مەلۇم خىل دىنىنى مەنئى قىلىشقا ئىشلىتىشكىمۇ بولمايدۇ.» بىز ھەرقانداق دىنىنى تەشەببۇس قىلمايمىز، ھەرقانداق دىنىنىمۇ كەمسىتمەيمىز، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم بىلەن ئېتىقاد قىلمايدىغان ئادەم پۈتۈنلەي باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ دىن سىياسىتى دىن





مۇرىتلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنى قوغدايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى، ئىناق ئۆتۈشى، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىشىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئورتاق كۈرەش قىلىشىنىمۇ ئېلگىرى سۈرىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى ۋە داۋاملىق ئىسپاتلايدۇكى، پارتىيىمىزنىڭ دىن سىياسىتى ئەڭ ياخشى دىن سىياسىتى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ھەقىقىي مۇۋاپىق كېلىدىغان بىردىنبىر توغرا دىن سىياسىتىدۇر.

**98. قانداق قىلغاندا پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرغىلى بولىدۇ؟**

پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش — پارتىيىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى دىن خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر بۇ خىزمەتكە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇنداش كېرەك:

بىرىنچى، بۇ سىياسەتنى ئەتراپلىق، توغرا ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك. پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى مۇكەممەل سىياسەت بولۇپ، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۇ، پۇقرالار دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە، دېگەندىن ئىبارەت. بۇ، بىر مەسىلىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى تەرىپى، ئۇلارنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ، بىر تەرەپلىمە چۈشىنىشكە، ھەتتا بۇرمىلاشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. شەخسنىڭ ھېسسىياتى بويىچە كەلسە ـ كەلمەس چۈشەندۈرۈشكە بولمايدۇ، ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تەرىپىنىلا تەكىتلەپ، ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان تەرەپكە سەل قاراشقا ياكى ئۇنى تەكىتلىمەسلىككە بولمايدۇ.

ئىككىنچى، سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا، كىشىلەرنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى هوقۇقىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق هوقۇقىنىمۇ قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈش لازىم. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما ناهايىتى ئاز بولغان جايلاردا، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى هوقۇقىنى قوغداشقا دىققەت قىلىش لازىم. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان جايلاردا، بولۇپمۇ تارىختا پۈتۈن خەلق بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغان مىللەتلەر ئارىسىدا، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى هوقۇقىنى قوغداشقا تېخىمۇ دىققەت قىلىش لازىم. مەيلى هەرقانداق جايدا ۋە هەرقانداق مىللەت ئارىسىدا بولسۇن، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىقنى شەخسلەر پۈتۈنلەي ئۆز ئالدىغا تاللايدىغان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تاللىشىنى هۆرمەت قىلىش ۋە قوغداش لازىم. دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان قىلمىشلارنىڭ هەرقاندىقى خۇددى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىنى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا مەجبۇرلىغانغا ئوخشاش باشقىلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق، شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئىنتايىن خاتا بولىدۇ ۋە ئۇنداق قىلىشقا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ. بەزى جايلاردا دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەرنى كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىش، يېتىم قالدۇرۇش، هەتتا ئۇلارغا هۇجۇم قىلىش، تىل - هاقارەت قىلىش، ئۇلارنى قورقۇتۇش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاش هادىسىلىرى ۋە قىلمىشلىرى يۈز بەرگەن، بۇنداق قىلمىشلارنىڭ هەممىسى پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىگە خىلاپ، شۇنداقلا قانۇنغا خىلاپ، بۇنداق قىلمىشلارنى قەتئىي توسۇش، قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش لازىم.

ئۈچىنچى، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن ئېتىقاد قىلمايدىغانلار، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار، بۇ دىنىي مەزھەپكە چوقۇنىدىغانلار بىلەن ئۇ دىنىي مەزھەپكە چوقۇنىدىغانلار ئوتتۇرىسىدا





ماجىرا تۇغدۇرۇش، هەتتا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كۈرەش قىلىشنى قوزغاپ، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا زىيان سېلىش قىلمىشلىرىنى تەنقىدلەش، تەربىيە بېرىش يولى بىلەن قەتئىي توسۇش لازىم.

تۆتىنچى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بىلەن «دىن ئەركىنلىكى» نىڭ چەك - چېگراسىنى ئېنىق ئايرىشقا دىققەت قىلىش لازىم. دىنىي ئېتىقاد روھ ۋە ئىدىيە ساهەسىدىكى مەسىلە، ئۇنى كىشىلەر ئەركىن هالدا تاللىشى كېرەك ھەم پەقەت شۇنداق قىلىشقىلا بولىدۇ. دىن بىر خىل ئاڭ شەكلى بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى بىر خىل ئىجتىمائىي ئەمەلىي گەۋدە ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلات. ئىجتىمائىي تەشكىلىي شەكىل ھېسابلىنىدىغان دىننى دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش، ئۇنى دۆلەتنىڭ قانۇنىدا يول قويۇلىدىغان دائىرە ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان قىلىش كېرەك، هەرقانداق دىننى دۆلەت قانۇنىنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا بولمايدۇ. چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان «دىن ئەركىنلىكى» نى تەلەپ قىلىش رېئال ئەمەس، ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. «دىن ئەركىنلىكى» دىنىي ئەسەبىيلىكنى تەرغىب قىلىدىغان خاتا سۆز - ھەرىكەتلەرنى قاتتىق تەنقىد قىلىش، قەتئىي توسۇش كېرەك. دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىش ۋە ئۇنى قاتتىق جازالاش لازىم.

پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئاتېئىزمنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى جەھەتتىكى تىرىشچانلىققا توسالغۇ بولمايدۇ. ماركسىزملىق پەلسەپە ئارقىلىق ئىدېئالىزمنى (جۈملىدىن خۇداگۇيلۇقنى) تەنقىد قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا، بولۇپمۇ كەڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش (جۈملىدىن ئاتېئىزم) تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، تەبىئەت هادىسىلىرى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى، قېرىشى، كېسەل بولۇشى ۋە ئۆلۈشى، ياخشىلىق - يامانلىق، بەخت - سائادەت ۋە بالايىئاپەت توغرىسىدىكى پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش پارتىيىنىڭ تەشۋىقات سېپىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى. هازىر بەزى جايلاردا خۇداگۇيلۇقنى سۆزلەشكە ئادەم چىقىدىغان،

ئاتېئىزمنى سۆزلەشكە ئادەم چىقمايدىغان غەلىتە ھادىسە پەيدا بولغان. بۇنداق ئەھۋالنى قەتئىي تۈزىتىش، ئاتېئىزمنى مەردانە ھالدا تەشۋىق قىلىش لازىم. ئاتېئىزم تەشۋىقاتى ۋە تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشتا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىن سىياسىتى ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش، ئاتېئىزمنى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا تەشۋىق قىلماسلىق لازىم.

## 99. نېمە ئۈچۈن كومپارتىيە ئەزالىرى دىنغا ئېتىقاد قىلسا بولمايدۇ؟

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دا ھەربىر پۇقراغا بېرىلگەن دېموكراتىيە ھوقۇقى، لېكىن ئۇ كومپارتىيە ئەزالىرىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرىمۇ پۇقرا تۇرسا، نېمە ئۈچۈن دىنغا ئېتىقاد قىلسا بولمايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدىكى كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە ئاۋانگارت جەڭچىلەردىن تەركىب تاپقان پرولېتارىيات پارتىيىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىشانى كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. بۇ پارتىيىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى قىلچە شۈبھىسىز ھالدا ماركسىزمچىلاردىن بولۇشى، ھەقىقىي ھالدا پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترەتلىك خاراكتېرىدا چىڭ تۇرۇشى، ئۆزىنى ئاڭلىق ھالدا ماركسىزم بىلەن قوراللاندۇرۇپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمدا، ئۈزۈل ـ كېسىل ئاتېئىزمدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. كومپارتىيە ئەزالىرى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئېتىقاد قىلىشقىلا بولىدۇكى، دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا بولمايدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزملىق دىن قارىشىغا ۋە پارتىيىمىزنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن، كومپارتىيە ئەزالىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا بولمايدۇ، دەپ قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ كەلدى. كومپارتىيە ئەزالىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدىغان بولسا، ئۇ پارتىيىنىڭ خاراكتېرىگە خىلاپلىق





قىلغانلىق، پارتىيىنىڭ پاكلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاجىزلاشتۇرغانلىق، پارتىيىنىڭ ئاممىا ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى تۆۋەنلەتكەنلىك بولىدۇ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشقىمۇ پايدىسىز بولىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بەزى جايلاردا سىياسىي، ئىدىيىۋى خىزمەت ۋە پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان تەربىيە بوشاشتۇرۇپ قويۇلغانلىقتىن، ئازساندىكى پارتىيە ئەزالىرى دىنغا ئېتىقاد قىلغان، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان، بولۇپمۇ ئازسانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بەزى رايونلار ۋە دىنىي كۈچلەرنىڭ تەسىرى بىر قەدەر زور بولغان بەزى جايلاردا ئەھۋال تېخىمۇ مۇرەككەپ بولغان. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى مۇشۇنداق ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، 1991 ـ يىلى «كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى قايتا تەكىتلەپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا تەربىيىنى بىرىنچى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش لازىم، دەپ كۆرسەتتى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن، بولۇپمۇ دىنىي كۈچلەرنىڭ تەسىرى بىر قەدەر زور بولغان جايلاردىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: دائىملىق ھالدا پارتىيە ئەزالىرىغا ماركسىزملىق ئاتېئىزم تەربىيىسى، پارتىيىگە دائىر ئاساسىي بىلىم ۋە پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى تەربىيىسى بېرىش لازىم. پارتىيە ئەزالىرىغا ياردەملىشىپ، ئۇلاردا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قارىشىنى تىكلەش، ئۇلارنىڭ ئىدېئالىزملىق دىن قارىشىنىڭ ئەسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى توغرا چۈشىنىشىگە، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق لاياقەتلىك كومپارتىيە ئەزاسى بولۇشنىڭ ئەقەللىي شەرتى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش لازىم.

دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پارتىيە ئەزالىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، ئېھتىياتچان مۇئامىلە قىلىپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم. دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوترىتىشقا قاتنىشىپ، دىندىن پايدىلىنىپ تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا قارشى

تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيىدىن ھەيدەپ چىقىرىش؛ كوممۇنىستىك ئېتىقادىنى يوقىتىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغان ياكى دىنىي كەسىپتىكىلەردىن بولۇۋالغان، تەربىيە بېرىلسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلەرنى پارتىيىدىن نەسىھەت بىلەن چېكىندۇرۇش، نەسىھەت بەرسىمۇ چېكىنمىگەنلەرنى رويخەتتىن ئۆچۈرۈۋېتىش؛ كوممۇنىستىك ئېتىقادىدىن تەۋرىنىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەشكە ياكى ئۇنىڭغا قاتنىشىشقا قىزىقىپ كەتكەنلەر بولسا، تەنقىدىي تەربىيە بېرىلگەندىن كېيىن ئۆزگىرىش ئىرادىسى ۋە ئەمەلىي ئىپادىسى بولغان، ئۆزى پارتىيە ئىچىدە قېيىقبىلىشنى تەلەپ قىلسا، مۆھلەت بەلگىلەپ تۈزىتىشكە بۇيرۇسا بولىدۇ، تەنقىدىي تەربىيە بېرىلگەندىن كېيىنمۇ تۈزەتمىسە، پارتىيىدىن نەسىھەت بىلەن چېكىندۇرۇش؛ دىنىي كۆز قاراشنىڭ تەسىرى ياكى جەمئىيەت، ئائىلىسىنىڭ بېسىمى ئارقىسىدا ئادەتتىكى دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان، لېكىن ئۆزى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان، پارتىيە ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىدىغان، پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىغا بويسۇنىدىغان پارتىيە ئەزاسى بولسا، ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتلەردە دىنىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش لازىم.

دىنغا ئېتىقاد قىلىش بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشى بىلەن نوقۇل ھالدىكى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتكە ياتىدىغان پائالىيەتلەرنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بەزى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ تارىختا پۈتۈن خەلقى بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغان مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ بىرمۇنچىسى دىندىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق، ئۆز مىللىتىنىڭ بۇنداق ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن بەزى ئەنئەنىۋى ئۆلۈم ـ يېتىم، توي ـ تۆكۈن مۇراسىملىرىغا ۋە ئاممىۋى خاراكتېرلىك ھېيت ـ بايراملارغا قاتناشقان بولسا، ئۇنى دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىق ياكى دىنىي پائالىيەتكە قاتناشقانلىق دەپ قارىماسلىق لازىم.





پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىشتىن باشقا، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى، پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىكنىمۇ كۈچەيتىش لازىم. پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ياخشى يولغا قويۇلىدىغان، جەڭگىۋارلىق كۈچ كۈچەيتىلىدىغانلا بولسا، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

**100. نېمە ئۈچۈن دىن ئىشلىرىغا بولغان قانۇنىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك؟**

ئىجتىمائىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ھازىرقى زامان ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەرنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە ھوقۇقى. دىن ئىشلىرى ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغاچقا، ھەقلىق ھالدا دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈشى كېرەك.

بەزىلەر: پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى بويىچە، دىنىي ئېتىقاد دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا «شەخسلەرنىڭ ئىشى» بولىدۇ، شۇنداق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن دۆلەت يەنە دىن ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ؟ دېگەن. بۇنداق كۆز قاراشتا دىنىي ئېتىقاد بىلەن دىن ئىشلىرى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن.

دىنىي ئېتىقاد ئىدىيىۋى ساھەدىكى مەسىلە بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن خۇسۇسىيلارنىڭ مەسىلىسى، خۇسۇسىيلارنىڭ ئىشىنى ئەلۋەتتە خۇسۇسىيلار قارار قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىدە ئېنىق قىلىپ، پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىقى، بۇ دىنغا ياكى ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى پۈتۈنلەي پۇقرا شەخسلەر ئۆز ئالدىغا تاللىشى ۋە قارار قىلىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. دۆلەت پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئارىلاشمايدۇ، بەلكى ئالاقىدار قانۇن ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ ئۇنى قوغدايدۇ. لېكىن دىن بىر خىل ئىدىيە جەھەتتىكى ئېتىقادتىنلا ئىبارەت بولماستىن، بەلكى بۇ ئېتىقاد بىلەن باغلىنىشلىق بولغان كونكرېت دىنىي ھەرىكەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ،

مەسىلەن، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، دۇئا قىلىش، ناماز ئوقۇش، سۈننەت قىلىش، روزا تۇتۇش، دىنىي ھېيت ـ بايرام ئۆتكۈزۈش ۋە باشقىلار. دىن يەنە بىر خىل ئىجتىمائىي ئەمەلىي گەۋدە. ھەرخىل دىنلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەشكىلاتلىرى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىسى، شۇنىڭدەك ھەرخىل شەكىلدىكى كوللېكتىپ دىنىي پائالىيەتلىرى ۋە مۇناسىپ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى بولىدۇ. مەيلى شەخسىي ياكى ئاممىۋى ھەرىكەت ياكى دىنىي پائالىيەتلەر بولسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي ھەرىكەتكە تەۋە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەت بۇنداق ھەرىكەتنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇشقا ھوقۇقلۇق. چەكلەشكە ئۇچرىمايدىغان ئەركىنلىك ۋە ھوقۇق مۇقەررەر ھالدا باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە ۋە ھوقۇقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھەربىر پۇقرانىڭ ئەركىنلىكىگە ۋە ھوقۇقىغا، جۈملىدىن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت قانۇن ۋە سىياسەت ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش بىلەن پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش زىت ئەمەس، ئۇ دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ۋە پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئارىلاشقانلىقمۇ ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭدا ھەرقايسى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ۋە پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى قوغداش مەقسەت قىلىنىدۇ.

دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر تەرەپتىن، باشقۇرۇش ئارقىلىق دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن، نىزاملار ۋە سىياسەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، دىنىي پائالىيەتلەر نورمال، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنىدۇ. دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش كۈچەيتىلمىسە، دىنىي پائالىيەتلەر تىزگىنسىز قىلىپ، تەرتىپسىز ھالەت شەكىللىنىدۇ. نورمال دىنىي پائالىيەتلەر كاپالەتكە ئىگە بولالماسلىقى ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر يامراپ كېتىشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، باشقۇرۇش ئارقىلىق، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىدىغان قىلمىقلار تۈزىتىلىپ، دىنىي





تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قاتارلىق پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىدىغان ھادىسىلەردىن ساقلىنىپ، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنغىلى بولىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقى، نورمال دىنىي پائالىيەتلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى قانۇن، نىزاملارنىڭ كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈشىگە مۇيەسسەر بولدى. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەندىلا، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرغىلى، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى تېخىمۇ ياخشى قوغدىغىلى بولىدۇ.

دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ـ پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى، قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەرنى ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى؛ قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ جىنايى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مىللىي بۆلگۈنچىلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ۋە زوراۋانلىق، تېررورچىلىقنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا زەربە بېرىش، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئېچىمىزگە سىڭىپ كىرىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى؛ شۇنداقلا دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ماسلىشىشقا پائال يېتەكلەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە مۇھىم ھالقىسى. ھەردەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى قەتئىي، مەردانە ھالدا كۈچەيتىپ، دىن خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى

ئىشلىشى لازىم.

## 101. نېمە ئۈچۈن چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك؟

ئېلىمىزدىكى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەر ۋە رايونلاردىكى دىنىي تەشكىلاتلار، ئەربابلار بىلەن بولغان دوستانە بېرىش - كېلىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىمىزگە سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى كۈچەيتتى.

چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئاساسلىق شەكلى ئۈچ خىل بولماقتا: بىرىنچى، بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ ئىچكى قىسمىغا سىڭىپ كىرىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش؛ ئىككىنچى، تاشقى جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىچكى قىسىمدىكى قىسمەن خادىملىرىمىزدا ئۆزگىرىش بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەركەزدىن چەتلەش خاھىشىنى پەيدا قىلىش؛ ئۈچىنچى، زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغان تەرەپنى قوللاش ئارقىلىق ئىچكى زىددىيەتنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى ياكى زىددىيەت خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىچكى جەھەتتىن گۇمران قىلىش.

چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنىڭ شەكىللىرى خىلمۇ خىل بولۇپ، ئاساسلىقلىرى: دۆلىتىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇپ، ھاۋادىن سىڭىپ كىرىش؛ تۈغقان يوقلاش، ساياھەت قىلىش، سودا قىلىش، نۇتۇق سۆزلەش قاتارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، دىن تارقىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش؛ ئېلىمىزدىن تۇغقان يوقلاش، ساياھەت قىلىش، ئوقۇش، سودىگەرچىلىك قىلىش، ئىشلەمچىلىك قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن چېگرا سىرتىغا چىققان خادىملار ئارىسىدا دىن تارقىتىش؛ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا دۆلىتىمىزنىڭ دىن ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، يوشۇرۇن





كۈچ يېتىشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلىرىمىز بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى تالىشىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلىشىش؛ دىندىن پايدىلىنىپ ۋەتەننى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە باشقىلار. چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى ئېلىمىزنىڭ بەزى جايلىرىدا، بولۇپمۇ شىنجاڭ قاتارلىق چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ ئېلىمىزنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېلىمىزدىكى دىنلارنىڭ مۇستەقىل - ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا دىنىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇشىنىڭمۇ ئېھتىياجى. دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش دىن مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي مۇقىملىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بېرىپ تاقىلىدىغان سىياسىي مەسىلە. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ چېگرا سىرتىدىكى دىن ساھەسىدىكىلەر بىلەن بولغان دوستانە بېرىش - كېلىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى داۋاملىق قوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشىدىن يۇقىرى دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ توپ يولى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت. مەملىكەت ئىچىدىكى دىن مەسىلىلىرىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش سىڭىپ كىرىشكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئاساسى. دىنىي

ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلىشىمىز؛ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا ۋە دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا قارىتىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە، مۇستەقىل - ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا دىنىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش تەربىيىسىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇستەھكەم بازىسىنى قۇرۇشىمىز لازىم.

سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا، خەلقئارا دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن بولغان نورمال دوستانە بېرىش - كېلىش بىلەن سىڭىپ كىرىشنىڭ چەك - چېگراسىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك. چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىمىزگە سىڭىپ كىرىشى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ۋە سوتسىيالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىيەتچىل سىياسىي ھەرىكەت، شۇنداقلا ئېلىمىز چېگراسى ئىچىدە قانۇنسىز دىنىي تەشكىلات ۋە ھەرىكەت، تايانچ بازىسى قۇرىدىغان ئەكسىيەتچىل قىلمىش. بۇنداق سىڭىپ كىرىش ماھىيەتتە، دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ سىياسىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىش بولۇپ، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئېلىمىزگە قارىتا يولغا قويۇۋاتقان «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» ئىستراتېگىيىسى ۋە ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

**102. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىنىش شەكىللىرى قايسىلار؟**

1996 - يىلى، مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى يولىيورۇقىدا: «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي





ھەرىكەت» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى. بۇ ئىلمىي ھۆكۈم شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتى داۋامىدا دىندىن پايدىلىنىشنى تېزلەتتى، دىنىي ئەسەبىيلىكنى پەيدىنپەي ئۇلغايتتى، شۇنىڭ بىلەن قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر كۈندىن كۈنگە غالجىرلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا قارىتا ئېغىر تەھدىتكە ئايلاندى ۋە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى.

قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت دېگەن سۆز نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتىلغان. نورمال دىنىي پائالىيەت دېگەندە، دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىن مۇرىتلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە دىن توغرىسىدىكى نىزاملاردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئىچىدە ياكى دىنىي ئادەتلەر بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىسىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان دىنىي پائالىيەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، بۇتقا تاۋاپ قىلىش، قىرائەت قىلىش، كۈجە كۆيدۈرۈش، ناماز ئوقۇش، دۇئا قىلىش، روزا تۇتۇش، دىنىي بايراملارنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ دىنىي پائالىيەتلەر قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بولغاچقا، دۆلەت قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، ھەر قانداق ئورگانلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت دېگەندە، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملارغا خىلاپ كېلىدىغان دىنىي ھەرىكەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر دۆلەتنىڭ قانۇنىغا خىلاپ كېلىدىغان بولغاچقا، قوغدالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە قانۇن بويىچە قاتتىق چەكلىنىدۇ.

دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ قانۇنىيلىقى ۋە قانۇنسىزلىقىنى بېكىتىش ھەم سەزگۈر ھەم مۇرەككەپ مەسىلە، شۇنداقلا سىياسەتچانلىقى، قانۇن خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بىر تۈرلۈك خىزمەت. بۇ خىزمەتتە ھەم ئېھتىياتچان بولۇش، ھەم قاتتىق ئىلمىي ئاساستا ئىش قىلىدىغان پوزىتسىيە بولۇش لازىم. كونكرېت ئەمەلىيەت داۋامىدا، قانۇننى دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ قانۇنىيلىقى ياكى قانۇنسىزلىقىنى بېكىتىشنىڭ بىردىنبىر

ئاساسى قىلىش كېرەك، مەلۇم رەھبەرنىڭ پىكرى ياكى شەخسنىڭ ھېسسىياتىغا ئاساسەن يەكۈن چىقىرىشقا بولمايدۇ. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت بىلەن دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز ھەرىكەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتىن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدۇ، دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز ھەرىكەتنىڭ خاراكتېرى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتمۇ، دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ بولىدۇ، بۇ زىددىيەتنىڭ خاراكتېرى دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچىنىڭ يەتمەكچى بولغان مەقسىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، دىندىن پايدىلىنىپ ئاياللارنى ئاياغ ـ ئاستى قىلغان بولسا، ئاياللارنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىش جىنايىتى بولىدۇ؛ دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان بولسا، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى بولىدۇ ۋە باشقىلار. دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز ھەرىكەتنى كۆرگەن ھامان ھەرگىز ئۇ ھەقتە يەكگىللىك بىلەن يەكۈن چىقارماسلىق كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەت ئاسانلا ئارىلىشىپ كېتىپ، يامان ئادەملەر تېگىشلىك جازادىن قېچىپ كېتىدۇ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ زىتىغا تېگىپ قويۇلىدۇ. دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر قوللىنىپ ئادەتلەنگەن ھىيلە ـ نەيرەڭ ۋە ۋاسىتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ماھىيىتىنى يېپىپ، كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرۈۋالالمايدىغان قىلىپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ دامىغا چۈشۈرۈپ، دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قانۇنلۇق دىنىي ھەرىكەت قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدىغان قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ غەرىزى ئىنتايىن قەبىھ. بۇ ھال بىزدىن قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ چەك ـ چېگراسىنى بېكىتىشتە يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنى، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرگەن ھامان يەكگىللىك





بىلەن قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت دەپ بېكىتىۋەرمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ.

قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) باشقىلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا ئارىلىشىپ، باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا، دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىشقا ياكى قاتناشماسلىققا مەجبۇرلاش.

(2) ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتماستىن، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن دىنىي پائالىيەت سورۇنىنى يېڭىدىن سېلىش، كېڭەيتىپ سېلىش ياكى ئۆزگەرتىپ سېلىش.

(3) دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ چەت ئەل دىن تەشكىلاتلىرىنىڭ ياكى شەخسلەرنىڭ ئىئانىسىنى قوبۇل قىلىش، ئۇلاردىن پۇل ـ مال تەلەپ قىلىش.

(4) بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، مەكتەپ مائارىپى ۋە ئىجتىمائىي مائارىپ ئىشلىرىغا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەتلىرىگە ئارىلىشىش.

(5) بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ سىرتىدا كوللېكتىپ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش.

(6) ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزمەي، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن دىنىي مەكتەپلەرنى ئېچىش، ئۆز ئالدىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش.

(7) دىنىي كەسپىي خادىملار لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى بولماي تۇرۇپ دىنىي پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىش، رايون ئاتلاپ دىن تارقىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش.

(8) بىكار قىلىنغان فېئوداللىق دىنىي ئىمتىياز ۋە دىنىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش.

(9) تەستىقلاتماي تۇرۇپ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن دىنىي باسما بۇيۇملارنى ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىنى بېسىش، تارقىتىش، سېتىش.

(10) تەستىقلاتماي تۇرۇپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كوللېكتىپ دىنىي نامايىش ئۆتكۈزۈش.

### 103. نېمە ئۈچۈن ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە دىنىي ئىدىيىنى سىڭدۈرۈشكە بولمايدۇ؟

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1978 ـ يىلىلا: «يېشى 18 گە توشمىغان ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە دىنىي ئىدىيىنى سىڭدۈرۈشكە بولمايدۇ، بالىلارنى يېتەكلەپ، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلىگەن. 1982 ـ يىلى «ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى دىن مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر ۋە ئاساسىي سىياسەتلەر» دېگەن ھۆججەتتە، بۇ بەلگىلىمە يەنە بىر قېتىم تەكىتلىنىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «ھەرقانداق ئادەمنى، بولۇپمۇ يېشى 18 گە توشمىغان ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى مەجبۇرلاپ دىنغا ئېتىقاد قىلدۇرۇشقا، راھىب قىلىشقا ياكى ئىبادەتخانىلارغا ئاپىرىپ دىنىي كىتابلارنى ئوقۇتۇشقا مۇتلەق رۇخسەت قىلىنمايدۇ.» مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ [1983] 16 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدە يەنە بىر قېتىم مۇنداق دەپ تەكىتلەندى: «مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي تەشۋىق قىلىشقا، دىنىي ئىدىيىنى سىڭدۈرۈشكە بولمايدۇ». 1990 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى جاكارلىغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» دە: يېشى 18 گە توشمىغان ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە دىنىي ئىدىيىنى سىڭدۈرۈشكە بولمايدۇ، دەپ نىزام شەكلىدە بەلگىلەندى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا ھۆججەتلىرىدىمۇ بۇ بەلگىلىمە كۆپ قېتىم تەكىتلەندى. قۇرامىغا يەتمىگەن ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە دىنىي ئىدىيىنى سىڭدۈرگەنلىك باشقىلارنىڭ ئۇلارنى مەجبۇرلاپ دىنغا ئېتىقاد قىلدۇرغانلىقى بىلەن باراۋەر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق قىلىش قانۇنغا خىلاپ بولۇپ، ئۇنداق قىلىشقا يول قويۇشقا بولمايدۇ.

يېشى 18 دىن تۆۋەن بولغان ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە دىنىي ئىدىيىنى سىڭدۈرۈشكە يول قويماسلىق پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىكى بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. ياشلار، ئۆسمۈرلەر سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرى، ۋەتەننىڭ





كەلگۈسى ۋە ئۈمىدى بولۇش سۈپىتى بىلەن، زور تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى دۆلەتنىڭ ھايات ـ ماماتى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى ھالاك بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سوتسىيالىزم دەۋرىدە دۆلىتىمىزدىكى دىنلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىدا تۈپ ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىدېئالىزملىق دۇنيا قاراشتىن ئىبارەت تۈپ ئالاھىدىلىكىدە ئۆزگىرىش بولغىنى يوق، ئۇنىڭ پاسسىپلىق، مۇتەئەسسىپلىك رولى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ياشلار، ئۆسمۈرلەر مەدەنىيەت بىلىملىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە دۇنيا قاراشنى شەكىللەندۈرۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، شەخسىي ئىدىيىسى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن، ئۆزىنى قوغداش قابىلىيىتى نىسبەتەن ئاجىز، نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى تېخى كەم. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ۋە سىياسەتلىرىدە ئۇلار ئالاھىدە قوغدىلىدۇ، دىنىنىڭ مەكتەپ مائارىپىغا ئارىلىشىشىغا، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى مەجبۇرلاپ دىنغا ئېتىقاد قىلدۇرۇشقا، راھىب قىلىشقا ياكى ئىبادەتخانىلارغا ئاپىرىپ دىنىي كىتابلارنى ئوقۇتۇشقا يول قويۇلمايدۇ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ يېشى 18 دىن تۆۋەن بولغان ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە دىنىي ئىدىيىنى سىڭدۈرۈشىمۇ يول قويۇلمايدۇ. بۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى قوغداپ، ئۇلارنى دىنىي ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ۋە زىيىنىغا ئۇچراتماسلىق توغرىسىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ. يېشى 18 دىن تۆۋەن بولغان ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە دىنىي ئىدىيىنى سىڭدۈرۈشكە يول قويماسلىق دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مائارىپىنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. سوتسىيالىستىك مائارىپىنىڭ تۈپ مەقسىتى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئومۇميۈزلۈك يېتىشكەن سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. مائارىپنىڭ بۇ خاراكتېرى ئېلىمىز مائارىپىنىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە زامانىۋى پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى ئارقىلىق ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەپ ۋە قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنى توغرا، ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە

كىشىلىك تۇرمۇش قارشىنى تىكلەپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىي، ئىنتىزاملىق يېڭى كىشىلەردىن بولۇپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. دىن پەنگە قارشى بىر خىل ئىدىيىلىزملىق دۇنيا قاراش بولۇپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز. ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە دىنىي ئىدىيىنى سىڭدۈرۈش سوتسىيالىستىك مائارىپنىڭ تۈپ مەقسىتىگە خىلاپ كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا يول قويۇشقا بولمايدۇ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بەزى جايلاردا ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە زورلۇق بىلەن دىنىي ئىدىيىنى سىڭدۈرىدىغان، ئۇلارنى ئازدۇرۇپ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرىدىغان ھادىسىلەر كېلىپ چىقتى، ئايرىم جايلاردا ئەھۋال بىر قەدەر ئېغىر بولدى. دىنىي ئىدىيىسى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان بەزى ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە دىنىي بىلىملەرنى كۆپرەك بىلدۈرۈش ئۈچۈن، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپتىن چېكىندۈرۈپ دىنىي كىتابلارنى ئوقۇتقان. بەزى ئاخۇنلار دىنىي ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز ئالدىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ دىن ئوقۇتقان. بەزى جايلار ئاخۇننى مەكتەپكە چىللاپ كېلىپ قىرائەت قىلدۇرۇپ، ناماز ئوقۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا «دىننى ئوقۇمىغاندا، ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرگىلى بولمايدۇ» دەپ تەشۋىق قىلدۇرغان. بەزى ئەسەبىي دىنىي ئۇنسۇرلار بولسا، دىندىن پايدىلىنىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ياش ـ ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ: «بىز دىن ئۈچۈن جەڭ قىلىشىمىز كېرەك، خەنزۇلار سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلسۇن» دېگەن ھەمدە قىزىل گالىستۇكنى ھاقارەتلەپ «ئادەمنى دوزاخقا سۆرەپ بارىدىغان ئارغامچا» دېگەن، نەتىجىدە بەزى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قىزىل گالىستۇك بىلەن خەنزۇ تىلى دەرسلىكىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان، بەزىلىرى بولسا زەھەرلىنىپ مىللىي بۆلگۈنچى ياكى ئەسەبىي دىنىي ئۇنسۇرلارغا ئايلانغان.

قۇرامىغا يەتمىگەن ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە دىنىي ئىدىيىنى سىڭدۈرۈشنىڭ سەۋەبلىرى بىرقەدەر مۇرەككەپ، لېكىن ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەككى، مەيلى قانداق سەۋەب بىلەن بولغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،





بۇنداق ھادىسىلەرنى قەتئىي توسۇش كېرەك. ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش لازىم. ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسىگە ياتىدىغانلىرىغا قاتتىق تەنقىدىي تەربىيە بېرىش، سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەش كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە ئەسەبىي دىنىي ئۇنسۇرلارنىڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە دىنىي ئىدىيىنى زورلاپ سىڭدۈرۈشى ئۇلارنىڭ بىز بىلەن ياش ـ ئۆسمۈر ئەۋلادلارنى تالىشىشى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى قەتئىي ئېچىپ تاشلاش ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك.

## 104. نېمە ئۈچۈن دىنىنىڭ دۆلەت مەمۇرىيىتىگە، ئەدلىيىگە ۋە مائارىپقا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ؟

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز ماركسىزملىق دىن نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، ئېلىمىزدىكى دىنلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، سىياسىي بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش پرىنسىپىنى يولغا قويدى. سىياسىي بىلەن دىننى ئارتۇۋېتىش دېگەندە، دىن بىلەن سىياسەتنى ئايرىۋېتىش، دىن بىلەن مائارىپنى ئايرىۋېتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

دىن بىلەن سىياسىينى ئايرىۋېتىش بىلەن دىن بىلەن سىياسىينى بىرلەشتۈرۈش قارىمۇ قارشى بولۇپ، ھەر ئىككىسىدە دۆلەت بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى سۆزلىنىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردە، نۇرغۇن دۆلەتلەردە سىياسىي بىلەن دىننى بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، يەنى دىن بىلەن دۆلەت، دىن بىلەن مەكتەپ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، دىن دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەدلىيە، مائارىپ ئىشلىرىغا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا قاتنىشىش ھەمدە ئارىلىشىش ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن قىلىنغان. چىڭ خاندانلىقى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە «سىياسىي بىلەن دىننى بىرلەشتۈرۈش» تۈزۈمى مەۋجۇت بولغان. خوجىلار فېئودال ياتچىلارنىڭ ۋەكىلى ۋە دىنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ھوقۇقلارنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرگەن كاتتىۋاشلار بولۇپ سىياسىي ھوقۇق، دىنىي ھوقۇق، قانۇن، تۈرمە، ساقچىنى تىزگىنلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، مەسچىت ئىگىلىكى (ۋەخپىي) فېئودال ياتچىلىق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي

قىسمى ئىدى. مائارىپ جەھەتتە، دىنىي مەكتەپلەر مائارىپنى پۈتۈنلەي مونوپول قىلاتتى. بۇنداق ھالەت كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى ۋە ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى قوبۇل قىلىدىغان مائارىپ ھوقۇقىنى بوغۇش بىلەنلا قالماستىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئېغىر توسالغۇ بولغان ئىدى. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، سىياسىي بىلەن دىنىي بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېقىمىغا خىلاپ كېلىدىغان، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل سىياسىي تۈزۈم. ئازادلىقتىن كېيىن، دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە دىنىي تۈزۈم ئىسلاھاتى ئارقىلىق، سىياسىي بىلەن دىنىي بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمى، شۇنىڭدەك، دىنىي فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە دىنىي ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈملىرى بىكار قىلىنىپ، كىشىلەر دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقى ۋە پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئېلىش ھوقۇقىدىن ھەقىقىي بەھرىمەن بولدى.

سىياسىي بىلەن دىنىي ئايرىۋېتىش پرىنسىپىنى يولغا قويۇشنى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزملىق خاراكتېرى بەلگىلىگەن. دۆلىتىمىز پرولېتارىيات پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت، ماركسىزمنىڭ دىن مەسىلىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى بويىچە دۆلىتىمىزدە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ۋە سىياسىي بىلەن دىنىي ئايرىۋېتىش پرىنسىپى يولغا قويۇلۇپ، دىن بىلەن دۆلەت ھاكىمىيىتى ئايرىۋېتىلىپ، دىن پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي ئىشىغا ئايلاندۇرۇلدى.

سىياسىي بىلەن دىنىي ئايرىۋېتىش پرىنسىپى بويىچە، دىن دۆلەت ھاكىمىيىتىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشى كېرەك. دۆلەت ھاكىمىيىتىگە دىنىي كۈچلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. دۆلەتنىڭ سىياسەت، قانۇنلىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە ئەدلىيە تارماقلىرى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويىدۇ، ھەر قانداق دىنىي تەشكىلات ياكى دىنىي كەسپىي خادىملارنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ. دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلارنى دىنىي تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ نىزامنامىلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلىدۇ، دۆلەت ئۇنىڭغا ئارىلاشمايدۇ. دۆلەت قانۇن بويىچە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ھەقىقىي





كاپالەتلەندۈرىدۇ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. ھەرقانداق دىنىنىڭ ئاساسىي قانۇندىن ۋە قانۇنلاردىن ھالقىپ كېتىدىغان ئالاھىدە ھوقۇقى يوق، ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە ۋە مائارىپ قاتارلىق دۆلەت فۇنكسىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ. دىنىي جەھەتتىكى دۆلەت مەنپەئەتىگە ۋە جامائەت مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان ئىشلارنى ۋە پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە سىياسىي بىلەن دىنىي ئايرىۋېتىشنى باھانە قىلىپ، دۆلەتنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىدىن ۋاز كېچىشكە ياكى ئۇنىڭدىن ئايرىلىشىغا بولمايدۇ. بىكار قىلىنغان فېئوداللىق دىنىي ئىمتىياز ۋە دىنىي ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇتلەق رۇخسەت قىلىنمايدۇ. دىندىن پايدىلىنىپ پارتىيە رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشقا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا مۇتلەق رۇخسەت قىلىنمايدۇ. دىندىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە، باشقا پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا مۇتلەق رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

دىن بىلەن مائارىپنى پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىش سىياسىي بىلەن دىنىي ئايرىۋېتىشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تەلىپى، ئۇنى دۆلىتىمىز مائارىپىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن، دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى سوتسىيالىزم خاراكتېرىدىكى ئىش، مەكتەپلەر سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان جاي، ئۇنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ئىدېئالىزملىق دىنىي ئىدىيە بولماستىن، بەلكى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدىنلا ئىبارەت بولۇشى كېرەك. مەكتەپ مائارىپى ۋە ئىجتىمائىي جامائەت مائارىپىنىڭ ھوقۇقى دۆلەتكە مەنسۇپ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا دىنىنىڭ قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىشقا بولمايدۇ، دىنىنىڭ ئارىلىشىشىغا تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ، ئەلۋەتتە بەزى جايلاردا يۈز بەرگەن دىن مائارىپقا ئارىلاشقان ئەھۋالنى قەتئىي توسۇش كېرەك.

**105. نېمە ئۈچۈن ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش ئەنئەنىسى تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك؟**

ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش ئېلىمىزدىكى دىن مۇرىتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دىن مۇرىتلىرى بۇ ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىككە، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشىدە تىللاردا داستان بولغۇدەك شانلىق سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

18 ـ ۋە 19 ـ ئەسىرلەردە، شىنجاڭدىكى دىنىي فېئودال خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى «غازات» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ۋەتەننى پارچىلاش يولىدا كۆپ قېتىم توپىلاڭ قوزغىدى. ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسى خوجىلارنىڭ «ئەۋلىيالارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى» دېگەن سالاھىيىتى ۋە دىنىي تونىغا قايمۇقماي، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ توپىلىڭىغا قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى، چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ، توپىلاڭنى قايتا ـ قايتا تىنجىتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى. ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، ھەرمىللەت دىن مۇرىتلىرى ئاممىسى ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۈشمەنگە بىر دەك غەزەپلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە چىڭ خاندانلىقى ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ تاجاۋۇزچىلارغا زەربە بېرىپ، ۋەتەن زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغدىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، مۇسۇلمانلار ئاممىسى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن قول تۇتۇشۇپ، مۇھەممەت ئىمىن ۋە سابىت داموللا خوتەندە، قەشقەردە قۇرغان ئىككى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنى بىر يولىلا گۇمران قىلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، ۋەتىنىمىز ئاپەتكە يولۇققان چاغدا، شىنجاڭ گەرچە ئارقا سەپتە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھەر مىللەت دىن مۇرىتلىرىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش قىزغىنلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولدى. ئۇلار ھەر خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ باردى ھەمدە ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە مەبلەغ توپلاپ، 10 دانە ئايروپىلان سېتىۋېلىپ، نۇرغۇن





پۇل ۋە مال ئىئانە قىلىپ، سەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونىغا ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىپ بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا كۈچلۈك ياردەم بەردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىسى ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش ئەنئەنىسىنى ساقلاپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كۈرەشلىرى داۋامىدا، يېڭى تۆھپىلەرنى قوشتى.

ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش دىن مۇرىتلىرىنىڭ دۆلەت بىلەن دىننىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان توغرا تونۇشىنى، دۆلەت مەنپەئىتى ھەممىدىن ئەلا دەيدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە مۇسۇلمانلار يازغان بىر شېئىردىكى «مەن سۆيىمەن ئۆز دىنىمنى، تېخىمۇ سۆيىمەن ئۆز ۋەتىنىمنى، ۋەتەن مۇنقەرز بولسا، دىن مەۋجۇت بولالامدۇ؟» دېگەن مىسرالار بۇنداق تونۇش ۋە روھنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن دىننى سۆيۈش قارىمۇ قارشى ئەمەس، ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولىدۇ، ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن دىننى سۆيۈشتە ۋەتەننى سۆيۈش بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دىننىڭ مۇرىتى بولغانلار ھەقلىق ھالدا ئۆز دىنىنى قىزغىن سۆيۈشى كېرەك. لېكىن ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ۋەتىنىنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيۈشى كېرەك. دىن بىر خىل ئېتىقاد بولۇپ، پۇقرا شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي ئىشى. ئەمما دۆلەتنىڭ ئىشى بولسا ئومۇمنىڭ ئىشى، پۈتۈن مىللەتنىڭ چوڭ ئىشى، مەيلى قايسى نۇقتىدىن ئېيتقاندا بولسۇن، دۆلەت ھەر بىر شەخس ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئادەم دىنغا ئېتىقاد قىلمىسا بولىدۇ، ئەمما ۋەتەنسىز بولسا بولمايدۇ، ئادەم ئوخشاش بولمىغان دىنلارنى تاللىشى مۇمكىن، لېكىن ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ۋەتەننى تاللىغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن ۋەتەنپەرۋەر بولۇشى كېرەك، دىننىڭ ئەقىدىلىرىمۇ دىن مۇرىتلىرىدىن ئۆز ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋەتەننى سۆيۈش كوممۇنىستلار بىلەن دىن مۇرىتلىرىنىڭ بىرلىشىشى، ھەمكارلىشىشىنىڭ سىياسىي ئاساسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىلارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىدىن ئېيتقاندىمۇ، دىن مۇرىتلىرى ۋەتەنپەرۋەرلەردىن بولۇشى كېرەك. بىر كىشى قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولىدۇ. دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولغانلار قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇقلاردىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە قانۇندا بەلگىلەنگەن ھەر خىل مەجبۇرىيەتلەرنىمۇ ئادا قىلىشى كېرەك. ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ھەر بىر جۇڭگو پۇقراسىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي مەجبۇرىيىتى، ۋەتەننى سۆيۈش بىر خىل ئالىيجاناب روھ بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇن دىنلارمۇ ئۆز مۇرىتلىرىدىن ئۆز ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋەتەننى سۆيۈش ياخشى بىر دىن مۇرىتى بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ۋەتىنىنى سۆيمەيدىغان ئادەمنىڭ ئۆز دىنىنى ھەقىقىي سۆيۈشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئۆز دىنىنى ھەقىقەتەن قىزغىن سۆيىدىغان ئادەم ئالدى بىلەن ۋەتىنىنى سۆيگۈچى بولۇشى كېرەك.

رېئال تۇرمۇشتا، بەزىلەر دىن بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئورۇنغا قويالمايدۇ، ئۇلار دىنىي مەنپەئەتنى دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، دىنىي دۆلەتتىن مۇھىم دەپ قارايدۇ. بەزىلەرنىڭ دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى تونۇۋالالماسلىقى، ھەتتا دامىغا چۈشۈپ ئالدىنىپ قېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەب ئەنە شۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، دىن مۇرىتلىرىغا قارىتا ۋەتەننى، دىنىي سۆيۈش ئەنئەنىسى توغرىسىدا تەربىيە بېرىش ئىنتايىن مۇھىم.

## 106. نېمە ئۈچۈن دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش كېرەك؟

باش شۇجى جياڭ زېمىن ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى دىن مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا بولسۇن ياكى دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە بولسۇن، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىششقا يېتەكلەش مەقسەت





قىلىنىدۇ. دىن بىر خىل تارىخىي ھادىسە بولۇپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر دىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلاشمايدىغان بولسا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىششقا پائال يېتەكلەش ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى. سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش. «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش كېرەك. بۇ ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جەمئىيەتنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىملىقىنى، جۈملىدىن دىن ساھەسىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا يەنە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش لازىم.

ھازىرقى باسقۇچتا دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇنلىششقا پائال يېتەكلەشنى تەكىتلەشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، نۆۋەتتە، دىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇنلىشىش شەرتى ئاستىدا، ئۇيغۇنلاشمايدىغان بەزى مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بىر تەرەپتىن، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش جەھەتتە، يەنە ئاجىز ھالقىلار مەۋجۇت. بەزىلەر پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تازا ئېنىق چۈشىنەلمەي ۋە ئىگىلىيەلمەيۋاتىدۇ، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان ھادىسىلەر ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى جايلاردا دىن ساھەسىدىكى بەزى كىشىلەر دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن قانۇن بويىچە شۇغۇللانماي، ئاساسىي قانۇن، قانۇن - نىزام ۋە سىياسەتتە يول قويۇلىدىغان دائىرىدىن ھالقىپ كېتىدىغان قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى ھەمىشە پەيدا قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرى خېلى ئېغىر بولۇۋاتىدۇ.

مەسىلەن، بەزى جايلاردا دىن مەمۇرىيەتكە، ئەدلىيىگە، مەكتەپ مائارىپىغا ۋە ئىجتىمائىي مائارىپقا، نىكاھ ۋە پىلانلىق تۇغۇتقا ئارىلىشىدىغان ھادىسىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر مەسىلە باركى، مەملىكەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىمىزگە ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشنى ئىزچىل تۈردە تېزلىتىۋاتىدۇ. چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، دىندىن پايدىلىنىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش يولىدىكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى ۋە باشقا جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە خىلاپ. دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەشتىكى مەقسەت دىن بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا پايدا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. بۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭمۇ ئورتاق تەلىپى.

ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدا، دىنلارنىڭ ئەھۋالىدا تۈپ ئۆزگىرىش بولدى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئامما ئوتتۇرىسىدا تۈپ پايدا - زىيان توقۇنۇشى مەۋجۇت ئەمەس، ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى تۈپ مەنپەئىتى پۈتۈنلەي بىردەك. ھەر مىللەت ئاممىسى تۇرمۇش جەھەتتە باغانىسىرى باياشات بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ھەقىقىي مىللىي باراۋەرلىك ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولماقتا. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق سىياسىي ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈم توغرىسىدا يېڭى تونۇشلارغا ئىگە بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى دىننىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشى كۈچلۈك سىياسىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

نۆۋەتتە، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش





جەھەتتە يەنە بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بەزىلەر دىن بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى قارىمۇ قارشى دېگەن خاتا تونۇشتا بولۇپ، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىگە ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى تۇتۇۋاتىدۇ، ھەتتا مەمۇرىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ دىننى باسماقچى بولۇۋاتىدۇ. دىن ساھەسىدىكى بەزى زاتلار دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ مەنىسىنى بىلمىگەچكە، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى تەكىتلىگەندە، كىشىلەرنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىغا يول قويۇلمايدىغان بولسا كېرەك، دەپ خاتا تونۇۋېلىپ، بۇ مەسىلىگە گۇمانلىق ۋە پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇۋاتىدۇ. بۇ خاتا تونۇشلار دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەشكە پايدىسىز.

دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلارنى ياخشى قىلىش لازىم:

بىرىنچىدىن، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى «دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى» گىلا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش دەپ، ياكى «دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى» نىلا قوغداش دەپ خاتا چۈشىنىشكە مۇتلەق بولمايدۇ. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى «دىن ئەركىنلىكى» دەپ ئۆزگەرتىپ، دىنىي پائالىيەتلەر قانۇن ۋە سىياسەتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىسىمۇ، نېمىنى قىلىشنى خالىسا شۇنى قىلسا بولىدۇ، دەپ قاراشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

ئىككىنچى، دىن ئىشلىرىغا بولغان قانۇنىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى، بولۇپمۇ دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي ئاشكارىلاش ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي زەربە بېرىش لازىم.

ئۆچۈنچىدىن، دىنىي ساھەدىكىلەرگە ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى كەڭ، چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى پۇختا سىياسىي ۋە ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە قىلىش لازىم.

دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەشكە قويۇلىدىغان ئەڭ ئاساسىي تەلەپ ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش شەرتى ئاستىدا، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇن - نىزاملىرى ۋە سىياسەتلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىكى مەقسەت دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا پائال ئاتلاندۇرۇپ، دىن مۇرىتلىرىنى مۇقىم بولغان ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.





# ئاخىرقى سۆز

بۇ كىتابنى تۈزۈشتە، كەڭ ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ھەققىدە ئىجابىي جەھەتتىن تەربىيە بېرىپ، پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن نەزەرىيىسى ۋە سىياسەتلىرىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭدىكى مىللەت ۋە دىنغا دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، كادىرلار ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە گاڭگىراپ قېلىۋاتقان شىنجاڭدىكى مىللەت ۋە دىنغا دائىر مەسىلىلەرگە ئىلمىي جاۋاب بېرىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ مىللەت، دىن نەزەرىيىسى، سىياسەتلىرى ۋە ئاساسىي بىلىملىرى جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسەتلىرىنى ئاڭلىق ئىجرا قىلىش قابىلىيىتى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئاساسىي مەقسەت قىلىندى.

بۇ كىتابنىڭ ئىلمىيلىكى، نوپۇزلۇقلۇقى، بىلىملىكى ۋە ئومۇملاشتۇرۇشچانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خەنزۇچە ئورىگىنالىنى تەييارلاشقا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى تەتقىقاتچىلاردىن لى شياۋشيا، تيەن ۋېيجياڭ، ما پىنيەنلەرنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دۇەن تۈڭخۇا، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەتقىقاتچى، پروفېسسورلار ھەم رەھبەرلەردىن مياۋ پۇشېڭ، چى چىڭشۇن، ۋۇفۇخۇەن، جياڭ يۇڭ قاتارلىقلار خەنزۇچە ئورىگىنالىنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە تۈزىتىشكە قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇدۇنفۇ پۈتۈن كىتابنىڭ ئورىگىنالىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى ۋە كىتابقا كىرىش سۆز يېزىپ بەردى. بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى خەنزۇچە نەشرى بويىچە تەرجىمە ئاساسىدا تۈزۈپ چىقىلدى. تۈزۈشكە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم

审　　定：托乎提·肉孜
吐尔逊·阿布都拉
责任编辑：阿迪力江·阿布都拉
责任校对：阿达来提·亚合甫
封面设计：邢晓梅



رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك پروفېسسور، ئالىي تەرجىمانلاردىن تۇرنان قاسىم، قادىر داۋۇت، ھەبىبە سوپى، مەھەممەت ھەسەن، ئەخەت تۇنىياز، مۇسا روزى، ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىقلار تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى توختى روزى كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ پۈتۈن ئورگىنالىنى ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى بۇ كىتابنى نەشر قىلىشتا نۇرغۇن جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بىز يۇقىرىقى يولداشلار ۋە ئورۇنلارغا ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

تۈزگۈچىدىن

2002 ـ يىل 6 ـ ئاي

**图书在版编目(CIP)数据**

新疆民族与宗教知识百题/新疆维吾尔自治区党委宣传部编. 一乌鲁木齐：新疆大学出版社，2002.6

ISBN 7—5631—1561—7

Ⅰ.新… Ⅱ.新… Ⅲ.①民族政策—基本知识—中国②宗教—基本知识 Ⅳ.①D633.0②B92

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2002)第 031602 号

新疆民族与宗教知识百题

**新疆维吾尔自治区党委宣传部　编**

---

新疆大学出版社出版发行

(乌鲁木齐市胜利路 14 号，邮政编码 830046)

邮购电话(0991)8582182　传真(0991)8580847

新疆新华印刷厂印刷

850×1168 毫米 32 开本　9.875 印张

2002 年 6 月第 1 版　2002 年 7 月第 3 次印刷

印数：45 001 ～ 65 000 册

---

ISBN 7—5631—1561—7/G・934

定价：12.00 元